سۆيۈنگۈل چانىشېۋ

# ماناس بويىدا تۇتقۇن

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

سۆيۈنگۈل چانىشېۋ

# ماناس بويىدا تۇتقۇن

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
2012 — يىل 5 — ئاي ئىستانبۇل

Avrasya araştırma eğitim ve sosyal hizmet vakfı
Yenı doğan Mh 50/3 Sok No: 11/2
Zeytinburnu -_ İstanbul



سالىخ ۋەلىيېۋ ئەفەندىنىڭ (ئەڭ ئارقىدا ئۆرە تۇرغان قارا كاستوملىق ئادەم) قاراشەھەر سودا شىركىتىنى قۇرۇپ چىققاندىن كېيىن يۇڭ سورتلىغۇچى ئىشچىلار بىلەن بىرلىكتە چۈشكەن رەسىمى.





سالىخ ۋەلىيېۋ ئەفەندى (ئوڭدىكى ھەم سولدىكى رەسىملەردە سولدىن بىرىنچى ئادەم) قاراشەھەر ھەم قەشقەر سودا شىركىتىنى قۇرغان ۋاقىتتا بىللە ئىشلىگەن خىزمەتداشلىرى بىلەن بىللە.



ئەخمەت نەجيب سافين قىزى فاتىمە ۋەلىيېۋ خانىمنىڭ قىز ۋاقتى، ئۈرۈمچى



ئىبراھىم ئوغلى سالىخ ۋەلىيېفنىڭ ئوٰروٰمچى تۇسەن گۇڭسىدا (سودا شىركىتى) بوغالتىر بولۇپ ئىشلىگەن ۋاقتى.




ئوٰروٰمچىدە قۇرۇلغان ئۆلكىلىك تۇسەن گۇڭسىنىڭ (سودا شىركىتى) بوغالتىرلىرى ئىش ئوٰستىدە. ئوڭدىن بىرىنچى ئىبراھىم ئوغلى زەكى ۋەلىيېف ئەفەندى، سولدىن بىرىنچى ئىبراھىم ئوغلى سالىخ ۋەلىيېف ئەفەندى. ئوٰروٰمچى.



سالىخ ۋەلىيېف قىزى سۆيۈنگۈل چانىشىېف خانىم نەنسەن يايلاقلىرىدا. 1990 -يىلدىن بىر خاتىرە.



تۇرپان شەھىرىدىكى ئىمىن ۋاڭ مۇنارى.





ئوڭدىكى رەسىمدە: ئەخمەت نەجىب سافىن قىزى فاتىمە ۋەلىيېۋ خانىمنىڭ (ئۆرە تۇرغان ـ1 رەت، ئوڭدىن 3 - كىشى) تاتارىستاننىڭ كۆكمارا رايونى، ئارپاياز ئاۋۇلىغا قايتقان ۋاقتىدا كۆكمارا رايونىنىڭ ئورۇنباسار رەئىسى ئابدۇللاھ قىزى راۋىيە كەرىمىللىنا خانىم (ئۆرە تۇرغان ئوڭدىن 4 - كىشى قولىدا چەك - چەك تۇتقان)، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن قارشى ئېلىپ چىققان ۋاقتىدىن خاتىرە. 1997 - يىلى، تاتارىستان.
سولدىكى رەسىمدە: تاتارىستاننىڭ كۆكمارا رايونى، ئارپاياز ئاۋۇلىنىڭ مەسجىدىنىڭ ئالدىدا. ئۆرە تۇرغان ـ1 رەتتە، ئوڭدىن 2 - كىشى كۆكمارا رايونىنىڭ ئورۇنباسار رەئىسى راۋىيە كەرىمىللىنا خانىم، ـ3 كىشى فاتىمە ۋەلىيېۋ خانىم. 1997 - يىل، تاتارىستان.





ئوڭدىكى رەسىمدە: تاتارىستاننىڭ پرىزدېنتى ھۆرمەتلىك مىنتىيمىر شەيمىيېۋ ئەفەندى ئەخمەت نەجىب سافىين قىزى فاتىمە ۋەلىيېۋ خانىم بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. 1997 - يىل، تاتارىستان.

سولدىكى رەسىمدە: تاتارىستاننىڭ پرىزدېنتى ھۆرمەتلىك مىنتىيمىر شەيمىيېۋ ئەفەندى سالىخ قىزى سۆيۈنگۈل چانىشېۋ خانىم بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. 1997 - يىل، تاتارىستان.



ئوڭدىن تاتارىستان پرىزدېنت ياردەمچىسى دامىر ئەفەندى، شۆھرەت ۋەلىيېۋ ئەفەندى، سۆيۈنگۈل چانىشېۋ خانىم، دىلارە ۋەلىيېۋ خانىم، فاتىمە ۋەلىيېۋ خانىم، ئازات چانىشېۋ ئەفەندى، تاتارىستاننىڭ پرىزدېنتى ھۆرمەتلىك مىنتىيمىر شەيمىيېۋ ئەفەندى، تاتار - باشقۇرت جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى زىيا ماسكى ئەفەندى، غەيشە ماسكى خانىم، مۇشەررەف ۋەلىيېۋ خانىم، ئېرىك گارىيېۋ ئەفەندى 1997 ـ يىل ئاۋغۇست، قازان، تاتارىستان.



فاتىمە ۋەلىيېۋ خانىم (ئالدىنقى رەت ئوڭدىن 2- ئادەم) قىزلىرى (ئالدىنقى رەت ئوڭدىن 1- ئادەم چوڭ قىزى ھەم كىتابنىڭ ئاپتورى سۆيۇنگۇل چانىشېۋ خانىم)، كىيوغۇللىرى ھەم نەۋرىلىرى بىلەن بىللە تاتارىستاننىڭ پايتەختى قازان شەھىرىدىكى مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە «سۆيۇمبىكە مىنارە» سىنىڭ ئالدىدا.





يازغۇچى سۆيۇنگۇل چانىشېۋ خانىم ئائىلىسى بىلەن ئاۋسترالىيەدە

ئوڭدىكى رەسىمدە: ئالدىدا ئولتۇرغان ئانىسى فاتىمە ۋەلىيېۋ خانىم، ئۆرە تۇرغان سولدىن 1 - سۆيۇنگۇل چانىشېۋ خانىم، 2 - ئوغلى ئازات چانىشېۋ، 3- قېيناكىسى رەفىق چانىشېۋ ئەفەندى، 4- قىزى كافىيە چانىشېۋ، 5- يولدىشى لاتىپ چانىشېۋ ئەفەندى.
سولدىكى رەسىمدە: سۆيۇنگۇل خانىم بىلەن لاتىپ ئەفەندى باللىرى ئازات بىلەن كافىيە
1986 - يىلى، ئادېلايدى، ئاۋسترالىيە.



يازغۇچى سۆيۈنگۈل چانىشېۋ خانىم ئائىلىسى، ئاتا -ئانىسى ھەم ئىنى - سىڭىللىرى بىلەن ئاۋستىرالىيەدە.

ئالدىدا ئولتۇرغان ئانىسى فاتىمە ۋەلىيېۋ خانىم بىلەن دادىسى سالىخ ۋەلىيېۋ ئەفەندى، ئۇلارنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرغان قىزى كافىيە بىلەن ئوغلى ئازات. ئارقىدىكى رەت سولدىن 1- ئىنىسى سادىق ئەفەندى، 2- سۆيۈنگۈل چانىشېۋ خانىم، 3- يولدىشى لاتىپ چانىشېۋ ئەفەندى، 4- سىڭلىسى فىردەۋس، 5- سىڭلىسى غەيشە، 6- سىڭلىسى مۇشەررەپ، 7- سىڭلىسى سافىيە.



ئىبراھىم ۋەلىيېۋ ھەم ئەخمەت نەجىب سافىن ئەفەندىلەرنىڭ 100 يىلدىن كېيىن تاتارىستاننىڭ پايتەختى قازان شەھىرىگە بىرىنچى قەدەم قويغان نەۋرىسى مۇشەررەپ (ئالدىن ئىككىنچى رەتتە ئولتۇرغان سولدىن 3-ئادەم)، چەۋرىسى ئازات چانىشېۋ (ئەڭ ئارقىدا ئۆرە تۇرغان ئوڭدىن 2- كىشى) ھەم چەۋرىسى شۆھرەت ۋەلىيېۋ (ئەڭ ئارقىدا ئۆرە تۇرغان ئوڭدىن 4- كىشى) سۈيۈمبىكە جىرنالىنىڭ بىناسىدا تاتار ياشلىرى بىلەن بىللە. 1990 - يىل، قازان.



تاتارىستاننىڭ كۆكمارا رايوننىڭ قارشى ئېلىش گۇرۇپپىسى ئەخمەت نەجىب سافىن ئەفەندىنىڭ نەۋرە ـ چەۋرىلىرىنى تاتار خەلقىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بىلەن ئون كىلومېتىرلىق يەرگە ئالدىغا چىقىپ ھۆرمەت بىلەن قىزغىن قارشى ئالدى. 2008 - يىلى، تاتارىستان.



ئىبىراھىم ۋەلىيېۋ ھەم ئەخمەت نەجىب سافىن ئەفەندىلەرنىڭ نەۋرە - چەۋرىلىرى تاتارلارنىڭ داڭلىق شائىرى ئابدۇللاھ توقاينىڭ مۇزېيىنىڭ ئالدىدىكى ھەيكىلى بىلەن بىللە 2008 - يىل، تاتارىستان.



ئىبراھىم ۋەلىيېۋ ھەم ئەخمەت نەجىب سافىن ئەفەندىلەرنىڭ نەۋرە - چەۋرىلىرى تاتارىستاننىڭ پىرىزدېنتى ھۆرمەتلىك مىنتىيمىر شەيمىيېۋ ئەفەندى (ئوتتۇرىدا ئۆرە تۇرغان ئادەم) بىلەن بىللە. 2008 - يىلى قازان، تاتارىستان.





ئوڭدىكى رەسىمدە: فاتىمە ۋەلىيېۋ خانىم كونا بۇلغار شەھىرىنى زىيارەت قىلدى. 1997 - يىلى، تاتارىستان.

سولدىكى رەسىمدە: سالىخ ئەفەندى بىلەن فاتىمە خانىم ۋەلىيېفلەر ئاۋسترالىيەنىڭ ئادېلايدى شەھىرىدە، 1984- يىل.

## مۇندەرىجە

بىزلەر تۈركىي بالاسى.......................................................17
بەدۆلەتنىڭ قىچىشى.........................................................19
بەدۆلەتنىڭ ئەسكىرى ئابدۇراخمان .......................................27
ئابدۇراخماننىڭ ساجىدەنى ئىلىپ قىچىشى ...............................30
ئابدۇراخماننىڭ ساجىدەنى مەزەيت ئاقسالغا ئاپىرىپ بىرىشى..... 33
ئەخمەت نەجىپ بىلەن ساجىدەنىڭ ئۇچرىششى.........................37
رابىيخەنىڭ ئۆلۈمى...........................................................39
مەزەيت ئاقساقالنىڭ قولغا ئىلىنىشى.......................................41
رابىيخەنىڭ ئائىلىسگە قايتىشى.............................................42
مەزەيت ئاقساقالنىڭ ۋاپاتى ..................................................44
ئەخمەت نەجىپ بىلەن ساجىدەنىڭ ئۆيلىنىشى ..........................48
ئانا - بالىنىڭ ئۇچرىششى ......................................................50
مەريەمنىڭ ۋاپاتى...............................................................53
ئورتاق خەنزۇ باللارنى سېتىشقا ئىلان چىقاردى........................55
ئۇكىلىرىنى ساجىدە سېتىۋېلىپ كەلدى.....................................59

مەكتەپ ھەققىدە كانتوردا سۆھبەت.......................................63
ئۈرۈمچى شەھەر ياڭخاڭ (غالىبىيەت يول) كوچىسىنىڭ تارىخى...66
ياڭخاڭ نوغاي (تاتار) مەسجىدىنىڭ سېلىنىشى.........................72
17 – يىلى ئۈرۈمچى شەھرىدە باللار ئارىسىدا ئىسكارلاش (تاماق ئاغرىق)نىڭ تارقىلىشى....................................................75
ئەخمەت نەجىپنىڭ سىڭلىسى مەرفۇغە....................................78
سوۋېتلەر سايوزىدىكى ئاچارچىلىق..........................................81
ئىسھاق باينىڭ ۋاپاتى...........................................................86
باتۇر، جاسارەتلىك رەيخەنەنىڭ قەھرىمانلىقى توغرىسىدا .........90
ئابدۇراخمان.........................................................................90
ئىبراھىمنىڭ ئوغلىنىڭ تويى ...............................................93
ئىبراھىمنىڭ ۋاپاتى ............................................................102
ئۈرۈمچىدە مائارىپنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە مەكتەپلەر.............104
مەنسۇرجان باي ئالتىنچى مەكتەپنى ئوقۇغۇچىلارغا ھەدىيە قىلدى.......111
خەلق سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى.............................................116
قوشۇمچە:..............................................................................118
شەرقىي تۈركىستاندىكى تاتارلارنىڭ قىسقىچە سەنئەت تارىخى......118
ياڭ جاڭ جوڭ سوۋېت كونسولى ئۆچۈن ئۈرۈمچىدىن يەر سېتىپ

بېرىشى ۋە ئالتايسكى سالداتلارنىڭ كىرىشى ........................123
تۇڭگان سوقۇشى ........................127
قانخور جاللات شىڭسىسەينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئېلىپ
بارغان زۇلمى ........................131
تاتارىستاندىن كەلگەن خەت ........................147
بوۋام ئەخمەت نەجىپنىڭ ۋاپاتى ........................155
تاتار مەكتەپ ........................159
كۆرگەزمە ........................162
گۈزەل يايلاق ۋاقتى مېنىڭ باللىق چاغلىرىم ........................167
شەرقىي تۈركىستانغا كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ كېلىشى ........................172
ئىككىنچى قىزلار ئوتتۇرا مەكتەپ ........................176
يەر ئىسلاھاتى ........................178
يولۋاس تۇتۇش ........................181
ستالىننىڭ ئۆلۈمى ........................189
رابىيە ئايۇپنىڭ ۋاپاتى ........................191
نەنسەن ........................197
دوستلار بىلەن سۆھبەت ........................209
تاتارىستانغا ساياھەت ........................242

بەلە بەيگە ساياھەت ........................................................ 250
ئىسترلى تاماقتىكى سۈننەت توي.............................................. 252
ئۇتتۇرا بالتايغا ساياھەت ........................................................ 255
بۇلغارغا ساياھەت ............................................................... 257

# بىزلەر تۈركىي بالاسى

دىنىي بىردە تىلى بىر، بىزلەر تۈركىي بالاسى،
بايلىقى مول، تاۋلى ئورمان دالاسى.
مەرىپەتتە – بىلىمدە ئۆرنەك بولۇپ،
دەۋران سۈرگەن سالتاناتلى ئورداسى.

كۆز يېشىندە يۇلدى شۇل توغراق،
چەچەك ئاتمىي، ئاغاشلار توكتى ياپراق.
ھەسرەتتە سارغايدى ئالسۇ يۈزلەر،
ئەركىنلىككە زار بولدى بىزنىڭ يۈرەك.

تارىم، ئىرتىش، ئىدىل – دوناي سۇلارى،
تۈركىلەرىم بىرلەش دىيىپ شاۋلاندى.
باتۇرلارنىڭ قانىنا شاھىت بىز دىيىپ،
تىيانشان، ئالتاي، ئورال – كافكاز تاۋلارى.

يەشىرسەدە تارىم قۇمى شەھىت قانىنى،
بۇزلاتىسدا سىبىر بۇزى باتىرجانىنى،
تاش زىنداندا قىينالغان ئۇل – قىزلارنىڭ،
تۆكمەدى دۈشمانىنا تۈركىي شانىن.

ئويان خالقىم، تۇر ئورنىڭدان باس ئاياققا،
بەختىڭ ئۈچۈن ئۈمىت ئارتما باشقا ياتقا.
مىللەت ئۈچۈن، دىن ئۈچۈن، تىلىڭ ئۈچۈن،
بابالارنىڭ ئىزىسەن ئاياق ئاتلا.

بىرلەش سىين، بىرلەش مىنىم باتىرخالقىم،
يۈرەكىتەگى ئۈچقۇنلاردان چىقسىن يالقىن،
دۇنيادا كۈچ بولا ئالماس بىزگە تىڭدەش –
بىرلەشكەندە تابار بىز مىللەت بەختىن.

سوفىيە ۋەلىيىۋا
2007 – يىلى 7 – ئاينىڭ 17 – كۈنى

## بەدۆلەتنىڭ قىچىشى

تۇرپـــان كوچىســـىنى ئـــات بىلەن چـــاڭ چىقىرىـــپ كېلىۋاتقان بەدۆلەتنىڭ ئەســـكەرلىرىنى كۆرگەن مەريـــەم بىلەن زەينەپ يولنىڭ چېتىگە ئـــاران چىقىپ ئۈلگۈردى. ئـــۇلار قىزلارنىڭ يېنىغا كەلگەندە توختاپ بۇ گۈزەللەرگە ھەيران بولغاندەك قارىشىپ قالدى.

مەريـــەم زىلۋا بويلۇق، ئاق تەنلىك، قەلـــەم قاش گىجىم چاچلىق بىـــر قىز ئىدى. ئۇنىڭ چولپاندەك قارا كۆزىنى ئۇزۇن قارا كىرپىكلىرى تېخىمۇ گـــۈزەل كۆرســـىتەتتى. چىرايلىـــق لەۋلىرى ئۇنىـــڭ يۈزىگە تەبەسســـۇم بېرىپ تۇراتتى. تېقىمىغا چۈشـــكەن گىجىم چېچى، بوي سىياقىغا ھۆسىن قوشاتتى. سول تەرەپ لىۋىدىكى قارا مېڭى، خۇددى قىزىلگۈل غۇنچىسىنىڭ ئۈستىدىكى شەبنەم تامچىسىدەك كىشلەرنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە تارتاتتى. كۆرگەن ئادەم ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە قاراپ «ئىنسانمۇ ياكى پەرىزاتلاردىنمۇ» دەپ بۇرۇلۇپ، يەنە قاراشقا مەجبۇر قالاتتى.

زەينەپمـــۇ ئاق - ســـېرىق، قوڭۇر چاچلىق، قـــوي كۆزلۈك ئۆزىگە خاس گۈزەللىكى بار قىز ئىدى. ئۇنىڭ ئۇششـــاق ئۆرۈلگەن چاچلىرى ۋە يېقىملىق بېقىشلىرى ئۇنىڭغا يارىشىپ تۇراتتى.

بۇ قىزلارنىڭ گۈزەللىكى ئۇلارنى ئىختىيارســـىز توختاتقان بولســـا كېرەك. قىزلارمۇ بۇلارنىڭ قاراشلىرىدىن قورقۇپ چىلەكلىرىنى چەتكە تارتىـــپ، نېمە قىلىشـــنى بىلمەي ھودۇقۇپ تۇرغانـــدا، ئاتلىقلارنىڭ بىرسى قىزلاردىن:

- كىم بولىسىلەر؟ ئېيتىڭلار، نېمە؟ كىمنىڭ قىزلىرى سىلەر.- دەپ سوراشقا باشلىدى.

قىزلار جاۋابلىرىنى بېرىپ، كېتىشكە ئالدىراپ چېلەكتىكى سۈلىرىنى كۆتۈرۈپ مېڭىپ كەتتى.

مەريــەم هويلىغا كىرىشـــى بىلەن ئانىســـى دىيلە فـــورۇز خانىم ئەنسىرىگەن هالدا:

ۋاي قىزىم نېمىشقا سۈغا چىقتىڭ؟ ئاكىلىرىڭ بارسا بولماسمىدى، هازىر ئەھۋال ياخشى ئەمەس، بەدۆلەتنىڭ ئەسكەرلىرى تۇتۇپ كەتسە قانداق قىلىمىز دەپ تۇرۇشىغا دەرۋازىنى داڭشىتىپ ئۇرۇپ بەدۆلەتنىڭ ئىككى ئەسكىرى كىرىپ كەلدى. بۇنى كۆرگەن دىيلەفورۇز خانىمنىڭ چىرايى تاتىرىپ تىترەشكە باشلىدى.

ۋاي ئۆلەي مانا كەلدى ئەمەســمۇ؟ دەپ ئۆزىگە ســۆزلەپ نېمە قىلىشنى بىلمەي ئۇلارغا قاراپ تۇرۇپ قالدى ۋە ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ ئۇلاردىن:

- نېمىگە كەلدىڭلار؟ دەپ سورىدى.

ئەسكەرنىڭ بىرسى:

خان سارايدىن قىزىڭىزنى چاقىرتقان ئىدى، بىز ئالغىلى كەلدۇق، - دېدى.

دىيلەفورۇز خانىم ئېتىلىپ بېرىپ قىزنى قۇچاقلىۋالدى.

ياق - ياق قىزىمنى بەرمەيمـــەن، «خانىڭغا» بېرىپ دېگىن، مەن قىزىمنـــى بېشـــىمنى كەســـسىمۇ بەرمەيمەن. ئۇ مېنىـــڭ جېنىم دەپ ۋارقىراپ يىغلاپ كەتتى.

ئۇلار بەرمەيمىز دېگىنىنگىمۇ قارىماستىن:

– بىزدە نېمە ئامال، ئەمرىگە بويسۇنۇپ ئىشلەيمىز. بۇيرۇق شۇ. قىزنىڭىزنى خان سارايغا ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم، - دەپ دىيلەفوروز خانىمنى ئىتتىرىپ تاشلاپ، مەريەمنىڭ قولىدىن تارتىپ ئېلىپ ماڭدى.

دىيلەفوروز خانىم جېنىم قىزىم، جېنىم بالام دەپ ۋارقىراپ يىغلاپ يىقىلىپ چۈشتى. ئۇلار مەريەمنى سۆرىگەن پېتى چېرقىرىتىپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

مەريەم ئون ئىككى ئوغۇلنىڭ ئىچىدە بىر قىز ئىدى. مەريەمنىڭ تەبىئىتى گۈزەل، خۇش خۇي، خۇش – چاقچاق ھەممە ئادەملەرنى كۈلدۈرۈپ يۈرىدىغان تەربىيەلىك قىز ئىدى. ئون ئىككى ئوغۇل ئىشىكتىن «گۈل مەريەم»، «مەريەم قىز»، «گۈلۈم» دەپ كىرەتتى ۋە ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ تاپقان نەرسىلىرىنى، يوق دېگەندە بىر تال گۈل بولسىمۇ كۆتۈرۈپ كېلەتتى. مەريەممۇ چاققان، ئىشچان، ئائىلىنىڭ گۈلى ئىدى.

مەريەمنىڭ دادىسى دىنا بوۋاي دەرۋازىدىن كىرىشى بىلەن ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا دىيلەفوروز خانىمنىڭ پەرىشان ھالدا يىغلاپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ، بىر يامان ئەھۋالنىڭ يۈز بەرگىنىنى سەزدى.

- نېمە بولدى ئايىسى؟ نېمىشقا يىغلايسەن؟ - دەپ ئالدىراپ ئالدىغا باردى.

قىزنىڭ خان سارايغا ئېلىپ كەتكىنىنى ئاڭلاپ دىنا بوۋاي غەزىپىدىن يولۋاستەك ئېتىلىپ خان سارايغا قاراپ چېپىپ كەتتى.

دىنــا بوۋاينىــڭ ئۆلۈمدىنمــۇ قورقماي غەزەپ بىلــەن ۋارقىراپ كىرگىنىنى كۆرگەن بەدۆلەتنىڭ ســاقچىلىرى دىنا بوۋاينىڭ ئالدىنى توسۇپ:

- ســەن نېمىدېگەن ئەدەپســىز ســەن! نېمىشــقا خان سارايغا رۇخسەتسىز كىرىسەن؟ دەپ بەش - ئالتە ئادەم يۈگۈرۈپ كېلىپ دىنا بوۋاينى بېسىۋېلىپ تازا مۇشتلاپ ئۇردى. باش – كۆزىنى يېرىپ قانغا مىلىغان پېتى ساراي ئوتتۇرىسىدىكى ياغاچ تۈۋرۈككە ئۇنى تۇتۇۋېلىپ قولىقىدىن مىخلاپ قويــدى. دىنا بوۋاي ســارايىنى كۆتۈرۈۋەتكىدەك ئاۋاز بىلەن بىر ۋارقىراپ بېشــىنى ژۇلقىغان ئىدى، مىخلانغان يەردىن قۇلىقىنى يىرتىپ ، ئاق كۆڭلەك بويلاپ قاننى ئېقىتقان ھالدا ســاراي ئۆيلىرىنىڭ ئىشــىك ئالدىغا كېلىپ «مەريەم!» «مەريەم قىزىم!» دەپ ۋارقىرىغان ئىــدى. ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى جاڭگالدىكى يولۋاســنىڭ ئاۋازىدەك دەھشەت، قورقۇنچلۇق غەزەپ بىلەن چىقتى. بۇنى كۆرگەن ساراي ساقچىلىرىدىن بىرمۇ ئادەم ئۇنىڭ ئالدىغا كېلەلمىدى. چۈنكى دىنا بوۋاي ھەقلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئات - ئېشــىكىنى ئەمەس، قىزىنى بۇلاپ كەتكىنى ئۈچۈن ھېچقانداق ئاتا - ئانا چىداپ قاراپ تۇرالمايدۇ. سارايىنىڭ بىر ئىشىكىنى ئېچىپ مەريەم :

- دادا مەن بۇ يەردە دەپ يۈگۈرۈپ كەلدى.

دىنا بوۋاي قىزىدىن:

- ساڭا بۇلار چېقىلدىمۇ؟ قانداق؟ دەپ سورىدى.

مەريــەم، ياق دادا ھېچكىم چېقىلمىدى، مېنى بۇ ئۆيگە كىرگۈزۈپ قويغان ئىدى. شــۇ يەردە قىــزلار بىلەن ئولتۇردۇم دەپ دادىســىنى قۇچاقلاپ يىغلىدى. دىنا بوۋاي:

- «يــۈرۈ!» كېتىمــز دەپ قىزنىڭ قولىدىن يېتىلــەپ قىپقىزىل قانغا بويالغان ھالدا ساراي ساقچىلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

دينا بــوۋاي قورقماس، كۈچلۈك، توغرا ســۆزلۈك، ئەقىللىق ھەم غەيرەتلىك ئادەم ئىدى. شۇڭلاشــقا كىشــلەر ئۇنــى چوڭ كۆرۈپ، ھۆرمەت قىلاتتى.

دينا بوۋاينىڭ خان ســارايدىن قىزنىــى ئېلىپ چىققان غەيرىتىنى كۆرگەن تۇرپــان خەلقى ئۇنى «گىيدەڭ» دەپ ئاتاپ كەتتى. مۇشــۇ كۈنگىچە ئۇنىڭ نەسىللىرىنى «گىيدەڭلەردىن» دەپ ئاتايدۇ.

تۇرپان شەرقىي تۈركىستاننىڭ دېڭىز يۈزىدىن 600 (ئالتەيۈز) مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى يەر بولۇپ، ھاۋاســى ئىللىق، سۈيى تاتلىق، ئۈزۈمزار، باغۇ بوستانلىق، خەلقى ئىناق بىر گۈزەل شەھەر، تۇرپان خەلقى دىندار، تەرتىپلىك، تىرىشــچان، ئىشــچان، ئاق كۆڭۈل، ئىتتىپاق ياشايدىغان تىنچ خەلق ئىدى. ئۇلار بەدۆلەت خاننىڭ تۇرپانغا باستۇرۇپ كىرىپ، خەلقنىڭ كىچىك قىزلىرىغا ئېلىپ بارغان بۇ نومۇسسىزلىق ئىشلىرىغا چىدىماســتىن، خەلق غەزىپى قوزغالدى. جامائــەت ئىچىدە غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. شــۇنىڭدىن كېيــن ئارىدىن خەلقنىڭ بېشــى بولغان سەككىز ئادەم چىقىپ، بېيجىڭ خانغا بەدۆلەت ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، ئۇلاردىن ياردەم ســوراپ ئەرز يېزىپ چىقتى. ھەم بۇ سەككىز ئادەم قول قويۇپ خەتنى بېيجىڭغا ئەۋەتتى.

بۇنىڭغا دينا بوۋاينى تەكلىپ قىلىپ:

- ســەنمۇ قېتىل ســىڭنىڭ قىزىڭنىمۇ ئېلىپ كەتكەن ئەمەســمۇ دېگەندە:

- دىنا بوۋاي «بۇ ئىشلار توغرا ئەمەس، ئۆز مۇسۇلمانلىرىمىزنىڭ ئۈستىگە كاپىرلارنى باشلاپ كەلسەڭلار توغرا كېلەمدۇ؟ ئويلاپ ئىشلەڭلار، بۇ ئىش ياخشى ئەمەس، بۇ ئويۇنايدىغان كىچىك ئىش ئەمەس، مەن قوشۇلمايمەن ھەم قولۇمنىمۇ قويمايمەن» دەپ چىقىپ كەتتى. ئەمما ئۇلار ئۆز پىكىرلىرى بويىچە خەلقنىڭ نارازىلىقىغىمۇ قارىماستىن ئۇ ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى.

بۇ خەتنى ئالغان بېيجىڭ خانلىقى تېزلىك بىلەن نۇرغۇن قوراللىق ئەسكەرلىرىنى تۇرپانغا ئەۋەتتى. بېيجىڭ ئەسكەرلىرى تۇرپانغا يېتىپ كېلىپ قالغاندا بەدۆلەتنىڭ قاراۋۇل ساقچىسى تۇرپان مۇنارىنىڭ ئۈستىدىن دۇربۇن بىلەن خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ بەدۆلەتكە «خىتاي ئەسكەرلىرى بېسىپ كېلىۋاتىدۇ ئەلەم – ئەلەمگە چىقىلىدۇ، شۇنداق جىق ئەسكەر» دەپ خەۋەر قىلدى.

بۇ خەۋەردىن كېيىن بەدۆلەتنىڭ ئۆزىمۇ مۇنارغا چىقىپ قاراپ ھەقىقەتەن شۇنداق جىق بايراقنىڭ لەپىلدەپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، چۆچۈپ ھودۇقۇشقا باشلىدى. چۈنكى ئۇ زاماندا يۈز كىشىگە بىر بايراق كۆتۈرۈپ، شۇ بايراق بىلەن جەڭچىلەرنىڭ سانىنى ئېلىپ بولاتتى. لېكىن خىتاي ئەسكەرلىرى ئون كىشىگە بىر بايراق كۆتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، يىراقتىن بايراقلارغا قاراپ «خىتاي ئەسكەرلىرى بەكمۇ جىق بىز ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيمىز» دەپ بىلىپ ياقۇپ بەگ ئەسكەرلىرىگە بىز ئۇلار بىلەن تەڭ كېلىپ سوقۇشالمايمىز، كۆپ ئادەمنى يوقىتىمىز، سوقۇشۇپ يۈرمەيلى، ھەممىڭلار پۇقراچە كىيىملەرنى كىيىپ بۇ يەردىن تارقاپ كېتىڭلار» دەپ بۇيرۇق قىلدى ھەم شۇنداق تېز تارقاپ كېتىشتى.

(تۇرپان مۇنارىنى بەدۆلەت ئۆزى قاراۋ يىل ئۈچۈن ياساتقان بولۇپ،

مۇناره قوش خام خىش بىلەن ئېگىز قىلىپ ياسالغان مۇناره ئىدى. 50 (ئەللىك) سانتىمېتىر ئېگىزلىكىدىكى 74 (يەتمىش تۆت) پەلەمپەي بىلەن مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىقىلىدۇ. ئەڭ ئۈستىدە تەخمىنەن ئۈچ مېتىر كەڭلىكتە، ئۈچ مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئاستى تاختايلىق كىچىك ئۆي بولۇپ، شۇ يەردىن تۆت تەرەپتىكى دېرىزە ئارقىلىق پۈتۈن تۇرپاننىڭ ئەتراپىنى كۆرۈپ بولاتتى. بۇنى «تۇرپان مۇنارىسى» دەپ ئاتايدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا شۇ مۇنارنىڭ ئەتراپى مازارلىق ھەم قەبرىستانغا ئايلىنىپ كىشىلەر ئۇ يەرگە تاۋاپ قىلىدىغان ئادەتنى چىقىرىۋالدى.

گۈمبەزلەردە كېچە - كۈندۈز چىراغلار يېنىپ تۇراتتى. مۇنارنىڭ ئەڭ ئۈستىگە چىقىپ كىشىلەر تاۋاپ قىلىپ كېتىدىغان جاي قىلىۋالغان ئىكەن. مۇنارنىڭ تاملىرىغا قارىسام يېزىلغان خەتلەردە بۇ يەرگە ئالتاي، ئۈرۈمچى، غۇلجا، چۆچەككە ئوخشاش شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەر - يېرلىرىدىن ئاللاھتىن تىلەك تىلەپ، قۇربانلار سويۇپ كەتكىنىنى يازغان ئىكەن. شۇنىڭدىن ئۇلار ئىككىنچى قېتىم كېلىپ «مەن بۇلتۇر ئاللاھتىن بىر پەرزەنت سوراپ كەلگەن ئىدىم، ئاللاھقا شۈكۈر بىر ئوغلۇم بولدى» دەپ يېزىپ قويغىنىنى كۆردۈم.

ئۇ مۇناره بىرئاز بىر تەرەپكە قىيشىپ قالغان ئىكەن. تۆمۈر تاسما بىلەن تارتىپ قويۇپتۇ.

مەن 1990 - يىلى بارسام مۇنار ئەتراپىدىكى مازارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى يۆتكەپ كېتىپتۇ. ئۇ يەرنى خىتاي ھۆكۈمىتى بىرئاز تۈزەشتۈرۈپ ئەتراپىغا كىچىك دۇكانلار سېلىپ مېۋە – چېۋە ۋە تۇرىسلارغا لايىق نەرسىلەر سېلىپ بازار ياساپتۇ. ئۇ مۇنارنى كۆرگەزمە قىلىپ تۇرىسلار ئۈچۈن ساياھەت ئورنى قىلىپ قويۇپتۇ.

بەدۆلەتنىڭ ئەسكەرلىرى شۇنداق تېز تارقاپ تۇرپاننى خىتاي ئەسكەرلىرى ئۈچۈن بوشىتىپ بېرىپ كېتىپ يوقالدى.

شۇنىڭ بىلەن بېيجىڭ ئەسكەرلىرى ھېچقانداق بىر جەڭ قىلماستىن ئاسانلا تۇرپان ھاكىمىيىنى ئىشغال قىلىۋالدى.

تۇرپان خەلقى ھاكىمىيەتنىڭ خىتاي قولىغا ئۆتكەنلىكىدىن بەكمۇ كۆڭۈلسىز ھەم نارازى ئىدى. بىزنىڭ گۈزەل يۇرتىمىز كاپىرلارنىڭ قولىدا قالدى. بىز ئەمدى بۇلاردىن قانداق قۇتۇلىمىز. بىزدە قورالمۇ يوق، ئەسكىرىمىزمۇ يوق، ئىقتىسادىمىزمۇ يوق، پەقەت قۇل بولۇپ ياشاشتىن باشقا چارىمۇ يوق، دەپ خەلق بەكمۇ كۆڭۈلسىز بولۇپ يىغلاشتى. بولىدىغان يامان كۈنلەر ئۈچۈن ئەنسىرەشتى. خۇددى تۇرپاننىڭ ئۈستىگە قارا بۇلۇت كېلىپ ئەتراپ قاراڭغۇ تۇمانلاشقاندەك خەلق كۆڭلى ئىنتايىن ئېغىر قايغۇدا ئىدى.

بەدۆلەت يامان بولسىمۇ ئۇ ئۆزىمىزنىڭ مۇسۇلمانلىرى ئىدى. ئەسكەرلىرى بىلەن مەسجىدىمىزنى ئاۋاتلاشتۇرۇپ تۇراتتى دەپ ئۇنىمۇ ئەسلەپ قوياتتى.

خىتاي ھاكىمىيىتى كېلىپ بىرقانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار بىر ئۇقتۇرۇش ئېلان قىلدى.

«بىزنى خەت يېزىپ چاقىرتقان مەرتىۋىلىك ئەزىز كىشىلىرىمىز كەلسۇن، بىز ئۇلارغا مۇكاپات بېرىمىز» دېگەن ئۇقتۇرۇشنى كوچا – كوچىلارغا چاپلاپ خەلققە ئېلان قىلدى.

بۇ ئۇقتۇرۇشنى ئاڭلىغان تۇرپان خەلقى قاتتىق غەزەپلەندى. بىزنى خىتايغا ئۈستىمىزدىن سېتىپ بەرگەن خائىنلار ئارىمىزدا ئىكەن. ئۇلارنى بىزنى ساتقان بەدىلىنى ئېلىش ئۈچۈن چاقىرتىپتۇ. ئالغان

ھەدىيىلىرى زەھەر - زەققۇم بولۇپ كىكىرتىكىدىن سىقىپ جىنىنى سوغۇرۇپ چىقسۇن دەپ قارغاشتى.

ئىلتىماس يازغان ئەل بېشى مەرتىۋىلىك بۇ ئادەملەر تويغا بارىدىغاندەك ياسىنىپ ھاكىمىيەت بېشى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئالدىغا كەتتى.

ئۇلار بۇ سەككىز ئادەمنى قوبۇل قىلىپ «بىزنى چاقىرتىپ كەلگىنىڭلار ئۈچۈن كۆپ رەھمەت، بۇنىڭ بەدىلىگە سىلەرگە مۇكاپات ئۈچۈن نىمە بەرسەكمۇ بۇنىڭ بەدىلىنى تۆلەپ كېتەلمەيمىز. سىلەرگە دەيدىغان يەنە بىر نەرسە سىلەر ئۆز مۇسۇلمانلىرىڭلار ھەم ئۆز خەلقىڭلار ئۈستىگە بىزنى چاقىرتىپ كېلەلىدىڭلار، سىلەردىكى بۇ چوڭ جاسارەت بىزنى ئەنسىرىتىدۇ، كېيىنكى كۈنلەردە بىزنىڭ ئۈستىمىزگە باشقىلارنى چاقىرتىپ بىزنى يوقلاردىنمۇ ئېغىر كۈنگە سېلىشىڭلار مۇمكىن، سىلەر بىز ئۈچۈن خەتەر ھەم قورقۇنچلۇق ئادەمسىلەر، سىلەرنى يوق قىلماي بولمايدۇ دەپ بۇ سەككىز ئادەمنى ئېلىپ چىقىپ دارغا ئېسىپ ئۆلتۈردى.

## بەدۆلەتنىڭ ئەسكىرى ئابدۇراخمان

شۇنىڭدىن بىر يىل كېيىن دىنا بوۋاينىڭ دەرۋازىسىنى ئۇرۇپ بىر ياش يىگىت كىرىپ كەلدى.

مۇمكىن بولسا بۈگۈن بىر كەچ قونۇپ ئۆتسەم مەن بىر يولۇچى ئىدىم، دىگەندىن كېيىن دىنا بوۋاي بىزنىڭ مۇساپىرلار ئۈچۈن ئىشىكىمىز ئوچۇق دەپ ئۆيگە باشلىدى. تائاملار ھازىرلاپ ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلەن مېھمان قىلىپ يېرىم كېچىگىچە پاراڭلىشىپ

ئولتۇرۇشـــتى. ئۇ يىگىت ئۆزىنى بەدۆلەتنىڭ جەگچىسى ئابدۇراخمان ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ تونۇشتۇردى ۋە دىنا بوۋاينى بەدۆلەتنىڭ سارىيىدا كۆرگەنلىكىنى سۆزلەپ:

- مەريەم قىزنى خان سارايغا چاقىرتىپ سۆرەپ كىرىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ئىچىم ئېچىشتى. ياقۇپ بەگكە 13 خوتۇن يەتمەي، كىشىلەرنىڭ كىچىك قىزلىرىنى بۇلاپ كېلىپ ئۇلارنىڭ نومۇسـنى ئاياغ – ئاستى قىلىپ، نىكاھسـىز ئەيشـى - ئىشـرەتكە بېرىلىپ كەتكىنىگە قاراپ كۆڭلۈمدە غەزىپىم ئاشتى. بۇ چىرىكلەشتى، بەلكى ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى ئۇزۇنغا بارماسـمىكىن دەپ ئويلاپ تۇراتتىم، سـىز كېلىپ قىزىڭىزنى ساق – سالامەت ئېلىپ چىقىپ كەتتىڭىز. سىزنىڭ ئۆلۈمدىن قورقماس جاسارىتىڭىز ماڭا چوڭقۇر تەسىر قىلدى. مەن بۇ يەرگە پەقەت سىزنى ئىزدەپ سىزنىڭ ئۈچۈن كەلدىم دېدى.

دىنا بوۋاي «رەھمەت ئوغلۇم مېنىڭ 12 ئوغلۇم بار، سىز بىلەن 13 بولسۇن، ئاتا – ئانىڭىز بارمۇ» دەپ سورىدى.

ئابدۇراخمـان يوق، ئـۇلار ئۆلگەن، مەن بـۇ مەملىكەتتە يالغۇز، مېنىڭ ھېچكىمىم يوق، دېدى.

كۆڭلۈڭنـى بۇزما ئوغلۇم، مەن سـېنىڭ داداڭ دىيلە فوروزخانىم ئاپاڭ، مېنىڭ باللىرىم سـېنىڭ قېرىنداشـىڭ بولۇپ، ئۆز ئۆيۈڭدەك ياشا ئوغلۇم دېدى.

دېگەندەك ئابدۇراخماننى ھۆرمەتلەپ مۇشـۇ ئۆينىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە ئارىغا سـىڭدۈرۈپ كەتتى. كۆپ ئۆتمەستىن ئابدۇراخمان مەريەمنى ياخشـى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆيلىنىش نىيىتىگە كەلدى. بۇ ئەھـۋال ئۆيدىكىلەرنىـڭ دىققىتىنى بۆلدى، ئۇلارمـۇ بۇ پىكىرنى

ئويلىشىپ لايىق كۆردى. بىرقانچە ۋاقىتتىن كېيىن دىنا بوۋاي قىزىنى بېرىپ ئابدۇراخماننى كىيئوغۇل قىلىۋالدى.

ھەقىقەتــەن ئۇلار مۇھەببەتلىــك، گۈزەل ھايات كەچۈرۈشــكە باشلىدى.

بىــر يىلدىن كېيىــن ئۇلارنىــڭ بىر قىزىمــۇ دۇنياغــا كەلدى. ئابدۇراخمان قىزغا «ئاپامنىڭ ئىســمى مەجىدە ئىدى، ئۇنىڭغا يېقىن ساجىدە بولســۇن، دەپ ســاجىدە قويدى. بالىمۇ چىرايلىق، ساغلام بولــۇپ، كۆزگە كۆرۈنۈپ قالدى. بۇلارنىڭ بۇ گۈزەل ھاياتىدىن پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر خۇشال ئىدى.

بىر كۈنى ئابدۇراخمان تۇرپان خەلقىنىڭ بەدۆلەتنىڭ ئۇســتىگە خىتاي ئەســكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ ئۇلارنى ۋەيران قىلىپ يوقاتقان ھەقىقەتنــى ئاڭلىغانىدىن كېيىن، تۇرپاننىڭ يېرى، ســۈيى، خەلقىمۇ كۆزىگە ياخشــى كۆرۈنمەي تۇرپاندا تۇرغۇسى كەلمىدى. ئابدۇراخمان دىنــا بوۋايدىن قىزى بىلــەن مەريەمنى ئېلىپ كېتىشــنى ئېيتقاندا، دىنا بــوۋاي يالغۇز قىزنى تاغ ئارقىســى (ئۈرۈمچــى) كاپىرلار يۇرتىغا ئەۋەتمەيمەن دەپ ئۇنىماپتۇ. ئۇلارنىڭ ھېچ گۇناھســىز ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، سۆيگەن يارى ھەم ئۇماق قىزىنى تاشلاپ ئۈرۈمچىگە كېتىپ قالــدى. مەريەم ھەر كۈنى، ھــەر ۋاقىت ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشــىنى كۈتــۈپ ئۈمىد بىلەن يولىغا قاراپ ئۈچ يىل ۋاقىتنى ئۆتكۈزدى. لېكىن ئابدۇراخمان ھېچقانداق خەۋەرسىز يوق بولۇپ كەتتى.

ساجىدە ئۈچ ياشقا كىردى. بالا ھۇشيار، ئەقىللىق، ئۆتكۈر، ساغلام، تىنىك بولۇپ چوڭ بولدى. ســاجىدە شــۇ ئۆينىڭ گۈلى ھەم كۆڭۈل خۇشى ئىدى.

مەريەم ئۆزىگە ئۆزى «مەن نېمە ئۈچۈن تونۇمىغان بىر ئادەمنىڭ ئاشىق بولغىنىغا ئىشىنىپ كۆڭلۈمنى بەردىم؟!»، «تاش چۈشكەن يېرىدە ئەزىز» دەپ مەنمۇ ئۆز يۇرتۇمدا ئۆز خەلقىم بىلەن توي قىلغان بولسام، ئۆز قىممىتىم ۋە ھۆرمىتىم بىلەن ئەزىز بولۇپ ياشىغان بولاتتىم، ھاياتىم بۇزۇلۇپ، بۇنداق قەدىرسىز بولۇپ قالمايتتىم» دەپ ھەر كۈنى ئويلاپ قوياتتى.

ئەمما ئۇ ئابدۇراخماننى چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ دەپ ئۆزىنىڭ ساپ، پاك مۇھەببىتى بىلەن كۈتەتتى. ئۇ بىزنىڭ ھېچقانداق گۇناھىمىزنىڭ يوقلىقىنى بىلىدۇ. ئۇ مېنى ھەقىقى چىن كۆڭلى بىلەن ياخشى كۆرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ، دەپ ئۈمىدلىنىپ ئۇنىڭ يولىغا قاراپ كۈن ئۆتكۈزەتتى.

## ئابدۇراخماننىڭ ساجىدەنى ئېلىپ قېچىشى

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆيگە بىر ئادەم كېلىپ ئابدۇراخمان كېلىپ شەھەرنىڭ چېتىدىكى بىر سارايغا چۈشكەنلىكىنى ۋە قىزى ساجىدەنى ئېلىپ كەلسە كۆرۈپ كېتىشنى ئارزۇ قىلغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنچە يىللار ھەر مىنۇتنى تەقەززارلىق بىلەن ئابدۇراخماننىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ياشىغان مەريەم، ئەمدى ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئۇزاقلاپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ، كۆڭلى شۇنچە ئەسكى بولدىكى كۆز ياشلىرىنى يوشۇرۇپ قالالمىدى. بۇ خەۋەردىن كېيىن ئۆيدىكىلەرمۇ پەرىشان بولۇشتى. مەريەم قىزىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەركىم چىرايلىق ۋە ئۈمىدلىك سۆزلەرنى قىلاتتى. مەريەمنىڭ ھاياتىدىكى بۇ كۆڭۈلسىزلىك پۈتۈن ئائىلىنىڭ ھۇزۇرىنى بۇزدى. قانداق قىلىش توغرىسىدا ئۇزۇن ۋاقىت مۇنازىرە قىلىپ، تالاش - تارتىشلار بولدى. ئەڭ ئاخىر دىلە

فوروزخانىم قىزنىڭ ھەسىرىتىنى تەڭ تارتىشقان ئانا بولغانلىقتىن، بەلكى بالىنى كۆرسەتكەش ئابدۇراخمان بىلەن سۆزلىشىپ بالىنى يېتىم قىلماسلىقنى ئېيتىپ كۆرۈشىنى ئويلاپ ساجىدەنى ئاپىرىپ دادىسىغا كۆرسىتىپ قايتىش قارارىغا كەلدى. مەريەمنىڭ نارازىلىقىغا قارىماستىن بالىنى ئېلىپ سارايغا كەتتى. مەريەم ئۇلارنىڭ قارىسى يوقالغىچە كۆزياشلىرى بىلەن قان يۇتۇپ ئۆگزىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

سارايدا بۇلارنى ئابدۇراخمان دەرۋازىنىڭ ئالدىدا قىزغىن كۈتىۋالدى.

بۈگۈن بىر كۈن مەن قىزىم بىلەن بىللە بولاي، مۇشۇ يەردە قونۇپ قېلىڭلار دەپ سارايدىن بىر ئۆينى ھازىرلىتىپ ئۇلارنى شۇ ئۆيگە ئورۇنلاشتۇردى ھەم شۇنداق ياخشى مېھمان قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئېلىپ كەلگەن تۈپ گەزلىمە ماللار، كىيىم - كېچەكلەر، يېمەكلەر بولۇپ، بىر مەيە سوۋغاتلارنى ئالدىغا قويۇپ، چىرايلىق سۆزلەر بىلەن دىلەفوروز خانىمنى ئۈمىدلەندۈردى. بۇلار خېلى ئۇزۇن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ئابدۇراخمان «بالىنى بەكمۇ سېغىندىم بىر كېچە يېنىمدا ئېلىپ ياتاي» دەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

كېچە سائەت ئىككىلەر مەزگىلدە ھويلىدىكى ھارۋىنىڭ ماڭغان ئاۋازىغا ئويغىنىپ دىلەفوروز خانىمنىڭ يۈرىكىگە بىر قورقۇنچ چۈشتى ۋە قاتتىق ئەنسىرىگەن ھالدا ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ قارىسا، يېڭى ماڭغان ھارۋىنىڭ ئىزىنى كۆرۈپ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ يۈگۈرگەن پېتى بېرىپساراي كۈزەتچىسىدىن:

- سارايدىن مەيە كەتتىمۇ؟ - دەپ سورىدى.

- كۈزەتچى: ھەئە يىگىرمە مىنۇت بولدى، ئۈرۈمچىگە بىر مەيە

مېڭىپ كەتتى. تۇنۇگۇن سىزنى كۈتۈۋالغان ئابدۇراخمان دېگەن ئادەم بىر كىچىك بالىسى بىلەن كەتتى دېدى.

دىلەفوروزخانىــم ۋاي ئۆلەي راســتىمدۇ دەپ يۈگۈرۈپ ئۇلارنىڭ ياتىقىغا كىرىپ راستتىن كېتىپ قالغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، دات – پەريــات بىلەن جان كويىگدە ئۆزىنى قويــار يەر تاپالماي ۋارقىراپ يىغلاپ كەتتى.

ئۆگزىدە ئۇلارنىڭ كېلىشــىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان مەريەم يىراقتىن مەپىنىــڭ كېلىۋاتقىنىنــى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغــا قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتــى. لېكىن قانداقتــۇر بىر يامان ئەھۋالنى ســەزگەندەك كۆڭلى ئەنسىرەپ پۇت – قوللىرىنىڭ كۈچى كېتىپ ماڭالماي قالدى. مەپىنىڭ ئالدىدا ئاپىسىنىڭ پەرىشان ھالىنى كۆرۈپ:

- ئاپا نېمە بولدى؟ نېمىشــقا پەرىشانسەن؟ قىزىم ساجىدە قېنى؟ بالامنى نەگە تاشلاپ قويۇپ كەلدىڭ؟ دەپ يىغلاپ كەتتى.

ســاجىدەنى ئابدۇراخمان ئېلىپ كەتكىنىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مەريەم ھوشىدىن كېتىپ بىر كۈن ئۆزىنى بىلمەي يېتىپ قالدى.

بۇ پۈتۈن ئائىلىگە چوڭ قايغۇلۇق خەۋەر بولدى. ئابدۇراخماننىڭ بۇلارنى ئاياغ – ئاســتى قىلغىنىغا ھەممە ئادەم ئىنتايىن خاپا بولۇپ، غەزەپكە كەلگەن دىنا بوۋاي ئوغۇللىرىنى ئېلىپ بالىنى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگــە قاراپ كەتتى. ئۇلار يوللىرىــدا ئۈچ مەرتىۋە كىرا مەپىلەرنى ئالماشتۇرۇپ، ئابدۇراخمانغا يېتىشىۋېلىشنى ئويلاپ قانچە تېز ماڭسىمۇ، لېكىن يول ئۈستىدە ئابدۇراخماننى تۇتالمىدى. ئۇ باشقا تەرەپكە كەتكەن بولسا كېرەك، بۇلار بىلەن ئۇچراشمىدى.

بىــر چىرايلىق ئىناق ئائىلىنىڭ تىنچى كەتتى. مەريەم بولســا كۆز

ياشــلىرى بىلەن پەريات قىلىــپ كۆنلەرنى ئۆتكۈزەتتــى. دىنا بوۋاي ئۇرۇمچىدە ئوغۇللىرى بىلەن ئۆيمۇ – ئۆي يۈرۈپ شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت ئىزدىسىمۇ، لېكىن ھېچقانداق ئىز تاپالماي يېنىپ كەلدى.

## ئابدۇراخماننىڭ ساجىدەنى مەزەيىت ئاقسالغا ئاپىرىپ بېرىشى

ئابدۇراخمــان تۇرپاندىــن چىققــان كۈنى، تۆت خوتــۇن ئېلىپ پەرزەنت دىدارىنى كۆرمىگەن ۋە ئەۋلاد ئارزۇســىدا ياشــاپ كەلگەن مەزەيىت ئاقساقال دېگەن كىشىگە چاقىرتىپ ئەۋلادلىق قىلىپ بېرىپ ئۆزى ئولتۇرماستىن بالىنى يىغلاتقان پېتى چىقىپ كەتتى. شۇ كېتىش بىلەن ئىككىنچى قايتىپ كەلمىدى. مەزەيىت ئاقســاقال ئېگىز بويلۇق، گەۋدىلىك، بېشــى يۈزلىرى ھەم بۇرنى يوغان ســۇرلۈك ئادەم ئىدى. چوڭ ئايالــى رابىخە قار – قارالىق بىر تاتــار ئىماملىڭ قىزى بولۇپ، ئاز ســۆرلۈك يۇمشــاق كۆڭۈل، رەھىمدىل ســالاپەتلىك 25 ياشلىق ئېســىل ئايال ئىدى. ئىككىنچى ئايال نــۇر ۋجوككىنە ئورۇق ئۆتكۈر، قابىلىيەتلىــك ئاچچىقى يامان قاتتىق كۆڭۈل 30 ياشــلاردىكى ئايال بولۇپ، پۈتۈن ئائىلە ئىشىنى ئۇ باشقۇراتتى.

ساجىدە ئۈچۈن بۇ ھايات قورقۇنچلۇق ۋە ھەممە نەرسە يات ھەم كۆڭۈلسىز ئىدى.

بــۇ كىچىككىنــە جاننىــڭ ھاياتىدىكــى ئېغىــر مىنۇتلىرىنــى چۈشىنىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ پارە بولۇشىنى، كۆز ياشــلىرىنىڭ ئۇنى قانچىلىك ئېزىپ چىقىۋاتقىنىنى ھېچكىم ھېس قىلالمايتتى ھەم ئۇنىڭغا پەرۋامۇ قىلمايتتى. ئۇ توختىماســتىن «ئاپا» دەپ ئىزىلىــپ يىغلايتتى. كۆزىگە ھېچنەرســە كۆرۈنمەيتتى. پەقەتلا

ئانىســـنى ئىزدەيتتى. نۇر بولســـا «بىشـــمنى ئاغرىتىـــپ نىمە مۇنچە يىغلايســـەن، بىزگە بالا قىلىپ نەدىن ئېلىپ كەلدى بۇنى؟! بىر سەن كام ئىدىڭ ۋارقىرىما!» دەپ تووۋلايتتى.

ســـاجىدە بولســـا بۇ ئۆي بۇ تۇرمۇشـــقا خېلى ئـــۇزۇن زامانغىچە ئۆگىنىپ كېتەلمىدى. ئۇ 12 ئوغۇلنىڭ يەلكىســـىدىن چۈشـــمەي شۇ ئائىلىنىڭ پادىشاھى بولۇپ، قەدىر – قىممەت بىلەن ياشاپ كەلگەن قىز، ئەمدى بولسا ئۇنىڭ پۈتۈن ھەرىكەت گەپ – سۆزلىرىمۇ بۇ ئۆيدە ئارتۇق بىلىنەتتى.

نـــۇر بولســـا ئۇنىڭغا «قىز جـــالاپ» دەپ ئات قويـــۇپ ۋارقىراپ، دۈشكەلەپ ھەتتا، ئايىماسىدىن ئۇرۇپ چىمدىلايتتى.

ئۇ ئۆيدە ساجىدەنى پەقەت رابىيخە ئاپىسى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنى يۇيۇنـــدۇرۇپ، كىيىملەر تىكىپ كىيگـــۈزۈپ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى. كېچىلىرى يېنىدا ئېلىپ يېتىپ، دۈمبىلىرىنى سىيلاپ ھېكايىلەر ئېيتىپ ياخشى قارىسىمۇ، لېكىن ســـاجىدەنىڭ كۆڭلىدە ئاپىسى مەريەمدەك كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ھەردائىم ئاپامغا ئاپىرىپ قويۇڭلار «ئاپا – ئاپا» دەپ كۆز يېشـــى قۇرماي يىغلاپ يۈرۈپ يىللارنى ئۆتكۈزۈپ ياشىدى. ئەگەر شـــامال ياكى بوران چىقســـا، پەلەمپەيلىك تونۇرنىڭ ئۈستىگە چىقىپ «شاماللار مېنى ئاپامغا ئاپىرىپ قويۇڭلار» دەپ ئۈچىدىغاندەك ئىككى قولىنى كېرىپ كۆڭلىكىنى شـــامال كۆتۈرۈشـــى بىلەن ئۇچىمەن دەپ سەكرەپ يەرگە يىقىلىپ چۈشەتتى. ئۇنى كۆرگەن نۇر:

- ھوي، ســـاراڭ قىـــز ئۆلگـــۈڭ كەلدىمـــۇ دەپ ۋارقىرايتتى. ئۇ يۈرىكىدىكى ئاپىسىغا بولغان سېغىنىشىغا چىدىماي مەيدىسىنى سوغ يەرگە يېقىپ دۈم يېتىپ يامغۇردەك كۆز ياشـــلىرىنى تۆكۈپ، يىللارنى

ئۆتكۈزۈپ بۇ ھاياتقىمۇ ئۆگىنىپ قالدى.

ساجىدە ئەتىۋار يالغۇز قىز بولۇشىنىڭ ئورنىغا «بالا چاكار» بولۇپ قالدى. يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ھەممە ئىشلارنى قىلىدىغان بولدى. «چاپسان بولمىدىڭ»، «ياخشــى ئىشلىمىدىڭ» دەپ ھەر ۋاقىت نۇر ساجىدەنى ئايىماستىن ئۇرۇپ، چىمدىلاپ ۋە ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايتتى.

ســاجىدە نۇردىـــن ئىنتايىن قورقـــۇپ مۇمكىن بولســا ئۇنىڭغا كۆرۈنمەســكە تىرىشىسىمۇ لېكىن نۇر ھەر ۋاقىت ئاغزىدىن «ساجىدە» دېگەن سۆزنى چۈشۈرمەي، ئىش قوشۇشقا ئامراق ئىدى.

ساجىدە رابىيخە ئاپىسىغا «ئاپا مەن نۇردىن ئىنتايىن قورقىمەن، مەن سەن بىلەن تۇرۇشنى ياخشـــى كۆرىمەن، ئىككىمىز بىللە تۇرۇپ نۇرنى كۆرمىســـەك بولمامدۇ؟ مەن ســـېنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن ئاپا» دەپ رابىيخەنى قۇچاقلىدى.

رابىيخە ســـاجىدەنى باغرىغا بېسىپ مەن مەزەيتىدىنمۇ، نۇردىنمۇ قورقىمـــەن. مەنمۇ بۇ ئۆيدىن كېتىپ قالغـــىم كېلىدۇ، ئەمما مۇمكىن ئەمەس. بىز بـــىر ئائىلە ھېچيەرگە كېتەلمەيمىز، دەپ چوڭقۇر تىنىپ قويدى.

بـــىر كۈنى نۇر تونۇر بېشـــىدا «ســـاجىدە» دەپ قاتتىق توۋلىغان ئىدى. ســـاجىدە يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ ھودۇققىنىدىن بىر نەرســـىگە پۇتلىشـــىپ يىقىلىپ چۈشۈپ تىزىنى قانىتىۋالدى. «سۈپۈرگىنى ئېلىپ كەل دەيمەن» دەپ بىر توۋلىغان ئىدى، ئۇ سۈپۈرگىنى ئېلىپ يۈگۈرۈپ بېرىشـــىغا «نېمىشقا چاپسان بولمىدىڭ» دەپ قولىدىكى ئۇزۇن ياغاچ بىلەن بېشـــىغا بىرنى سالغان ئىدى، ســـاجىدەنىڭ كۆزلىرى ئالىيىپ يەرگە يىقىلىپ چۈشـــتى. ئۇرۇلغان يەردىن قان ئېقىشـــقا باشلىدى.

نۇرنىــڭ ئاچچىقى كېلىپ قان ئېقىتىپ ئەتراپنى پاســكىنا قىلىدىغان بولدى دەپ قىشــنىڭ كۆنى كۆمۈرخانىغا ساجىدەنى سۆرەپ ئاپىرىپ تاشلىدى.

ســاجىدەنىڭ بېشــىدىن ئاققان قــان بىلەن چاچلىــرى يەرگە چاپلىشــىپ، مۇز بولۇپ قېتىپ قالدى. كېيىن رابىيخە تونۇر بېشــىغا كېلىپ، كۆمۈرخانىدا يېتىپ قالغان ساجىدەنى كۆرۈپ:

– ۋاي خۇدايىم بۇنىڭغا نېمە بولدى دەپ كىرىپ يەرگە چاپلاشقان چاچلىرىنى ئاجرىتىۋالالماي چېچىنى كېسىپ ساجىدەنى كۆتۈرۈپ ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كىردى. ســاجىدە بىر ھەپتىدىــن ئارتۇق قىزىپ ئاغرىپ يېتىپ قالدى.

ساجىدەنىڭ كىچىك باللاردەك ئويناشقىمۇ ۋاقتى چىقمايتتى. بىر كۈنى رابىيخە ئاپىســى لاتىدىن تىكىــپ بەرگەن قونچىقنى كۆتۈرۈپ چىققــان ئىدى. نــۇر خانىم كــۆرۈپ ئاچچىقى بىلەن «ســەن تېخى قونچاق ئوينىماقچىمۇ ســەن» دەپ كېلىــپ قونچاقنى يۇلۇپ ئېلىپ بىر پىقىرىتىپ ئاتقان ئىدى، خوشــنا ھويلىنىڭ سامانخانىسىغا بېرىپ چۈشتى. شۇنداق ياخشى كۆرگەن قونچىقىدىن ئايرىلغان ساجىدە كۆز يېشىنى تۆكۈپ ھەر كۈنى شۇ سامانخانىنىڭ ئۈستىدە ياتقان قونچىقىغا قاراپ يىغلاپ ھەسرەتلىنەتتى. يامغۇر ياغسا قونچۇقۇم سۇ بولدى دەپ چىقىپ قارايتتى.

ئۆينىڭ ئۇششــاق – چۈششەك ئىشــلىرى ۋە يۇگۇر – يېتىملىرى كىچىك ساجىدەنىڭ بوينىدا بولدى.

ســەككىز – توققۇز ياشتىن باشلاپ قازان بېشى، ساماۋەر قويۇش ۋە قايناق ســاماۋەرنى پەلەمپەي بىلەن ئۆگزىگە ئېلىپ چىقىپ چاي

هازىرلاش ئۇنىڭ ۋەزىپىسى بولدى. قاينار ساماۋەرنى ئۆگزىگە ئېلىپ چىققاندا بىرقانچە مەرتىۋە قايناق سۇ تۆكۈلۈپ قورساق ۋە قول – پۇتلىرىنى كۆيدۈرۈۋالدى. ئۇنى كۆرگەن قولۇم – خوشنا بۇ كوچىدىكى ئادەملەر ئىچىنى ئاغرىتىپ كۆرگەن يەردە بىشىنى سىلاپ، ئۇنىڭغا ياردەملىشەتتى.

## ئەخمەت نەجىپ بىلەن ساجىدەنىڭ ئۇچرىشىشى

قىشنىڭ قاتتىق سوغۇق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ساجىدە قوشنىلاردىن تام مەشتە نان پىشۇرىدىغان تابا (تۆمۈر تاۋاق)لارنى ئېلىپ كېلىۋېتىپ پەلەيسىز، چاپىنىنىڭ يېڭىمۇ قىسقا (ئۇلار ساجىدە كىرلىتىسەن دەپ ھەر ۋاقىت كىيىمنىڭ يېڭىنى قىسقا قىلىپ تىكىپ بېرەتتى) بولغانلىقتىن تۆمۈر تاۋاق مۇزدەك بولۇپ سوغۇقتا قوللىرى قېتىپ تاۋاقلارنى تۇتالماي قالدى. ئىككى قولىنى قولتۇقىغا قىسقان پېتى يىغلاپ كەتتى.

قوشنا ھويلىلاردا ئولتۇرىدىغان ئەخمەت يۈگۈرۈپ كېلىپ «توڭلاپ كەتتىڭمۇ سىڭلىم» دەپ قوللىرىنى ئۇگۇلاپ ئۆزىنىڭ پەلىيىنى ئۇنىڭغا كىيگۈزۈپ قويدى ۋە تاۋاقلارنى كۆتۈرۈشۈپ دەرۋازىدىن كىرگۈزۈپ بەردى.

ئەخمەت، ئورتا بوي، گەۋدىلىك، بۇدرە (گىجىم) چاچ، قاراقاش، قاراكۆز قاڭشالىق، بۇرۇتلىرى يېڭىدىن خەت تارتقان، چاققان 17 ياشلىق يىگىت ئىدى. ئەخمەت قازان ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تاغىسى ئىسھاق باي قازان – ئۇرۇمچى ئوتتۇرىسىدا سودا ئېلىپ باراتتى. ئۇ ھەدىسىنىڭ ئوغلى ئەخمەت نەجىپ بىلەن ئۇنىڭ

دوستى ئىبراھىم ۋەلىنى ئۆزى بىلەن بىللە قىشنىڭ كۈنى چانا ئارقىلىق قازاندىن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ چىقتى. ئۇلارنى ســودا ئىشلىرىغا سالدى ۋە بۇ ياشــلارنىڭ چاققان ئىشــچانلىقىغا قاراپ ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ئورۇنلىرىغا قويۇپ ئىشلەتتى. بۇلار كېلىپ يەر – سۇ ئادەملىرى بىلەن تونۇشۇپ ئۆگىنىپ قالدى.

ئەخمەت بىلەن ســاجىدە بىر – بىرى بىلەن تونۇشــۇپ قالدى. ئەخمەت ساجىدەنى كۆرگەندە، ھال سوراپ ئىشلىرىغا ياردەملىشىدىغان بولدى.

ئەخمەت بىر كۈنى ساجىدەدىن:

- ئوقۇشنى خالامسەن دەپ سورىدى.

- ســاجىدە شــۇنداق خالايتتىم، لېكىن مۇمكىــن ئەمەس، دەپ كۆڭلى يېرىم بولدى. ئۇ زامانلاردا قىزلار ئۈچۈن مەكتەپمۇ يوق ئىدى.

ئەخمــەت كەســكىن ھالدا مــەن ئوقۇتســام ئوقامســەن دەپ سورىدى.

بەك خۇشال بولغان بولاتتىم. لېكىن دەپتىرىم يوق دېدى. ئەخمەت غــەم قىلما، ئۇنى مەن ھەل قىلىمەن، لېكىن بىر شــەرتىم بار، قاتتىق تىرىشىپ ئوقۇشۇڭ كېرەك دېدى.

ســاجىدە خۇشــاللىقىدىن چوقۇم مەن ياخشــى ئوقۇيمەن، دەپ رەھمەتلەرنى ئېيتىپ كەتتى.

ساجىدە ئاپىسىغا ئوخشــاش چاچلىرى بۇدرە (گىجىم) يۈزىدىكى ئۇماقلىقى بىلەن گۈزەل كۆرۈنەتتى.

ئەخمــەت ئىككىنچى قېتىم كۆرگىنىدە دەپتەر، قەلەم، ئۆچۈرگۈچ

بىرىپ دەپتەردىكى ھەرىپلەرنى چىرايلىق يېزىپ ئوقۇپ بىلىپ چىقىشقا بۇيرىدى.

ساجىدە بىر يىل ئىچىدە تىرىشىپ ئۆگىنىپ كىتابلارنى ئوقۇپ، خەت يازالايدىغان بولدى. ئەخمەت كېرەكلىك نۇرغۇن كىتابلارنى بېرىپ ئۇنىڭ ئۆگىنىشىگە ياردەملەشتى. ئۇنىڭدىن باشقا ھېساب دەرسلىكىنى ئوقۇتۇشقا باشلىدى.

ساجىدە بۇ ئوقۇشلارنى ئۆيدىكىلەردىن يوشۇرۇن تۇتۇپ كىتاب دەپتەرلەرنى رەبىيخە ئاپىسىنىڭ ئۆيىدە ساقلاپ، ھېچكىمگە بىلدۈرمەستىن ئوقۇدى.

## رابىيخەنىڭ ئۆلۈمى

مەزەيت ئاقساقال بىر ئاز كۆڭلى قاتتىق، ئاچچىقى يامان، كەسكىن ئادەم ئىدى. قانداقتۇر كىشىلەر كۆزىگە بەكمۇ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئاچچىقلانسا خۇددى يولۋاسقا ئوخشاپ قالاتتى. ئۇنىڭدىن ھەممە ئادەم ئەيمىنەتتى. خانىمى رابىيخەمۇ ئۇنى كۆرسە قىلىدىغان ئىشنى بىلمەي ھودۇقۇپ كېتەتتى. رابىيخە ئېغىر - بېسىق، كەم سۆزلۈك بولغىنى ئۈچۈن «ھۇشيار ئەمەسسەن» دەپ تىللاپ، كۆپ قېتىم ئۇرۇۋالاتتى. بۈگۈن قانداقتۇر مەزەيت ئاقساقال ئانچە خۇشال كۆرۈنمەيتتى. ئىچى پۇشۇپ نېمە قىلارنى بىلمەي تۇرغاندەك ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ ئاندىن «رابىيخە!» دەپ قاتتىق ئاۋاز بىلەن تووۋلىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن رابىيخە قاتتىق قورقۇپ ھودۇقۇشقا باشلىدى.

- مانا كەلدىم، دەپ يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلدى.

مەزەيت ئاقساقال كەل ئولتۇر، ماڭا سۈرە «ئىخلاس»نى ئوقۇپ

بەر دېدى.

ئېرىنىڭ سۆرلۈك چىرايىدىن ھودۇقۇپ ئادەتتە ئۆزى دائىم ئوقۇپ يۈرگەن ئايەتنى ئېيتالماي «ئەھەد ئالللاھوس سەمەت» دەپ نەچچە تەكرار ئېيتقۇزسىمۇ ئۇ دائىم بىر خىل سۆزلەپ ھېچ توغرا ئېيتالمىدى. مەزەيت ئاقساقال بولسا ئاچچىقلىنىپ رابىيخەنى قاتتىق ئۇرۇپ كەتتى. ساجىدە «دادا ئاپامنى ئۇرما» دەپ ئارىغا كىرگەن ئىدى.

– «كەت يوقال» دەپ بىر ئىتتىرىپ يىقىتتى. شۇنداق قاتتىق ئۇرۇلغان تاياقتىن رابىيخە يىقىلىپ چۆشۈپ ئۆلۈكتەك يېتىپ قالدى. مەزەيت ئاقساقال رابىيخەگە قاراپ ھودۇقۇپ قالدى. يېنىغا بېرىپ «تۇر!» دەپ سىلكىپ كۆردى، ئۇ مىدىرلىمىغاندىن كېيىن، تومۇرلىرىنى تۇتۇپ باقتى. رابىيخەنىڭ مەيدىسىگە قولۇقىنى قويۇپ تىڭشاپ كۆرۈپ رەڭگى تاتىرىپ «ئۆلدى» دېدى. ساجىدە رابىيخەنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

جامائەت يىغىلىپ، ئۆلۈم ھازىسى ئېچىلدى، يەرلەش ئۈچۈن گۆرلەر كولىنىپ تەييار بولدى. جىنازىگە كەلگەن ئادەملەر ھويلىغا سىغماي كوچىلاردا تىزىلىشىپ كەتتى. جامائەت جىنازىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرغاندا، مېيىتنى سۇغا ئېلىشقانلار «مېيىت ئۆلمەپتۇ، نەپەس ئېلىۋاتىدۇ» دەپ يۈگۈرۈشۈپ چىققان ئىدى. جامائەتكە جان كىرگەندەك ھەممە ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ خەلقلەر گۈلدۈرلەپ سۆزلىشىپ كەتتى. چوڭلاردىن بىرقانچە ئادەم كىرىپ رابىيخەنى كۆرۈپ ئۆلمەپتۇ، راستتىن تىرىك ئىكەن دەپ چىقتى. ھەممە ئادەم مەزەيت ئاقساقالنى ئەيىپلەپ، نەسىھەتلىرىنى ئېيتىپ تارقاشتى. مەسجىدنىڭ ئىمامى مەزەيت ئاقساقالغا:

– ئايالىڭىز بىز تونۇيدىغان بىلىملىك ئاق سۆڭەك ياخشى كىشىنىڭ بالىسى. سىزنىڭ بۇ ئىشىڭىز توغرا بولمىدى، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا ياخشى قاراڭ، قول تەككۈزمەڭ دەپ كۆپ نەسىھەتلەرنى قىلىپ چىقىپ كەتتى.

## مەزەيت ئاقساقالنىڭ قولغا ئېلىنىشى

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتتى. بىر كۈنى مەزەيت ئاقساقالنىڭ ھېساۋاتىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن يۇقىرىدىن بىر ئادەم كېلىپ يېزىلغان ھۆججەت ۋە ھېساباتلارنى تەكشۈرۈۋاتقاندا ئۇ تەكشۈرگۈچى:

– ئاقساقال بىر پىيالە چاي كەلتۈرسىڭىز ياخشى بولاتتى، ئۇسساپ قالدۇق دېدى.

مەزەيت ئاقساقال چىقىپ بىر تاۋاقتا نان، شېكەر، ناۋات ۋە چاي چەينىكىنى كۆتۈرۈپ كىرگەندە، ئۇ چاغدا بىر پارچە قەغەزنىڭ كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، مەزەيتنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشىدۇ، لېكىن ئۆزىدىن باشقا گۇۋاھچى ئادەم يوق ئىدى.

دېگەندەك ھېساباتنىڭ ئاخىرىدا مەزەيت ئاقساقالنىڭ ئۈستىگە نۇرغۇن پۇل خىيانەت بولۇپ يۈكلەندى. شۇ سەۋەبتىن مەزەيت ئاقساقالنى قولغا ئېلىپ كەتتى. ئەگەر بۇ پۇلنى تۆلىمىسە ئېغىر چارە كۆرۈلۈپ، ئۇزۇن يىللار كېسىلىپ تۈرمىدە ياتىدىغىنىنى ئۇقتۇردى. ئائىلىدە بولسا ئىككى ئايال بىر كىچىك قىزىدىن باشقا بۇلارغا ياردەملىشىدىغان ئادەم يوق ئىدى. ئىككى ئايال مەسلىھەتلىشىپ ئۆيدىكى بار پۇلغا گەزلىمە رەختلەردىن توپلاپ ئېلىپ كىيىم تىكىپ دۇكانلارغا ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. رەبىيخەنىڭ كىيىم تىكىش ھۈنىرى

بار ئىدى. ئــۇ ئادەتتىمۇ قولۇم - قوشــنىلارنىڭ كىيىملىرىنى تىكىپ بېرەتتى.

ئۇلار كېچە - كۈندۈز توختىماســتىن كىيىم تىكىپ ســېتىپ پۇل توپلاشقا باشــلىدى. بىر يىل ئىشلەش جەريانىدا ئۇ پۇللارنى توپلاپ، ئۇلار مەزەيت ئاقساقالنى تۈرمىدىن ئېلىپ چىقتى.

بۇ جەرياندا كىچىك ساجىدەنىڭمۇ ئىشى كۆپەيدى. قازان بېشى، چاي قاينىتىــش، چىنە – قاچا يۇيۇش ئىشــلىرى ئۇنىڭ ئۈســتىگە يۈكلەندى. بۇنىڭدىن تاشــقىرى تىكىلگەن كىيىملەرنىڭ تۈگمىلىرىنى قاداشقا ئوخشاش ئۇششاق قول ئىشلىرىغا ياردەملەشتى.

لېكىن بىر يىــل مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ ئىــش تىككەنلىكىدىنمۇ رابىيەخەنىــڭ ئىككى پۇتى ئاغرىپ بارغانســېرى ناچارلاشــتى. كېيىن ماڭالماي ئورۇندا يېتىپ قالدى.

## رابىيەخەنىڭ ئائىلىسىگە قايتىشى

بۇ خەۋەرنى رابىيەخەنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئاڭلاپ رابىيەخەنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كىچىك ئوغلى رامازاننى ئۈرۈمچىگە يولغا سالدى.

رابىيەخە كېتىشتىن ئىككى كۈن بۇرۇن ساجىدەنى چاقىرىپ كىرىپ ئۇنىڭغا:

– قىزىم مېنىڭ ئەھۋالىمنى كۆرۈپ تۇرىسەن. مەن كېتىمەن، يېنىپ كېلەلەمدىم، يوق بىلمەيمەن. بەلكى ساقايمىســام كېلەلمەســلىكىم مۇمكىــن. مەن ســېنى جېنىمدىن ئارتــۇق ئۆز قىزىمدەك ياخشــى كۆرىمەن. بۇ ئۆيدىكى كۆڭۈل خوشــۇم ۋە يېقىن ئادىمىم سەن ئىدىڭ، مەن كېتىش ئالدىدا ساڭا ھەقىقەتنى ئاڭلىتىپ قوياي دەپ ئويلىدىم.

مەن ۋە نۇر ئاپاڭ سىنىڭ ئۆز ئاناڭ ئەمەسمىز. مەزەيت ئاقساقالمۇ سىنىڭ ئۆز ئاتاڭ ئەمەس، سىنىڭ داداڭ ئابدۇراخمان دېگەن كىشى ئىدى. ئۇ سىنى تۇرپاندىن ئاناڭنىڭ قولىدىن ئوغۇرلۇقچە ئېلىپ چىقىپ مەزەيت ئاقساقالغا قالدۇرۇپ بىر سائەتمۇ ئولتۇرماستىن چىقىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ھېچ كېلىپ باقمىدى. ھەتتا سىنىڭ ھالىڭدىن خەۋەرمۇ ئېلىپ ئىستەك سورىغىنى قىلىپ كۆرمىدى. ئابدۇراخماننىڭ سۆزىدىن سىنىڭ ئۆز ئاناڭنىڭ ئىسمى مەريەم ئىكەنلىكىنى ۋە سىنى تۇرپاندىن ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. شۇ ۋاقىتدا سەن ئۈچ ياشلىق كىچىك قىز ئىدىڭ. سەن بۇ يىلغىچە ئاپام دەپ كۆز ياشلىرىڭنى تۆكۈپ يىغلاپ يۇردۇڭ، مېنىڭ ساڭا بەكمۇ ئىچىم ئاغرىپ سەن بىلەن تەڭ يىغلايتتىم. سەن ئۇ چاغدا كىچىك، بەلكى ئېسىڭدە قالمىغاندۇر دەپ ئويلايمەن. سىنى بىلسۇن دەپ بۇ ھەقىقەتنى ساڭا ئېيتىۋاتىمەن، ئەمما ھېچكىمگە ئاغزىڭدىن چىقارما. سەن مېنىڭ ئۆز قىزىم بولمىساڭمۇ، كۆڭلۈمدە ئۆز قىزىمدىن ئارتۇقسەن، سەندىن ئايرىلىش ماڭا بەكمۇ ئېغىر كېلىۋاتىدۇ، دەپ ساجىدەنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى. ساجىدەمۇ ئۆزىنى تۇتالماستىن رابىيخەنى قۇچاقلاپ يىغلاشتى. رابىيخە كەتسە ساجىدەگىمۇ بۇ ئۆيدە ئۇنىڭغا مېھرى – شەپقەت ۋە ئوچۇق يۈز يوقتەك بەك كۆڭۈلسىز بولدى.

رابىيخەنى ئىككى ئەر كىشى كۆتۈرۈپ مەپىگە سالدى. ساجىدەمۇ ئۇن سېلىپ يىغلاپ ئۇزىتىپ قالدى. يول ئۈستىدە رابىيخە بەكمۇ قىينالدى. يېتىپ – تۇرۇش ۋە ھاجەت ئىشلىرى ئىنتايىن ئېغىر بولدى. يوللار ناچار، ئات ھارۋىنىڭ سىلكىشى بىلەن رابىيخەنىڭ پۇتى بەكمۇ ئاغرىپ چىدالماستىن بەزىدە يىغلاپ ئالاتتى.

رامازان ھەدىسىنىڭ جىنىنىڭ قىينالغىنىنى كۆرۈپ قانداق ياردەم قىلىشىنى بىلمەي، ھەدىسىنىڭ پۇتىنى ئۇگىلاپ بېرەتتى. شۇنداق قىلغاندىلا رابىيخە ئاغرىقنى سەزمەي بىرئاز راھەتلىنىپ قالاتتى. رامازان شۇ تەرىقىدە ھەدىسىگە ياردەم قىلىپ كەلدى. يېرىم يولغا كەلگەندە رابىيخە خانىم ئورنىدىن تۇرۇپ يۈرۈشكە باشلىدى. ئۆيگە مېڭىپ كىرىپ پۇتى پۈتۈنلەي ساقىيىپ كەتتى.

كېلىپ ئالتە ئايدىن كېيىن ئۆيدىكىلەر رابىيخەنىڭ بارلىق ئەھۋاللىرىنى ئاڭلاپ ھەم ئوتتۇرىدا بالا بولمىغاندىن كېيىن ئۇنى ئۇرۇمچىگە ئەۋەتمەسلىك قارارىغا كەلدى. ھەم كۆپ ئۆتمەستىن ئۇنى ئۆي - ئوچاقلىق قىلىپ قويدى.

بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز مەزەيت ئاقساقال بىر يىلدىن كېيىن رابىيخەنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن كەلدى. كۈتۈلمىگەندە مەزەيت ئاقساقالنىڭ كېلىشى ئۆيدىكىلەرنى ھودۇقتۇرۇپ قويدى. ئۇلار:

- «رابىيخە كېلىپ ساقىيالماي ئۆلۈپ كەتتى» دەپ ئاڭلىتىپ بىر مازارغا رابىيخەنىڭ مازار تاختىسىنى قاداپ مەزەيت ئاقساقالغا ئۇنىڭ قەبرى دەپ كۆرسەتتى. مەزەيت مازار بېشىغا بېرىپ قۇرئان ئوقۇپ يېرىم كۈن مازار بېشىدا يىغلاپ ئولتۇردى. نەزىر چىراغ بېرىپ قايتىپ كەتتى. لېكىن مەزەيت ئاقساقال قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەستىن رابىيخەنىڭ ئۆلمىگەنلىكىنى ئاڭلاپ بەكمۇ كۆڭۈلسىز بولدى.

## مەزەيت ئاقساقالنىڭ ۋاپاتى

مەزەيت ئاقساقالنىڭ يۈزىدىكى خۇشاللىقلىرى تۈگەپ روھى چۈشكۈن بولۇپ قالدى. ئائىلە ئىچىمۇ كۆڭۈلسىز بولۇپ، نۇرنىڭ

ئاۋازىدىن باشــقا سۆز ئاڭلانمايتتى. شــۇ ھالەتتە بىر يىل ئۆتتى. بىر كۈنــى مەزەيت ئاقســاقال ئۇلتۇرغان يېرىدە يىقىلىپ چۈشــۈپ ۋاپات بولدى. خولۇم - قوشــنا، ئەل - يۇرت جامائەتلىرى يىغلىشىپ قايغۇ - ماتەم ئىچىدە مەزەيت ئاقساقالنى ئۇزىتىپ قويدى. كىچىك ساجىدەگە ئاپىســى رابىيەخەنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ تۇرغاندا دادىســى مەزەيت ئاقســاقالنىڭ ئۆلۈمى تېخىمۇ ئېغىر كەلدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھايات ئىنتايىن كۆڭۈلسىز بىلىنەتتى.

مەزەيت ئاقســاقال ئــاكا - ئۇكا ئۈچ قېرىنــداش بولۇپ، ئۇنىڭ باقىرجان ئاقســاقال، شاكىرجان ئاقســاقال دەپ ئىككى ئۇكىسى بار ئىدى. باقىرجان چۆچەك شــەھىرىدە تۇراتتــى. ئۇنىڭ قىزىنى مۇرات رەمزىنىڭ ئوغلىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن ئەسخەت ئىسىملىك نەۋرىسى بار ئىــدى. ئۇ 2006 - يىلى 1 - ســىنتەبىردە چۆچەكتە ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ھازىر تۆت ئوغلى بار.

شــاكىرجان ئاقساقال بولسا ئۈرۈمچىدە ياشــىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئابدۇقادىر دېگەن ئوغلى شەرقىي تۈركىستان ئىنىستىتۇتىنىڭ دوختۇرى بولۇپ ئىشلەپ كەلدى. ئۇنىڭ باللىرى ھازىرمۇ ئۈرۈمچىدە ياشايدۇ.

ئەمدى مەزەيت ئاقساقالنىڭ ئۆزىدىن نەسىل قالمىدى. ئۇ بالىسى بولمىغان ســەۋەبتىن تــۆت خوتۇن ئالغان بولســىمۇ، پەرزەنت يۈزى كۆرمىدى. ئۇ رابىيەخەنى توققۇز قىز بىر ئوغۇل بولغان ئائىلىدىن نەسلى كۆپ، بەلكى بالا بولار دېگەن ئۈمىد بىلەن ئۆيلەنگەن بولسىمۇ، دۇنيا يۈزىــدە پەرزەنت كۆرمىدى. ئۇ ســاجىدەنى بېقىۋېلىپ «دۇنيالىقىمدا مۇشــۇ بىر قىزىم» دەپ چوڭ قىلدى. مەزەيت ئاقساقالنىڭ ئۆلۈمى ۋە نەزىرلىرىدە قولۇم - قوشــنا، ئەل - يۇرت يىغىلىپ يۈرۈپ قاراشــتى. چۈنكى ئۇنى جامائەت ياخشى كۆرەتتى. ھۆرمەتلەيتتى.

بۇ ئۆلۈمدە ئۇدۇل قوشنىسى بولغان ئەخمەت نەجىپ ھەممىدىن كۆپ ياردەمدە بولدى.

ئەخمەت ئىشچان، چاققان، تەربىيەلىك، كىشلەر بىلەن يېقىن دوستانە، يۇمشاق كۆڭۈل بولغانلىقى ئۈچۈن ھەممە ئادەم ئۇنى سۆيەتتى.

ئەخمەت بىلەن ساجىدەنىڭ يېقىنلىقى قويۇقلىشىپ، بۇلاردا بىر - بىرىگە بولغان مۇھەببەت تۇيغۇلىرىنىڭ بارلىقىقا كېلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. ئۇلار مۇمكىن بولسا تېز ئۇچرىشىپ تۇرۇشنى خالايدىغان بولۇپ قالدى. ساجىدە ئەخمەت ئىشتىن قايتىدىغان ۋاقتىدا بىر نەرسىنى باھانە قىلىپ چىقىپ ئەخمەت بىلەن ئۇچرىشىپ كىرەتتى. ئەخمەت ئەگەر ساجىدە بىلەن كۆرۈشەلمىسە كېچىچە ئۇخلىيالماي كۆڭلى سېغىنىش بىلەن ئازابلىنىپ چىقاتتى. ئۇلار شۇ پېتىدە ئۇزۇن بىر - بىرسى بىلەن يېقىنلىشىپ يۈرۈپ مۇھەببەت يىپلىرى ئۇلارنىڭ قەلبىنى باغلىۋالدى.

ئەخمەت نەجىپ بىلەن ئىبراھىم ۋەلى قازاندىن بىللە كېلىپ بۇ ئورۇندا ئىشلەش جەريانىدا ئۇلار يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدى.

ئىبراھىم ۋەلى ئېگىز بويلۇق، گەۋدىلىك قەددى - قامىتى قاملاشقان چىرايلىق يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ ئويچان يوغان قارا كۆزى ئىنچىكە ئۇزۇن قارا قېشى، قاڭشالىق بۇرنى ئاپئاق يۈزىگە گۈزەللىك بېرەتتى. ئۇ نۇرغۇن كىشلەر ئارىسىدا كۆزگە چېلىقىپ ئادەمنى ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى. ئىبراھىم ئاق كۆڭۈل، يۇمشاق تەبىئەتلىك، ئار - نومۇسلۇق، تەربىيەلىك ئالىيجاناب ئادەم ئىدى.

ئىبراھىمنىڭ مىنخاجىدىن، زىيالىيدىن دېگەن ئاكىلىرى بار ئىدى.

چوڭ ئاكىسى مىنخاجىدىن بىلىملىك، ئوقۇمۇشلۇق ئادەم بولۇپ، تاتارىستان بالتاي ئاۋنىدا (رايون) مەكتەپ ئېچىپ باللار ئوقۇتاتتى. ئۇنىڭ مەكتىپىدە روسىيىنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن ئوقۇغۇچىلار كېلىپ ئوقۇيتتى. ئۇ مەكتەپتە پەن ۋە دىن ساھەسىدىن باشقا ھەر تۈرلۈك تىللاردىن دەرس بېرەتتى.

بۇ مەكتەپ دۆلەت ئىچىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئالدى بولۇپ، يۇقىرى باھاغا ئىگە بولدى.

مىنخاجىدىنگە پەن ئىلمىدىن باشقا دىنى ساھەسىدە «نەقشەندە» دېگەن دەرىجىنى بېرىپ كۆزگە كۆرۈنەرلىك بىلىملىك ئادەم بولۇپ قالدى.

مىنخاجىدىن ئوغلى شاكىرنى يۇقىرى بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇتۇپ يېتىشتۈردى. روسىيىدە كومۇنىستىك پارتىيە ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، شاكىر ھەزرەتنى قولغا ئېلىپ ئۆلۈم جازاسى بەرگەندە شاكىرنىڭ بىر ساۋاقدىشى ئۇنى تۈرمىدىن ئوغۇرلۇقچە ئېلىپ چىقىپ شەرقىي تۈركىستان چېگراسىدىن ئۆتكۈزۈپ قويغان ئىكەن. ئۇ ئۈرۈمچىگە كېلىپ ياڭخاڭ تاتار مەسجىدىدە ئىمام بولۇپ ئىشلەپ كەلدى. (مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا مەسجىدلەرنى خەلق قولىدىن تارتىۋېلىپ بۇزۇپ، ئىمام – مەزىنلەرنى كۈرەش قىلىش ھەرىكىتىدىن كېيىن شاكىر ھەزرەت قاتتىق ئاغرىپ كۆپ ئۆتمەستىن ۋاپات بولدى).

ئىبراھىمنىڭ زىيا ئىسىملىك ئىككىنچى ئاكىسى 1875 – يىلى ئىسخات باي سودا بىلەن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ چىقىپ شۇنىڭ بىلەن ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئىدى.

ئىبراھىم ئاكىسى زىيانىڭ مەسىلىھەتى بويىچە چۆچەككە بېرىپ خەسەن ئاقساقالنىڭ سىڭلىسى خەلىمەگە ئۆيلىنىپ، كېلىننى ئۇرۇمچىگە كۆچۈرۈپ ئېلىپ كەلدى. خەلىمە يوغان كۆك كۆز، سېرىق چاچ، قاش - كىرپىكلىرى قارا، ئۆزى ئاپئاق ئوماققىنا بىر قىز ئىدى. ئىبراھىم ئۆيلەنگەندىن كېيىن، بىرئاز مەبلەغ توپلىشىمىز كېرەك دەپ ئايالىنى ئېلىپ تاغ تەرەپكە كەتتى.

مەزەيت ئاقساقال ۋاپات بولۇپ، ئالتە ئايدىن كېيىن كىشىلەر نۇر خانىمغا لايىقلار تېپىپ، نۇر خانىم ئۆيلىنىش قارارىغا كەلدى. «توي» قىلغان ئۆگەي ئانىنىڭ كەينىدىن ساجىدەمۇ بىللە كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. نۇرمۇ ساجىدەنى ئېلىپ كېتىپ ئۆزىگە ئاۋارىچىلىق تېپىشنى خالىمايتتى. ئەمدى ئۇ ئۆز ھاياتىنى يېڭىدىن باشلاپ، يېڭى تۇرمۇش قۇرۇشنى خالايتتى.

## ئەخمەت نەجىپ بىلەن ساجىدەنىڭ ئۆيلىنىشى

ساجىدەمۇ ئەخمەتنىڭ ئىشتىن كېلىشىنى كۈتۈپ بۇ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتتى. ئەخمەت نۇرنىڭ ئالدىغا ساجىدەنى سوراپ كىشى كىرگۈزدى. نۇرمۇ تارتىنماستىن ماقۇل بولدى. ئالدى بىلەن ساجىدەنىڭ تويىنى قىلىپ چىقاردى. نۇر بولسا ئاددى توي قىلىپ نىكاھنى ئوقۇتۇپ ئاندىن مەزەيت ئاقساقالدىن قالغان ئېگىز كۆتۈرۈپ سېلىنغان پىشايۋانلىق ئون ئېغىز ئۆيىنى بار، يوغان دەرۋازىلىق چوڭ ھويلىنى سېتىپ يىراقلارغا كۆچۈپ كەتتى. ئەخمەت بىلەن ساجىدە كۆچۈپ كىرگەن بۇ ئاخۇن تۇڭگانىنىڭ ھويلىسىدا بىرقانچە ئىجارىگە ئولتۇرغان ئائىلىكلەر بار ئىكەن. ئۇلار بىر – بىرى بىلەن تونۇشۇپ ئىناق ياشاشقا باشلىدى. قوشنىلار ئارىسىدا ياشقىنا روشەن ئىسىملىك

بىــر ئايال بىلەن ســاجىدە يېقىن بولــۇپ قالدى. ئــۇ دائىم كىرىپ ياردەملىشىپ سۆزلىشىپ تۇراتتى. بىر كۈنى روشەن ساجىدەدىن:

- سىڭلىم ساجىدە ئاتا – ئاناڭ بارمۇ؟! دەپ سوراپ قالدى.

ســاجىدە دادام ۋاپات بولۇپ كەتتــى، بىر يىل بولاي دەپ قالدى دېدى.

روشەن سۆزىنىڭ ئاخىرىنى كۈتمەستىن:

- داداڭنىڭ ئىسمى نېمە؟ دەپ سورىدى.

ســاجىدە ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قېلىپ، دادامنىڭ ئىسمى مەزەيت ئاقساقال دەپ جاۋاب بەردى.

روشــەن ئويلانغان ھالدا ئاپاڭنىڭ ئىســمچۇ؟ دەپ ســورىدى. ساجىدە ئاپامنىڭ ئىسمى رابىيخە ئۇمۇ ئۆلۈپ كەتتى، دېدى.

روشەن «مەن سىزنى بىرســگە بەكمۇ ئوخشاتقان ئىدىم، مېنىڭ تۇرپاندا مەريەم ئاتلىق كىچىك ئاپام بار ئىدى. ئۇنىڭمۇ ساجىدە دېگەن قىزى بولۇپ، ئۇ ئۈچ ياشقا كەلگەندە دادىسى كېلىپ ئوغۇرلاپ ئېلىپ كەتتى. مانا 14 يىل بولدى ھېچ يەردىن ئىســتەك سورىغىنى قىلىپ تاپالمــدى. 12 ئوغۇل ۋە پۈتۈن ئۇرۇق – تۇغقــان ھەم تۇرپاندىكى تونۇش - بىلىش ئادەملەر بولۇپ، ئىزدەپمۇ ئۇچۇرىنى ئالالمىدى.

مەريــەم كىچىك ئاپام قىزىنىــڭ يولىغا قــاراپ ئۆگزىگە چىقىپ بەش يىل يىغلاپ ئۆمرىنــى ئۆتكۈزدى. ئۇ بۇ يىللاردىن بەلكى بالىنى كۆرسەتكىلى ئېلىپ كېلەر دەپ ئۈمىدلىنىپ ياشىدى. نۇرغۇن ياخشى ئورۇنلاردىــن لايىق چىقىپ سورىســمۇ ئۇنىمــدى. ئاخىر دىنا بوۋام زورلاپ ئەرگــە بەردى. ھازىر ئۈچ بالىســى بار. لېكىن ســاجىدەگە

ھېچكىمنى تەڭ قىلماي مۇشــۇ كۈنگىچە كۆڭلى ساجىدەنى ئىزدەپ يىغلاپ ياشاپ كەلدى. كىشلەرنىڭ كۆڭلىگە خۇشاللىق بېرىپ دائىم كۈلۈپ تۇرىدىغان چىرايلىق يۈزى بىر مەرتىۋىمۇ كۈلۈپ باقمىدى. گۈل مەريــەم ئاپامنىڭ دەردىدە دىنا بوۋام ئىچ كۆيىكى بىلەن ۋاپات بولۇپ كەتتى. بىر يىلغا قالماستىن مەريەم كىچىك ئاپام بىلەن تەڭ ھەسرەت چېكىپ «ســاجىدەمنى ئۆز قولۇم بىلەن ئاپىرىپ بەردىم ئەمەســمۇ» دېگەن ۋىجدان ئازابىدا كۆيۈپ يۈرۈپ دىيلەفوروزمومام ۋاپات بولدى.

## ئانا ـ بالىنىڭ ئۇچرىشىشى

ساجىدەم سېنىڭ ئىسمىڭمۇ ساجىدە، چىرايىڭمۇ مەريەم كىچىك ئاپامغــا بەكمۇ ئوخشــىغاندىن كېيىن مەن ســېنى شــۇمىكىن دەپ ئۈمىدلەنگەن ئىدىم. ئەمما ئاتا – ئاناڭنىڭ ئىســمى ئوخشىمىغانلىقى مېنى كۆڭۈلســىز قىلــدى دېدى. بۇ ســۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ســاجىدەنىڭ قۇلىقىغــا رابىيخە ئاپىنىڭ كېتەردە دېگەن ســۆزلىرى ئاڭلاندى. «بىز نۇر بىلەن مەن ھەم مەزەيت ســېنىڭ ئۆز ئاتا – ئاناڭ ئەمەس، ســېنىڭ داداڭنىڭ ئىســمى ئابدۇراخمان، ئاپاڭنىڭ ئىسمى مەريەم. ســېنى تۇرپاندىــن ئېلىپ چىققان دېگەن ســۆزلىرى يادىغا كەلدى ۋە ۋۇجۇدىدىكى دولقۇنلارنى ئاران بېســىپ كەســكىن ھالدا روشەندىن:

– مەريەم كىچىك ئاپاڭنىڭ قىزى ساجىدەنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى كىم ئىكەن دەپ سورىدى.

روشەنمۇ ســاجىدەنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئۈمىدلەنگەندەك بولۇپ ئالدىراپ:

– ئۇنىڭ دادىسى ئابدۇراخمان ئىكەن دېدى.

ساجىدە دادىسى ئابدۇراخماننىڭ ئۇنى ئانىسىدىن ئوغۇرلاپ كېلىپ مەزەيت ئاقسااقالغا تاشلاپ بېرىپ بىر قېتىممۇ ئىستەك سورىقنى قىلماستىن يوقاپ كېتىشى ۋە ئۆگەي ئانىنىڭ قولىدا چەككەن ئازاب – ئوقۇبەتلىرى ھەم ئىچ كۆيگۈدە ھەسرەت چېكىپ ياشىغان ئانىنىڭ بارلىقى، بۇنىڭ ھەممىسى ساجىدەنىڭ كۆز ئالدىدىن چاقماقتەك بولۇپ ئۆتتى. بۇ ئىشلار ئۇنىڭ قەلبىدە دېڭىز دولقۇنىدەك بولۇپ، ساجىدەنىڭ رەڭگى تامدەك تاتىرىپ يوغان چىرايلىق قارا كۆزلىرىگە ياش كەلدى. يۈزىنى بويلاپ يامغۇردەك ئاققان كۆز ياشلىرىنى توختىتىۋېلىش ئۈچۈن يۈتقۈلۈقنى يۈتۈپ ئۆزىنى ئاران باستى ۋە چوڭقۇر بىر نەپەس ئالغاندىن كېيىن:

- مەن شۇ ساجىدە دېدى.

روشەن ئېتىلىپ كېلىپ ساجىدەنى قۇچاقلاپ قېرىندىشىم ، ئەزىزىم، جېنىم دەپ يىغلاپ كەتتى. ئەخمەت ئىشىكتىن كىرىپ بۇلارنىڭ يىغلىشىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ ئەنسىرەپ:

- نېمە بولدى، بىر ئىش بارمۇ نېمىشقا يىغلايسىلەر دەپ سورىدى.

ئۇلاردىن ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

ئەخمەت نەگە چىقىپ كەتتى دەپ ئۇلار ھەيران قېلىشتى. كۆپ كېچىكمەستىن بىر كىراچى مەپىنى باشلاپ كەلدى. روشەندىن مەريەمنىڭ ئادرېسىنى ئېلىپ كىراچىغا بەردى. مەريەمنىڭ ئائىلىسىنى ئېلىپ كېلىشنى تاپشۇرۇپ كېلىشىم بىلەن يولغا سالدى.

ساجىدە، روشەن، قولۇم – قوشنىلار بىلەن يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈپ توي بولىدىغاندەك ھازىرلىنىپ مەريەمنىڭ كېلىشى ئۈچۈن تەييارلاندى.

مەريــەم قىزى ســاجىدەنىڭ خەۋىرىنى ئېلىــپ ۋە ئۇنىڭ يېنىغا چاقىرتقان سۆزىنى ئاڭلىغاندا خۇشاللىقىدىن ھۇشىدىن كېتىشكە تاس قالدى. كۆزلىرىدىن ياشلار ئېقىپ نېمە ئېلىپ، نېمە قويۇشنى بىلمەي كەتتى. قېرىنداش ئاكا – ئۇكا ۋە ئۇرۇق – تۇغقان، قولۇم – قوشــنا، ئەل – يۇرت ئۇنىڭ خۇشــاللىقىغا ئورتاق بولۇپ، مۇبارەكلەپ كەلدى. ئۆلگــەن دىنا بوۋاي بىلەن دىيلەفوروز، ئاتا – ئانىلارنى ئەسلەشــتى. «ئۇلار ھايات بولغان بولســا قانچىمۇ خۇشــال بولاتتى، ھېچ بولمىسا كۆڭلــى بىر كۆلۈپ قالغان بولاتتى» دېيىشــتى. يۈتــۈن قېرىنداش، تۇغقان ۋە جامائەت ياخشى تىلەكلەر بىلەن ئۇزىتىپ قويدى.

مەريــەم ئۈرۈمچىگــە يېقىنلاشقانســېرى ھاياجــان ئىچىــدە جىددىيلىشىپ كەتتى. ئۇچ ياشلىق گىجىم چاچ، چولپان كۆزلۈك، ئاپئاق ئۇماق قىزنىڭ ئۇنىڭ ئالدىغا «ئاپا» دەپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقىنىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنى كۆرگۈســى ھەم قۇچاقلاپ باغرىغا باسقۇسى كېلەتتى. ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان مەپىنىڭ مېڭىشى مەريەم ئۈچۈن ئاستا سېزىلەتتى. «چاپسان ماڭساڭچۇ» دېگۈسى كېلەتتى.

ھارۋا چاپتۇرۇپ ھويلىغا كىرىــپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا زىلۋا بويلۇق، سۇمبۇل چاچلىق، چولپان كۆز قىزنىڭ «ئاپا» دەپ ئىككى قولىنى يېيىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەن مەريەم ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي ھودۇقۇپ ھەيرانلىقىدا بىــرەر مىنۇت قاراپ تۇرۇپ قالدى. ســاجىدە مەپىنىڭ ئالدىغــا يېتىپ كەلگەنــدە بۇ ئۆزىنىڭ قىزى ســاجىدە ئىكەنلىكىنى بىلدى. مەريەم ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ «قىزىم ساجىدەم، جېنىم، ئەزىزىــم» دەپ قۇچاقلاپ كۆزياشــلىرى بىلەن ســاجىدەنى باغرىغا

باستى. ساجىدەمۇ خۇشاللىقىدىن كۇلسىمۇ كۆزىدىن ياشلىرى يۈزىنى بويلاپ ئاقاتتى. ئەتراپتا بۇلارنى قارشى ئېلىپ تۇرغان بارلىق ئادەملەر 14 يىلدىن بۇيان پىغان ھەسرەتلىرىنى چېكىپ نۇرغۇن ئېغىرلىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بۇ ئانا - بالىنىڭ كۆزياشلىرىغا ئورتاق بولۇپ يىغلىشاتتى.

ئەخمەت نەجىپ مەريەمنىڭ يولدىشى روزى باقى ۋە مەريەملەر بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ، باللارنى يېتىلەپ بارلىق مېھمانلارنى ئۆيگە باشلاپ ماڭدى.

مېھمانلار تۆرلۈك مېزىلىك تائاملار بىلەن لىق تۇشقان سوفرانى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، كۆڭۈللۈك خۇش چاقچاق كۈلكىلەر بىلەن سۆزلىشىپ غىزالاندى. مەريەم قىزىغا قاراپ ھېچ تويمايتتى. ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرغۇسى، قۇچاقلاپ باغرىغا باسقۇسى كېلەتتى. ساجىدەنىڭ يېنىدىن كەتمەي، ئۇنىڭ ئەتراپىدا چۆگىلەپ يۈرەتتى. قىزىغا قاراپ ئۆزىنى بەختلىك ھەم خۇشال ھېس قىلاتتى. ساجىدە ئۆزىنى ھېچكىمى يوق يېتىم ئەمەس، ئانام سۆيەنچىم ھەم كۈچۈم بار دەپ خۇشال ئىدى. كىچىك ئۈچ ئۇكىسى كېلىپ ساجىدەگە ھەدە دەپ ئەكىلەپ ئېسىلسا ساجىدە خۇشاللىقىدا ئۇلارنى قۇچاقلاپ باغرىغا بېسىپ سۆيەتتى.

## مەريەمنىڭ ۋاپاتى

لېكىن بۇ خۇشاللىق ئۇزۇنغا بارمىدى. ئالتە ئايدىن كېيىن مەريەمنىڭ ئالتە ئايلىق بالىسى قورساقتا ئۆلۈپ كېتىپ مەريەمنىڭ ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالدى.

بۇ دەۋردە دوختۇرخانىنى قويۇپ بىر دوختۇرنى تېپىش قىيىن

ئىدى. پەقەت يەرلىك تومۇرچى دوختۇرلاردىن باشقا دوختۇر تېپىلمايتتى. ئەخمەت بىلەن ساجىدە مەريەمنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن دوختۇر ئىزدەتمىگەن يەر قالمىدى. ئەخمەت، ئىبراھىم ۋە بارلىق قولۇم - قوشنا، تونۇشلار دوختۇر ئىزدەپ ھەر تەرەپكە چېپىشتى، لېكىن ئامال بولمىدى. مەريەم ۋاقىتسىز ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ ھەممە ئۈچۈن ئېغىر قايغۇ بولدى.

ئۇ دەۋردە دوختۇرنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولۇپ، قۇتۇلدۇرالماي ئۆلۈپ كەتكەن ئاياللارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

مەريەم پۈتۈن ئۆمۈرىدە دەرت - ئەلەم بىلەن ياشاپ 34 يېشىدا يەرلىككە قويۇلدى. بۇ ساجىدەنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئاچچىق كۈنلەرنىڭ بىرى بولدى. ئۇ ئانا مېھرىگە قېنىپمۇ بوللە ياشالمىدى. كىچىك ئۈچ ئۇكىسىنىڭ مۆلدۈرلەپ يېتىم قېلىشى ساجىدەنىڭ يۈرىكىنى ياندۇراتتى.

مەريەمنىڭ قىرىق نەزىرىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن روزى باقى «سانجىدا بىر كىشى بىلەن ئورتاق ئىش تاپتىم مەن شۇ يەرگە كۆچۈپ كېتىمەن» دەپ بالىلارنى ئېلىپ سانجىغا كۆچۈپ كەتتى. ساجىدە بالىلارنى ئېلىپ قالاي دېگەن ئىدى، روزى باقى:

- ئۇچىسىمۇ مېنىڭ يېنىمدا بولسۇن دەپ ئۇنىمىدى.

ساجىدە ئۈچۈن ئۇنىڭ ھايات ئاسمىنىدا قۇياش بىر چىقىپ قايتا يوقاپ كەتكەندەك بولدى.

ئەخمەت بىلەن ئىبراھىم مۇشۇ ئون يىل ئىچىدە تاپقان - تەرگىنى بىلەن مال (قوي، ئات، كالا) ئېلىپ مالچىلارغا باقتۇرۇش ئۈچۈن بەردى. ئۇلارنىڭ ماللىرى ئۆسۈپ بەش يۈزدىن ئارتۇق بولۇپ

ئىقتىسادى كۆتۈرۈلۈپ قالدى.

ئەخمەت ئاتا – ئانا، ئۇكىلىرى ۋە ئەل يۇرتنى كۆرمىگىلى ئون يىل بولدى. ئۇلارنى بەكمۇ سېغىنغان ئىدى. بىرىپ يۇرتنى كۆرگىسى كەلدى.

مەريەمنىڭ يىل نەزىرىدىن كېيىن، ساجىدەگە بىر يىللىق راسخودىنى ھازىرلاپ بىرىپ، يۇرتقا بىرىپ كېلىش ئۈچۈن قازانغا كەتتى.

خەلىمە بىلەن روشەن ھەر كۈنى ساجىدەنىڭ يېنىدا بولۇپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى.

ئۇلار ساجىدەگە بوش ئولتۇرساڭ قايغۇڭ تۈگىمەيدۇ، دەپ ئىش تىكىپ دۇكانلارغا ئۆتكۈزۈشنى ئېيتىپ روشەن بىلەن ئىككىسى كېچە – كۈندۈز دېگەندەك ئىش تىكىپ خېلى ئىقتىساد توپلىۋالدى ھەم شۇنىڭ بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئىچ كۆيىكى ۋە قايغۇلىرى ئۇنتۇلۇشقا باشلىدى.

ئەخمەت كېتىپ بەش ئايدىن كېيىن بىر كۈنى ساجىدەنى ئىزدەپ ياشقا چوڭ بىر ئادەم كەلدى. ئۇ روزى باقىنىڭ قوشنىسى بولۇپ، ئۇلاردىن خەۋەر ئېلىپ كەلگەن ئىكەن. روزى باقى شۇ كەتكەنچە ھېچقانداق خەۋەرسىز يوقاپ كەتكەن ئىدى.

## ئورتاق خەزنۇ باللارنى سېتىشقا ئېلان چىقاردى

ئۇ ئادەم روزى باقى ئىككى كۈن ئاغرىپلا ۋاپات بولۇپ كەتتى ۋە باللار روزى باقى بىلەن ئورتاق ئىشلىگەن خەزنۇدە قېلىپ، ئۇ خەزنۇ باللارنى ساتىمەن دەپ ئېلان چىقاردى دېدى. ئېلان چىقرىپ

بەش كۈندىن كېيىن، سانجىدىن ئوتتۇرا ياش ئۇيغۇر ئەر – خوتۇن كېلىپ باللارنى كۆرۈپ مەخفۇروزنى ئالدىغانلىقىنى ئېيتتى- دە، روزى باقىنىڭ ئورتاق خەنزۇسى بىلەن سۆزلىشىپ باھالاشتى. بۇنى ئاڭلاپ باللار پەرىشان بولدى ھەم مەخفۇروزنى مەھكەم قۇچاقلاپ سىڭلىمىزنى بەرمەيمىز، ئۆلتۈرسەڭمۇ بىز سىڭلىمىزنى ساتمايمىز دەپ ۋارقىرىدى. ئۇلارنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياشلىرى يۈزىنى بويلاپ يەرگە تاماتتى.

ئۈچ ياشلىق مەخفۇروز قىز تولۇق بىر نەرسىنى بىلمىسىمۇ ئۆزىنىڭ بىر يەرگە ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئاڭلىسا كېرەك:

– مەن كەتمەيمەن، مەن كەتمەيمەن دەپ ئاكىلىرىنىڭ بوينىدىن مەھكەم قۇچاقلاپ ۋارقىراپ يىغلىدى. بۇ ۋەزىيەتتىن قاتتىق قورققانلىقىدىن رەڭلىرى ئاقىرىپ تىترەيتتى. بۇ غېرىبلارنىڭ ھالىغا يېتىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. بىزلەرنى بۇ ئېغىرلىقتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىرەر ئىنسان چىقىپ قالارمۇ دەپ ئەتراپىلىرىغا قاراپ تەلمۈرۈپ ياردەم كۈتەتتى.

بۇ بىچارىلەر ئىگىسىز، چارىسىز ھالدا قەلبىنىڭ كۆيۈشىدىن بىر – بىرىنى قۇچاقلاپ يىغلاشتى. بۇ ئاھۇ – زار يىغلاپ چىرقىراشلاردىن خەۋەر تاپقان قولۇم – قوشنىلاردىكى ئادەملەر كېلىپ «نېمە بولدى؟» دەپ باللارنىڭ ھالىغا ئېچىندى. روزى باقىنىڭ ئورتىقى بولغان خەنزۇ كېلىپ باللارنى ئىتتىرىپ ئۇلارنىڭ قۇچىقىدىن كىچىك قىزنى خۇددى چۆجىنى ئېلىپ ماڭغان شۇڭقاردەك يۇلۇپ ئېلىپ سانجىدىن كەلگەن ئەر – خوتۇنغا ئاپىرىپ بەردى. مەخفۇروزنى سېتىۋالغان ئەر – ئايال بالىنى ھارۋىغا سېلىپ ئاتنى چاپتۇرۇپ مېڭىپ كەتتى. كىچىك قىز مەخفۇروز قاتتىق قورققان ھالدا ئاكا دەپ چىرقىراپ ئاكىلىرىنىڭ

كېلىپ قۇتۇلدۇرۇشـــنى كۈتۈپ ئىككى قولىنى سوزغان پېتى يىراقلاپ كەتتـــى. سىڭلىســـىنىڭ كەينىدىـــن ئىككـــى ئوغۇل «ئـــۇكام» دەپ ۋارقىرىغان ھالدا يۈگۈرۈپ يېتىشەلمەي، ئامالسىز ئايرىلىپ قالدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن قولۇم – قوشنىلارمۇ يىغلاشتى. باللارنى قۇچاقلاپ ئۆلارنىڭ قايغۇسـىـغا ئورتاقلاشتى. لېكىن ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇۋالغۇدەك بىرەر چارىسى يوق ئىدى. روزى باقىنىڭ ئورتىقى بولغان خەنزۇ پۇلنى كۆتۈرۈپ خۇشال ھالدا باللارغا:

- «ھـــەي! قايتىپ كېلىڭلار» دەپ تـــوۋلاپ قويۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

كوچىدىكى توپلاشـــقان كىشىلەر ھەم قولۇم – قوشنىلار باللارغا ئىچـــى ئاغرىپ بىـــر ياردەم قىلىشـــنى ئويلايتتى. باللار يىغىســـنى توختىتالماي پەرىشـــان ھالدا سىڭلىســـىنىڭ كەتكـــەن يولىغا قاراپ قالـــدى. مەخفۇروزنىڭ چىرقىراپ يىغلىغان ئـــاۋازى خېلى ئۇزۇنغىچە ئاڭلىنىـــپ تۇردى. كۆپ ئۆتمەســـتىن ھارۋا كۆزدىـــن غايىپ بولدى، پەقەت ئۇنىڭ يول ئۈستىدە كۆتۈرۈلگەن چېڭى قالدى.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن كۆپچىلىك قاتتىق ھاياجاندا يۈرىكى ئاغرىپ ئۆزئارا سۆزلەشتى.

بۇلارغا بىز بىر ياردەم قىلايلى، بۇ خەنزۇ باللارنى ســـېتىپ پۇلنى ئېلىپ خۇشـــال ياشـــايدۇ. لېكىن بۇ باللارنىڭ كېلەچىكى، تۇرمۇشى قانداق بولىدۇ. ئۆز مۇســـۇلمانىمىز، ئۆز قېرىنداشىمىز، نېمىشقا ياردەم قىلالمايمـــىز. بىـــر ئامال قىلايلـــى دەپ ئاپئاق ســـاقاللىق بىر بوۋاي كۆپچىلىككە مۇراجىئەت قىلدى.

ئارىدىن بىرسى باللاردىن سىلەرنىڭ بىرەر يېقىنىڭلار، تۇغقىنىڭلار

يوقمۇ دەپ سورىدى. باللار يىغىسىنى توختىتىپ، كۆپچىلىكنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدى. بۇلار بىزگە ياردەم قىلىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئۈمىدلەندى.

ھەمدۇللا سەككىز ياشلاردا بار ئىدى. ئۇ ئۆتكۈر، ئەقىللىق بالا ئىدى. دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۆزىنى ئائىلىنىڭ بېشى دەپ ئويلايتتى.

ھەمدۇللا كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ:

- بىزنىڭ ھەدىمىز ھەم ئاكىمىز بار. ھەدەمنىڭ ئىسمى ساجىدە، ئاكامنىڭ ئىسمى ئەخمەت نەجىپ، ئۇلار ئۇرۇمچى شەھرىدە تۇرىدۇ – دېدى.

قوشنىلاردىن بىرسى ئۇلاردىن ھەدەڭ بىلەن ئاكاڭلار بار ئىكەن، نېمىشقا سىلەرنى ئېلىپ كەتمەي تاشلاپ قويدى، دەپ ئەجەبلىنىپ سورىدى. ھەمدۇللا بىز بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، ئاكاملار بىلەن خەۋەرلىشەلمىدۇق. دادام كېلىپلا ئىغىر ئىشقا كىرىشىپ كېچە – كۈندۈز بۇ خىتاينىڭ قولىدا قۇلدەك قاتتىق ئىشلەپ ئۈرۈمچىگە بارغۇدەك ۋاقتى بولمىدى. دادام بىر ئاز ۋاقىت سوراپ ئۈرۈمچىگە بېرىپ كېلەيلى، ھەدەڭلەر بىزنىڭ نەدە ئىكەنلىكىمىزنى بىلمەيدۇ، ئۇلار بىزدىن ئەنسىرەۋاتقاندۇ، مەن سىلەرنى ھەدەڭلەرگە ئاپىرىپ قويايمۇ دەپ ئويلاۋاتىمەن، ھەدەڭلەر بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى بىلمەيدۇ، دېگەن ئىدى دەپ ھەمدۇللا كۆزىگە ياش ئالدى.

بۇلاردىن ئۈچ ھويلا نېرىدە ئولتۇرىدىغان قوشنىسى ئەمەت:

- سەن ئۇلارنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلەمسەن؟ دەپ سورىدى.

ھەمدۇللا ئويلىنىپ مەن ياخشى بىلمەيمەن، پەقەت ئاكام ئەخمەت نەجىپ بەش ۋاقىت نامىزىنى مەسجىدتە  ئوقاتتى دېدى.

- قايسى مەسجىدتە ئۇ ناماز ئوقۇيتتى، دەپ سورىدى.

- ياڭخاك تاتار مەسجىدىدە ئوقۇيتتى – دېدى.

ياخشــى بولدى ئۇلارنى مەســجىد جامائىتىدىن سوراپ بىلگىلى بولىدۇ، دېدى.

50 ياشلار ئەتراپىدىكى ئۇلارنىڭ تام قوشنىسى ئوسمانجان ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن مەن بىرىپ ئىزدەپ كۆرەي دېدى.

پۈتــۈن ئادەم بىــر چىقىش يولىنــى تاپقاندەك خۇشــال بولدى، ئوسمانجانغا كۆپ رەھمەتلەر ئېيتىپ:

- ئاللاھ ســىزنىڭدىن رازى بولسۇن، چوڭ ساۋاپ ئىش قىلىدىغان بولدۇڭ، ئاللاھ ساڭا ياردەم قىلسۇن دەپ دۇئا قىلىشتى.

ئوســمانجان روزى باقى بىچارە يۇۋاش ياخشى ئادەم ئىدى. مۇشۇ خىتاينىڭ قولىدا قاتتىق ئىشــلەپ ئېغىر ئەمگەك ئۇنى يىقىتتى. ياش ئىدى، ئىككى كۈن ئاغرىپلا تۈگەپ كەتتى ئەمەســمۇ، ئۇنىڭغا بەكمۇ ئىچىندىم، ئەمدى بالىلىرىغا كەلگەن كۈننى دېمەمســلەر، بالىلارنىڭ ھالىغا قاراپ ئىچىم ياندى دېدى.

## ئۈكىلىرىنى ساجىدە سېتىۋېلىپ كەلدى

ئوســمانجاننىڭ يول خىراجىتى ئۈچۈن شۇ يەردىكى ھەممە ئادەم ئازدۇر - كۆپتۇر پۇل بەردى. شــۇنىڭ بىلەن ئوســمانجان ھارۋا كىرا قىلىپ ئۈرۈمچىگە قاراپ يول ئالدى.

باللار ئوسمانجان ئاكىسىنىڭ قايتىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ قالدى.

ئوسمانجان ھارۋا بىلەن بىر كۈن يول يۈرۈپ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. قاراڭغۇ چۈشكىچە ياڭخاڭ تاتار مەسجىدىنى تېپىۋالاي دەپ كوچىلاردىكى ئۇچرىغان ئادەملەردىن سوراپ خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن تاتار مەسجىدىگە كېلەلىدى. كىشىلەر نامازدىن چىقىپ تۇرغاندا ئوسمانجان كېلىپ ئادەملەردىن ئەخمەت نەجىپ دېگەن ئادەمنى ئىزدەپ كەلگەن ئىدىم، مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشىم كېرەك ئىدى دېدى. مەسجىدتىكىلەر ئەخمەت نەجىپ ھازىر يوق ئۇ قازانغا كەتتى دېدى. ئوسمانجان ئۇنىڭ ئائىلىسىنى كۆرسەم بولاتتى، دېدى.

ئەخمەت بىلەن مەسجىدكە بىللە كېلىدىغان قوشنىسى بار ئىدى. ئۇ چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. سىز مەسجىدنىڭ مۇساپىرخانىسىدا يېتىپ قېلىڭ، ئەتە كەلسە سىزگە كۆرسىتىپ قويارمىز - دېدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ساجىدەنىڭ يۈرىكى ياندى. «ۋاي غېرىپ ئۆكىلىرىم كىچىككىنە جېنىڭلارغا نېمىدېگەن ئېغىر كۈنلەر كەلدى» دەپ يىغلاپ كەتتى.

ئۇ ئادەمگە تاماقلار بېرىپ بولغاندىن كېيىن ساجىدە ئوسمانجان بىلەن پاراڭلىشىپ ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن خەنزۇنىڭ سورىغان پۇللىرىنى ئەخمەت نەجىپنىڭ تاشلاپ كەتكەن پۇللىرى بىلەن ھازىرلاپ بەردى ھەم ئۇ ئادەمنى رازى قىلىپ باللارنى ئېلىپ كېلىشنى تاپشۇرۇپ يولغا سالدى. سىڭلىسى مەخفۇرزىنىڭ سېتىلىپ كەتكىنى ئۇچۇن يۈرىكى ياندى، جان جىگىرىم نەرلەردە يۈرىكىڭ كاۋاپ بولۇپ يۈرگەنسەن، دەپ توختىماستىن كۆز يېشى قىلدى. ئىككى كۈن مىدىر قىلماستىن ئولتۇرۇپ باللارغا كىيىم تىكىپ ھازىرلىدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇ ئـادەم باللارنى يېتىلەپ ئۆيگە ئېلىپ كەلدى.

بىچارىلەرنىڭ رەڭگى ئادەم تونۇغۇسىز ھالدا ئورۇقلاپ قاق ئۇستىخان بولۇپ، چاچلىرى ئۆسۈپ، كىيىم - كېچەك، باش كۆزلىرى كىرلەپ، شۇنداق ئېچىنارلىق بىر ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىكەن.

ساجىدە باللارنى كۆرۈپ قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى. ئۇلارنىڭ چاچلىرىنى چۈشۈرۈپ، يۇيۇندۇرۇپ، يېڭى كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ قويغانتى، ئادەم قىياپىتىگە كىردى. ھەمدۇللاھ ئۆيىمىزگە كەلدۇق دەپ خۇشال بولدى، ئەمما ھەۋزۇللاھ بولسا قايغۇ - ھەسرەت ئىچىدە چىرايىدىن مۇڭ تۆكۈلۈپ يىغلاپ تۇراتتى.

بىر ئايدىن كېيىن ئەخمەت نەجىپ قازاندىن قايتىپ كەلدى. روزى باقىنىڭ ۋاقىتسىز ۋاپات بولغانلىقى كىچىك قىز مەخفۇروزنىڭ سېتىلىپ كەتكەنلىكى ۋە باللارنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ كۆڭلى بەك يامان بولدى. ھەمدۇللاھ بىلەن ھەۋزۇللاھنى باغرىغا بېسىپ ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتى. (ئەخمەت نەجىپ كۈچلۈك غەيرەتلىك بولسىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلى يۇمشاق ئاسان كۆزىگە ياش كېلەتتى).

كىچىك قىز مەخفۇروزنىڭ تەقدىرىنى ئويلاپ بەكمۇ ئېچىنىپ ساجىدەگە:

- بىز ئۇ قىزنى چوقۇم تېپىپ كېلىمىز دەپ مەخفۇروزنىڭ ئىستەك سورىغىنى قىلىشقا باشلىدى. بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە ئۇنى ئاران تاپتى.

ئەخمەت بىلەن ساجىدە كىچىك قىز مەخفۇروزنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئۇ ئادەملەرگە سوۋغاتلار ۋە مەخفۇروز ئۈچۈن بەرگەن

پۇللاردىن بىر ھەسسىدىن ئارتۇقنى ئېلىپ يولغا چىقتى.

كىچىك قىزنى ئالغان ئادەملەرنىڭ بىرمۇ بالىسى بولمىغان، ئوتتۇرا ياشتىكى ئەر - خوتۇنلار ئىكەن. ئۇلار بۇ بالىنى ئۆزىنىڭ قىزى قىلىپ مەخفۇروزنىڭ ئىسـمىنى يۆتكەپ تۇرۇپ قالسـۇن دەپ «توختىخان» قويۇپ بالىنى بېشىغا قوندۇرۇپ بېقىۋېتىپتۇ. ئەخمەت نەجىپ بۇ يەرگە كەلگەن سەۋەبنى سۆزلەپ «بۇ قىزنىڭ ئىگىسى مەن ئاكىسى بولىمەن بالىنى ئالغىلى كەلدۇق» دېگەندە، ئۇ ئىككى ئەر - خوتۇننىڭ يۈرىكىنى سـۇغۇرۇۋالغاندەك بولۇپ ھۆكۈرەپ يىغلاپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى. بۇ قىز بىزنىڭ ھاياتىمىز، بىزگە ئۈمىد بەرگەن، ئائىلىمىزگە خۇشـاللىق ۋە بەخـت ئېلىپ كەلگەن ۋە ئائىلىمىزنـىڭ چىرىغىنى يورۇتقان قىز بولـدى. بىز بۇ بالىدىن ئايرىلسـاق ئۆلىمىز. ئالالاھ ھەققىگە بىزنى بۇ بالىدىن ئايرىماڭلار، بىز سـىلەرنىڭ بىر قېرىندىشـڭلار بولايلى. بىز سـىلەر بىلەن تۇغقان بولۇپ ئۆتەيلى، دەپ ئەر - خوتۇن ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلاپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ يالۋۇرۇپ كەتتى. مەن قىزىمنى ھەر ۋاقىت سىلەرگە ئېلىپ بېرىپ كۆرسىتىپ كېلىمەن، ئۇنداق قىلماڭلار بىز بۇ قىزىمىزنىڭ كۆزىدىن بىر تامچە ياش چىقارماي ئەزىزلەپ بېقىپ چـوڭ قىلىمـىز دەپ قاتتىق يالۋۇرۇپ كەتكەنـدىـن كېيىن ئەخمەت نەجىپ بىلەن ساجىدە بۇلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىچى ئاغرىپ قانداق قىلارىنى بىلمەي ھودۇقۇپ تۇرۇپ قالدى.

راستىن ئۇلار بۇ بالىنى ياخشى كۆرۈپ بېشىدا كۆتۈرۈپ قەدىرلەپ بېقىۋېتىپتـۇ. بالىمۇ ئۇلارنى دادا، ئاپا دەپ ئۆز ئاتا - ئانىسـى بىلىپ ئېچەكەپ كېتىپتۇ. ئەخمەت بىلەن ساجىدە مەخفۇروزگە كەل قىزىم، بىز سـېنى ئالغىلى كەلدۇق، بىزمۇ سېنى ياخشـى كۆرىمىز سەن بىز بىلەن كېتەمسـەن دەپ قۇچىقىنى ئاچقان ئىدى. مەخفۇروز يۈگۈرۈپ

بىرىپ ئۇ ئـــەر - خوتۇننى قۇچاقلاپ كەتمەيمـــەن، دادا - ئاپا مېنى بەرمەڭلار دەپ يىغلاپ كەتتى.

ئەخمەت بىلەن ساجىدە بۇ قىز بۇلار بىلەن خۇشال ئىكەن. بۇلادىن ئايرىپ ئېلىپ كېتىپ ئۇنى بەختلىك قىلالمايدىغان ئوخشـــايمىز دەپ ئويلاپ قالدى.

بۇ بىچارە ئەر - خوتـــۇن نېمە قىلارىنى بىلمەي يۇگۇرۇپ يۇرۇپ ساجىدە بىلەن ئەخمەتنى مېھمان قىلدى.

ئەخمەت بىلەن ساجىدە بۇ قىزنىڭ يۇزىدىن بىز بىر ئائىلە بولۇپ ئاكا - ئۇكا قېرىنداشلار بولايلى دەپ تۇرۇپ قۇچاقلىشىپ قېرىنداش بولۇشتى. ئەخمەت نەجىپ ئېلىپ كەلگەن سوۋغات ۋە پۇللارنى ئۇلارغا بېرىپ ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ھازىرلىغان نەرسىلىرىنى بەردى. ھەر دائىم بىر - بىرىنى ئىزدىشـــىپ تۇرارغا ۋەدە قىلىـــپ مەخفۇرىزنى بىرىنچى ئالاھقا ھەم ئۇلارغا تاپشـــۇرۇپ قايتىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىككى ئائىلە ئاكا - ئۇكا قېرىنداشلار بولۇپ ياشاشتى. ئۇلار دائىم ئات ھارۋىسى بىلەن كېلىپ ساجىدەنىڭ ئائىلىسىنى سانجىغا ئەخمەتلەر ئۇلارنى ئۇرۇمچىگە مېھمانغا چاقىرىپ دېگەندەك يېقىن تۇغقان بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بۇگۇنكى كۇنگە قەدەر ئىزدىشىپ تۇرىدۇ. ئەخمەت ھەمدۇل - ھاۋزۇللارنى مەدرىســـە مەكتەپلەرگە ئوقۇشـــقا بەردى. ئۆزى ھەم قوشۇمچە ئوقۇتۇپ تەربىيەلەشكە باشلىدى.

## مەكتەپ ھەققىدە كانتوردا سۆھبەت

ئۇرۇمچى شـــەھرىنىڭ غالىبىيەت يولىدىن ئىتتىپاق يولىغا قاراپ كىرىشىدە ئوڭ قول تەرەپ دوقمۇشتىكى ھويلا زىياھاجى (ئىبراھىمنىڭ

ئاكىسى )نىڭ ھويلىسى بولۇپ، غالىبىيەت يول ئۇستىدە ئۇنىڭغا ياندىش ھويلا ئىسھاق باينىڭ ھويلىسى ئىدى. بۇ ھويلىدىكى يوغان ئۆچ ئېغىز ئۆينى كانتور (ئىشخانا) دەپ ئاتاپ، خەلق ئىچىدىكى ھەر قانداق مەسىلە بولسا كۆپچىلىك مۇشۇ ھويلىغا يىغىلىپ مۇزاكىرىلىشىپ ئىشنى ھەل قىلاتتى. بۇ كانتورنى دەسلەپ تاتارلار قۇرۇپ، شۇلار ئىش ئېلىپ باردى. كېيىن كانتورنىڭ دائىرىسى كەڭلەپ ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېكلەر، قىسقىسى، ھەممە خەلق بىرلىشىپ ئىش ئېلىپ بارىدىغان ئورۇن بولدى. بىر كۈنى ئەخمەت كانتوردا كۆپچىلىك جامائەت يىغىلىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ، ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەممىمىز جەم بوپتۇق، مەن بىر پىكرنى ئوتتۇرىغا قوياي، ھەرقايسىمىزدا قىز - ئوغۇللار بار. ئوغۇللارنى مەدرىستە ئوقۇتساقمۇ، لېكىن قىزلىرىمىزغا مەكتەپ يوق. قىزلىرىمىزنى نادان قالدۇرامدۇق؟ ئوغۇللىرىمىزغىمۇ يۇقىرى بىلىم يۇرتى بولغان مەكتەپلەر كېرەك. كۆپچىلىك بۇنى بىر ئويلىشىپ كۆرسەك دېدى.

ئىسھاق باي «بۇ ياخشى پىكىر، كۆپتىن بىز بۇنى قىلىشقا تېگىشلىك ئىدۇق. بالىلىرىمىزنىڭ نادان قېلىشىنى ھېچكىم خالىمايدۇ. شۇنداقمۇ؟ ئويلىنىپ كۆرۈڭلار» دېدى. ھەممە ئادەم بۇ ئىنتايىن توغرا پىكىر دېيىشتى. كۆپچىلىك ئوتتۇرىسىدا مۇزاكىرە تالاش – تارتىشلار بولدى.

ئوقۇتقۇچىلار يوق ئۇنى قانداق قىلىمىز؟

مەكتەپ ئورنى ھەم ئىقتىسادىي ئىشلارنى قانداق قىلىمىز؟ دېگەنگە ئوخشاش پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئەخمەت نەجىپ:

– ھازىر مەدرىستە مەھمۇد قارىي بىلەن زىننەتتۇللاھ ئوقۇتقۇچىلىق

قىلىۋاتـــدۇ. زىيننەتتۇللاھ ئۇ ياش يىگىت ئۇنىڭمـــۇ ئۆيلىنىش ۋاقتى بولدى. ئۇنى قازانغا ئەۋەتەيلى ئۇ يەردە ئوقۇمۇشـــلۇق بالىلىرىمىزنى ئوقۇتالايدىغـــان يۇقىرى ســـەۋىيىدىكى بىلىملىك قىزغا ئۆيلەنســـۇن، مۇمكىن بولســـا چوڭ، بالىلىرى جىق ئائىلە بولســـا تېخىمۇ ياخشـــى. خانىمى قىزلىرىمىزنـــى، ئۆزى ئوغۇللىرىمىزنى ئوقۇتســـۇن. ئۇنىڭدىن باشـــقا يەنە خەلقىمىز ئۈچۈن بۇ ئەمەس بىرقانچە مەكتەپلەر كېرەك دېدى.

ئاردىن بىرســـى زىيننەتۇللاھنىڭ ئىقتىسادى يوق، قازانغا قانداق بېرىپ توي قىلىپ ئۇلارنى ئېلىپ كېلىدۇ؟ دەپ سورىدى.

ئىسھاق باي ئۇنىڭ ئىقتىسادى بىز. بارلىق ئىقتىسادىنى بىز بالىلىرىمىز ئۈچۈن ھەممىمىز كۆتۈرىمىز دېدى. شۇنىڭ بىلەن زىيننەتتۇللاھ مۇئەللىم قازان شەھىرىگە مېڭىپ كەتتى. كۆپ كېچىكمەستىن ئۆيلىنىپ ئايالى ھەم ئائىلىســـىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئايالى مەريەم بىكە ئابىستاي ئوقۇغان بىلىملىك ھەر تەرەپتىن يېتىشـــكەن قىز ئىدى. مەريەمبىكە ئابىستايىنىڭ دادىسى ئوســـمان باباي موزدوز (ئاياق كىيىم تىكىدىغان ئادەم) بولۇپ، شۇ كەسپى بىلەن شۇغۇللاندى. ئوسمان بابايىنىڭ ئايالى فەرىيخە ئابىســـتاي تۇغۇت ئانىســـى ئىدى. ئۇ ئۆلگىچە شـــۇ كەسپى بىلەن ياشىدى. مەريەمبىكە ئابىســـتايىنىڭ خەدىچە، ئەمىينە دېگەن سىـــڭىللىرى بولۇپ، ئەمىينە دېگەن قىزنى نىغمەتۇللاھ ئىســـىملىك زەرگـــەر يىگىتكە بەردى (ئۇلارنىڭ قىزى فـــىردەۋس ھازىر ئالمائاتىدا ھايات ياشاپ كېلىۋاتىدۇ). شۇنىڭ بىلەن جامائەت تاتار مەسجىدىنىڭ ئۇدۇلىدىكى يەنئەنلۇنىڭ دوقمۇشـــىدا مىرمەن ھاجى دېگەن (قازاق) كىشىنىڭ ھويلىسىنى ئىجارىگە ئېلىپ، ئۈچ ئېغىز ئۆيىنى سىنىپ قىلىپ دەرس باشلاپ كەتتى.

بۇ ھويلىنىڭ باش تەرىپىدە (ھازىرقى 17 - تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئورنى) قەبرىستان ئىدى. ئۇ يېقىندا ئانچە ئۆيلەر يوق ئىدى. كوممۇنىستلار كەلگەندىن كېيىن ئۇ قەبرىستاننى كۆچۈرۈپ مەكتەپ ۋە بىنالار سالدى.

مەريەم بىكە ئابىستاي قىزلارنى ئوقۇتتى. ئۇ مەكتەپتە ئۇيغۇر، قازاق، تاتار، ئۆزبېك ھەتتا تۇنگان قىزلىرى كېلىپ ئوقۇدى. مەريەم بىكە ئابىستاي پەن، دىن دەرسلىرىدىن باشقا، ئەرەب، فارس، تۈرك تىللىرىنى ئۆگىتىپ چىقتى. ئۇنىڭدىن باشقا قىزلارغا قوشۇمچە ئىش تىكىش، تاماق پىشۇرۇش، دوپپىلارغا مەرۋايىت كەشتىلەر تىكىشنىمۇ ئۆگىتىپ باردى.

ئالتە يىل ئىچىدە بۇ مەكتەپتە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم سەۋىيىسى ئوتتۇرا مەكتەپ دەرىجىسى بىلەن تەڭ تەربىيەلىك، ئەخلاقلىق قىزلار بولۇپ يېتىشتى. بۇ مەكتەپتىن ئوقۇغۇچىلار ۋە ئاتا - ئانىلار ھەم بارلىق كىشىلەر رازى ئىدى. خۇسۇسەن، قىزلار ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ بىلىملىك ئادەم بولۇپ چىققىنىغا بەكمۇ خۇشال ئىدى.

## ئۈرۈمچى شەھەر ياڭخاڭ (غالىبىيەت يول) كوچىسىنىڭ تارىخى

1901 - يىلى ئىبراھىم ۋەلى، ئەخمەت نەجىپلەر ھازىرقى جاۋلۇيا بىناسىنىڭ ئۇدۇلىدىن دوقمۇشتىكى يەرلەرنى سېتىۋېلىپ ئېگىز كوتۇر پىشايۋانلىق، ئاستى - ئۈستى تاختايلىق سەككىز ئېغىزدىن ئۆي ۋە دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىگە دۇكان سالدى. ئۆيلەرنىڭ دېرىزىلىرى قوش قەۋەت ئەينەكلىك بولۇپ، ئۇنىڭ يېشىل سىرلانغان تاختايدىن دېرىزە قاپقاقلىرىنى قېلىن تۆمۈر تاسما بىلەن تاتۇرۇپ، ئۆينىڭ ئىچىدىن

تاقايدىغان قىلىپ ياساتتى. قوش قەۋەت ئەينەك دېرىزىنىڭ ئىككى ئارىلىقىغا ئاق پاختا قويۇپ، پاختىنىڭ ئۈستىگە ھەر كىم خالىغانچە بىزەكلەر قويۇپ ياسايتتى. بۇ پاختا قىشنىڭ سوغۇقىنى توسايتتى، ياز كۈنى قوش قەۋەتنىڭ بىر قەۋەتنى ئېلىپ قوياتتى. ھەر ئىككى ئۆيدە بىردىن پارقىراق قارا سىر بىلەن سىرلانغان نېپىز تۆمۈر بىلەن قاپلاپ ياسالغان ئېگىز تام مەشلەر بولۇپ، قىش كۈنى ئۇ مەشكە ھەپتىدە بىر قېتىم ئوت قالىسا پۈتۈن ئۆيلەرنى ئىسسىق تۇتاتتى. ئالدىنقى ئۆيدە ئوت قالىسا ئىچكىرىكى ئۆيلەر ئىسسىق ھەم پاكىز تۇراتتى. ئۇ دەۋرلەردە سېلىنغان بىنالارنىڭ ھەممىسىدە شۇنداق مەشنى سالاتتى. ئۆيلەر يورۇق ئازادە، يازدا سالقىن، قىشتا ئىسسىق تۇراتتى.

ئۆينىڭ ئۈستىدىكى تاختايلارغا تام مەشنىڭ ئۈستى تەرىپى، دېرىزىنىڭ ياغاچ قاپقاقلىرىنىڭ يۇقىرىسىغا ھەم پىشايۋانغا قەدەر يەرلەرگە نەقىشلەر قويۇپ ياسالغانلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن ئەتراپ گۈزەل كۆرۈنەتتى.

ھويلىنىڭ كەينى تەرىپىدىكى يەرلەرنى باغ قىلىپ، مېۋە كۆچەتلىرىنى ئۆستۈرۈپ، قىزىل گۈل ھەم ھەرخىل چىرايلىق گۈللەر تېرىپ ھويلىنى باغ – بوستانلىق قىلىشقان. يازلىق كۆك تاتلارنىمۇ ھويلىدا ئۆستۈرۈپ يەيتتى. ئۇ ۋاقىتدا بۇ يەرلەر بوز يەر بولۇپ، كېچىلىرى تۈلكە ۋە ياۋايى دالا ھايۋانلىرى ھويلىغا كىرىپ، كىشىلەرنىڭ توخۇلىرىنى يەپ كېتەتتى. شۇ قاتاردا نۇرغۇن ئائىلىلىكلەر يەر ئېلىپ ئۆي – جايلار سېلىپ باغلار قىلىپ جايلىشىۋالدى.

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئىتتىپاق يولىدىن نەنمىڭ (جەنۇبىي دەرۋازا) غا قەدەر يەردە مىللىيلار، جەنۇبىي دەرۋازىدىن شىمالى (بى مىڭ)غا قەدەر يەردە خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقان ئىدى. 1850 – يىللاردىن باشلاپ

ئۇنتىپاق كوچىدىن يۇقىرىسىغا ئۆي سېلىپ كىشىلەر ئولتۇراقلاشتى.

ئىتتىپاق يول بىلەن غالىبىيەت يولىنىڭ دوقمۇشىغا زىيا ھاجى ۋەلىنىڭ، ئۇنىڭ يېنىغا غالىبىيەت يول ئۈستىدە ئىسھاق باي، ئۇنىڭ يېنىغا تۇرسۇن بايۋەتچە، مانسۇرجان ھاجىنىڭ ھويلىسى، ئۇنىڭ يېنىغا ئاۋۇت ئاكا، يېنىدا مورسەل باي، ئۇنىڭ يېنىدا ئەنۋەر ئاكا، ئۇنىڭ يېنىدا خۇسەيىنتومسۇن، ئۇنىڭ يېنىدا خۇسەيىن ئاقساقال، ئاندىن كەرىم چانىشېۋ دوقمۇشىدا مىرمەن ھاجى، سىكسەن باي، ئۇنىڭ يېنىدا ئىسلام بابا تام قوشنا ئىبراھىم ۋەلى، ئۇنىڭغا قوشنا دوقمۇشتا ئەخمەت نەجىپ سافىن قاتارلىق كىشىلەر كېلىپ ئولتۇراقلاشتى. كوچىنىڭ ئۇ قېتىدا مامۇت قارىي دەرۋازىدىن چىققاندىن كېيىن سول قول تەرەپتە پاپىاقچى ھاجىنىڭ (تۇڭگان)، ئۇنىڭ يېنىدا خۇسەيىن باي چانىشېۋ، ئۇنىڭ يېنىدا خالتاي ھاجى، ئاندىن رەيىمجان باي، ئۇنىڭ يېنىدا رەخمانبايىن، ئۇنىڭ يېنىدا ناسىر بورناشوف، ئۇنىڭدىن كېيىن رەفىقجاننىڭ ھويلىسى، ئۇنىڭ يان تەرىپى تاتار مەسجىدى يەنى نوغاي مەسجىدى دەپمۇ ئاتايتتى. ئۇ يېقى ئىتتىپاق يولىغا قەدەر سوۋېت كونسۇلى جايلاشقان. ئەخمەت نەجىپنىڭ ھويلىسىنىڭ باش تەرىپىدە (يۇقىرىسىدا) كوچىنىڭ دوقمۇشىدا جاۋلويانىڭ ھويلىسى يەنى (ھازىرقى بالۇجۇن بەنسىچۇ يەنى 8 – ئارمىيە ئىش باشقۇرۇش ئورنى)، ئۇنىڭ يۇقىرىسىدا خەسەنبى شاكولوفنىڭ ھويلىسى، ئۇنىڭغا ياندىش ھويلا سوۋېتنىڭ بانكا قوروسى ئىدى.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇ بانكىغا ئوت كېتىپ، يوغان تاشتىن سېلىنغان قېلىن بىنا بىر سوتكا كۆيۈپ تامام كۈلگە ئايلانغىچە ھېچكىم كېلىپ ئوتنى ئۆچۈرگەن ئادەم بولمىدى. شۇ ۋاقىتتا كىشىلەر ئاغزىدا بانكا باشلىقلىرى بانكىدىكى پۇللارنىڭ ھەممىسنى ئوغۇرلاپ، بانكىغا ئوت

قويۇپتۇ دېگەن سۆزلەر تارقىلىپ يۈردى.

كېيىن شۇ ئورۇنغا «روس كۇلۇبى» بىناسى سېلىنىپ چىقىپ، بۆگۈنكى كۈنگە قەدەر روس كۇلۇبى نامى بىلەن ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

روس كۇلۇبىنىڭ يۇقىرىسىدا خەيدەربەك ھاجىنىڭ ھويلىسى بار ئىدى. يېنىدا ساموغىجانىنىڭ ئوغلى موتەلجان ئاكىنىڭ ھويلىسى بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇ ھويلىنى كانفىت زاۋۇتى قىلدى. بۇ زاۋۇتتا كانفىتتىن باشقا پىرەندىكلەر ۋە تاتلىق تۈرۈملەر ياساپ چىقىدىغان زاۋۇت بولدى. ئۇنىڭ يۇقىرىسىدا ئاخۇن تاش بوۋاينىڭ قورۇسى بولۇپ، كېيىن ئوغلى ئابدۇرۇسۇل ئاكا ئولتۇردى. ئۇنىڭ يۇقىرىسىدا ئالتۇن تىشنىڭ ھويلىسى دەيتتى، كېيىن ئۇ ھويلىغا روسلار چىركاۋ (خىرىستىيانلارنىڭ ئىبادەتخانىسى) سېلىپ چىركاۋ ھويلىسى دەپ ئاتاپ كەتتى.

دوقمۇشتىكى ھويلا كوستە باينىڭ قورۇسى ئىدى. ئۈرۈمچى مانا شۇنىڭغا ئوخشاش رەتلىك، چىرايلىق سېلىنغان گۈزەل شەھەر ئىدى. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېرىقىدا تازا مۆلدۈر سۇ ئاقاتتى. خەلق ئۇ ئېرىقتىكى سۇلارنى تازا تۇتۇپ، پاسكىنا نەرسىلەرنى تاشلاشقا ۋە بالىلارنىمۇ سۇدا كېچىپ ئويناشقا يول قويمايتتى. خەلق بۇ سۇ بىلەن باغلارنى سۇغۇرۇپ مېۋە ۋە كۆكتاتلار ئۆستۈرەتتى. ھويلىدا قۇدۇقى بولمىغان ئائىلىلەر شۇ سۇنى ئىچىشكە ئىشلىتەتتى. يولنىڭ ئىككى چېتىگە دەرەخلەر تىكىپ شەھەر پاكىزە يېشىل باغۇ بوستان ئىچىدە بەك گۈزەل كۆرۈنەتتى. يازنىڭ كۈنلىرى بۇلبۇل، كاككۇك قاتارلىق خۇش ئاۋاز قۇشلارنىڭ سايراشلىرى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى ۋە شەھەرنى گۈزەل كۆرسىتەتتى.

ھەربىر دەرۋازىنىڭ يېنىدا ئۇزۇن تاختايدىن ياسالغان ئورۇندۇقلاردا كەچقۇرۇن كىشىلەر كوچىغا چىقىپ ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىپ چاقچاق قىلىپ كۈلۈشۈپ كۆڭۈل ئاچاتتى. ئۇ دەۋردە ئۇ مىللەت، بۇ مىللەت، ئۇ يەرلىك، بۇ يەرلىك، باي، كەمبەغەل دېگەن سۆز يوق، ھەممە ئادەم قېرىنداشلاردەك ئىتتىپاق ياشايتتى. ياشلار بولسا پىيادە ياكى پاۋسكا ھارۋىلارغا ئولتۇرۇپ تولۇق ئوركېستىر (گارمۇن، گىتار، بالالايكا، ماندالىن، ئىسكۇرۇپكىلار)نى تەڭكەش قىلىپ چېلىپ، پۈتۈن كوچىلارنى ياڭرىتىپ ناخشىلار ئېيتىپ مەشرەپلەرگە كېتەتتى. خەلقىمىز ئۇلارنىڭ مۇزىكا – ناخشىلىرىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. مانا شۇنىڭغا ئوخشاش «ئالتۇن دەۋر»لەر بولۇپ ئۆتكەن ئىكەن.

شەھەرنىڭ كۆن پېتىش تەرىپىدىكى سايدا ئۈچ ئۆستەڭ سۇ بىلەن توشۇپ ئېقىپ تۇراتتى. بۇمۇ شەھەرنى گۈزەل، ھاۋاسىنى ساپ قىلىپ بېرەتتى. بۇ سۇلارنىڭ باش تەرىپىدىكى تۈگمەنلەر كېچە – كۈندۈز ئىشلەپ خەلقنى ئۇن بىلەن تەمىنلەيتتى. سۇنىڭ ئۇ قېتىدا «موتەلجاننىڭ قارا ياغىچى» بولۇپ، ئۇ يەر ھاۋالىق گۈزەل ئورمانلىق باغ بولغاچقا يازنىڭ كۈنلىرى كىشىلەر ئات – ھارۋا بىلەن كېلىپ دەم ئېلىپ ئويناپ كېتىدىغان ئورۇن بولۇپ، مانا شۇنداق گۈزەل ھاياتلار ئۆتكەن ئىكەن.

بىر كۈنى ئەخمەتلەرنىڭ ئۆيىگە سابىر يەنە كەينى كىرىپ كەلدى.

– كېلىڭ، كېلىڭ دەپ ئۇنى ئۆيدىكىلەر ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋېلىپ چايلار قويدى. سابىر خىجالەت ۋە قىسىلغان ھالدا:

– ئەخمەت مەن سەندىن بىر نەرسىنى ئۆتۈنۈپ ياردەم سوراپ

كەلدىم دېدى.

– ئەخمەت خــوش تەقســىر ھەرقانداق ئىش بولســا قولۇمدىن كەلگىنىچە ياردەم قىلىمەن، خىجالەت بولماستىن سۆزلەڭ دېدى.

ســابىر ســەن بىلســەن بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز ياخشــى ئەمەس، ئىقتىســادىمىز يوق، قىيىن ئەھۋالدا ياشــايمىز، ئــۆي جايىمىزمۇ يوق دېدى.

ئەخمەت ئۇنىڭ نېمە دېمەكچىلىكىنــى بىلەلمەي ئۇنىڭغا قاراپ قالدى. بەلكى پۇل سوراپ كىرسە كېرەك دەپمۇ ئويلاپ قويدى.

ســابىر ئەخمەتكــە ئۆزىنىڭ ئىچىدىكــى ســۆزىنى ئاڭلىتالماي قىينىلىپ كۈچ بىلەن:

- مــەن ســىزنىڭ ھويلاڭىزنىــڭ كەينىدىكى باغلىــق يەرنى ماڭا بەرســەڭ، مەن ئۆي سېلىپ ساڭا خوشــنا بولۇپ ئولتۇرسام، سىزنىڭ يېقىن تۇغقىنىڭ بولۇپ ياشــارمىز دەپ ئويلايمەن. يەر پۇلىنى كېيىن ئىقتىسادىم كۆتۈرۈلگەندە بەرسەم دېدى.

ئەخمەت نەجىپ كۈتۈلمىگەندە بۇ سۆزگە نېمە دېيىشىنى بىلمەي ئويلىنىپ تۇرۇپ قېلىپ ئاندىن:

- سابىركا سىزنىڭ سۆزۈڭ ئورۇنلۇق ئەلۋەتتە بىز ياردەم قىلىشىمىز كېــرەك، لېكىن مەن خانىمىم بىلەن سۆزلىشــىپ بىر جاۋاب بېرەي،- دېدى.

ســاجىدە ئۇ يەردىكى باغنى ياخشى كۆرســىمۇ، لېكىن ئەخمەت بىلەن ئىككىســى موھتاج ئادەملەرگە ياردەم قىلىش ســاۋاب دەپ ئۇ باغلىق يەرنى سابىرغا بېرىش قارارىغا كەلدى.

سابىرلار ئۆي سېلىپ تاملىرىنى توسۇپ كىچىك ھويلىسىغا كۆچۈپ كىردى.

سابىر يېنىكفىگە ياندىش باپاي ئاغانىڭ ھويلىسى دەپ ئاتاپ كەلدى. ئۇ ئادەم تاتار كىشى بولۇپ، ئىسمى غابدۇل فەتتاخ ئىدى. ئۇ قېرىنداش قازاق مىللىتىدىن ئۆيلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار غابدۇل فەتتاخنىڭ ئىسمىنى ئېيتالماستىن قىسقارتىپ باپاي دەپ ئاتاپ كەتكەن. چۈنكى قازاق خەلقىنىڭ ئىسىملەرنى بۇزۇپ قىسقىچە ئاتالمىلار بىلەن بۇزۇپ ئاتايدىغان ئادىتى بار. مەسىلەن، ئەخمەت بولسا ئەكەڭ، سالىخ بولسا سەكەڭ شۇ ئىسىمنىڭ باش ھەرىپىنى ئېلىپ «كەڭ» دېگەن سۆزنى قوشۇپ ئاتايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن فەتتاخنىڭ ئىسمى باپاي بولۇپ، شۇ پېتى ئاتىلىپ كەتتى. باپايغا ياندىش ھويلا غابدۇلخاق خەزرەت غىمادىنىڭ ھويلىسى ھەم ئۇلارنىڭ مەكتىپىمۇ شۇ ھويلىدا ئىدى.

ئۇنىڭغا ياندىش ھويلا ئابدۇراخمان كۆك كۆزنىڭ قوروسى بولۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ كۆزى كۆك بولغاچقا كىشىلەر «كۆك كۆز» نىڭ ھويلىسى دەپ ئاتاپ كەتكەن. بۇ ئادەم بورخان شەھىدىنىڭ چوڭ خوتۇنى شەرىفە تەتەنىڭ دادىسى بولىدۇ. ئۇ زامانلاردا ئۇ ھويلىنىڭ ئۇ يېقى بوشلۇق بولۇپ، كىشىلەر ئۇ يەرنى مويكا دەپ ئاتاپ ئۇ يەر كىشىلەرنىڭ ساياھەت قىلىپ دەم ئېلىش ئورنى ئىدى. (ھازىر ئۇ يەرگە «ئۆپكە كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى» ۋە ئائىلىكلەر جايلاشتى).

## ياڭخاڭ نوغاي (تاتار) مەسجىدىنىڭ سېلىنىشى

1850 – يىلى ئىسھاق باي تاتارىستاندىن خەمىدۇل بىكمىتوف

(دەرگــەر خەجى) ئــۇ تۆمۈرچىلىــك قىلىپ ھەم دورىلارنى ياســاپ كىشىلەرنى داۋالاپ ساقايتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئادەملەر (دورىگەر ھاجى) دەپ ئاتاپ كەتكــەن) قاتارلىق ئون نەچچە تاتار ئائىلىلىرىنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى.

ئىسھاق باي ۋە خەمدۇللانىڭ يېتەكچىلىكىدە 1870 – يىللىرى ئۈلار مەبلەغ توپــلاپ ۋە خەلقتىن ياردەم ئېلىپ تاتار مەســجىدىنى سېلىپ چىقتى.

بۇ مەسجىد ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ سېلىنغان بولۇپ، ناماز زاللىرى يورۇق ئازادە چوڭ ئىدى. دېرىزىلىرىمۇ يوغان ئىككى قەۋەتلىك دېرىزە بولۇپ، يازدا بىر قەۋىتىنى ئېلىپ تاشلاپ قىشتا ئارىسىغا پاختا قويۇپ ئىككى قات دېرىزىنى قويغاندىن كېيىن، ئۆي ئانچە سوغۇق بولمايتتى. زالنىڭ ئوتتۇرىســىدىن ئىشىككە ئوخشاش توسۇق قىلىپ ئادەتتە ئىچكىرىكى ئۆيــدە ناماز ئوقۇلىدۇ. بايــرام ھەم جۈمە نامازلىرى ياكى كىشــلەر كۆپ كەلگەندە ئوتتۇرىدىن توســۇق ئىشــىكنى ئېچىپ ئىككى ئۆينى بىــر قىلىپ چوڭ زالدا ناماز ئوقۇلاتتــى. بۇ ناماز زالنىڭ يان تەرىپىدە خانىم – قىزلار ناماز ئوقۇيدىغــان تۆت – بەش مېتىر كەڭلىكىدىكى ئــۇزۇن زالى بار بولۇپ، بۇ زالــدا خانىم – قىزلار ناماز ئوقۇياتتى. ھەر ۋاقىت توپلىنىشــىپ دىنىي ســۆھبەتلەر ۋە دىنىي دەرسلەر ئۆتۈلەتتى. بۇ مەسجىدنىڭ ئۈرۈمچىدىكى باشــقا مەسجىدلەردىن ئالاھىدىلىكى خانىم – قىزلار ناماز زالىنىڭ بولۇشى ۋە ئاياللارنىڭ دائىم مەسجىدتە نامازدا بولۇشــى ئىدى. باشــقا مەســجىدلەردە ئايالــلار ناماز ئۆيى يوق ھــەم ئاياللارمۇ نامازنى ئۆيدە ئۆتەتتى. تاتارىســتاندىكى ھەممە مەســجىدتە ئاياللار ناماز زالى بولۇپ، ھەر ۋاقىت ئاياللار مەسجىدتە ناماز ئوقۇغاندەك، بۇ مەســجىد ھەم شــۇ نۇسخىدا سېلىنغان ئىدى.

مەسجىد زالىنىڭ ئىشىك تەرىپىدە ئۆگزىگە تەككۈدەك يوغان ئىككى تام مەشلىرى بولۇپ، ئۇ مەشنى پارقىراق قارا رەڭگە بويالغان قىلىن تۆمۈر بىلەن قاپلاپ قويغان تام مەشىنى تاشقىرى ئۆيدە ئوت قالىسا شۇنچە چوڭ زاللار قىشنىڭ كۈنى ئىسسىق بولىدۇ. مەسجىدنىڭ ئىچى ئىسسىق، ئازادە ھەم پاكىزە كۆڭۈللۈك تۇراتتى.

مەسجىدنىڭ ئالدىدىكى كەڭ، ئەتراپى راشاتكا بىلەن توسالغان بالكون زالىغا ئونغا يېقىن پەلەمپەي بىلەن چىقاتتى. كىشىلەر كۆپ كەلگەندە ياكى بايرام نامازلىرىدا شۇ بالكوندا ناماز ئوقۇلاتتى. مەسجىدنىڭ ئاستىدا ئۆلۈك قويىدىغان ھەم ئۆلۈك يۇيىدىغان ۋە تاھارەت ئالىدىغان ئورۇنلىرى بار. كوچا تەرەپتە دەرۋازىنىڭ ئىككى چېتىدە دۇكان سېلىپ چىققان ئۇ دۇكانلار مەسجىدكە قاراشلىق بولۇپ، ئىجارە ھەققى مەسجىد خىراجەتلىرىگە قوللىنىلاتتى.

مەسجىدنىڭ ئوڭ قول تەرىپىدە مەدرىسە ئۈچۈن ئۈچ ئېغىز ئۆي ھازىرلىنىپ باللارغا دەرس ئۆتۈلەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا مۇساپىر خانىلىرى بولۇپ، بۇنىڭغا كەمبەغەللەر ۋە سىرتتىن كەلگەن مۇساپىرلار كېلىپ تۇرۇپ كېتەتتى.

كېيىنكى دەۋرلەردە تاتارلار مەبلەغ توپلاپ ۋەقپى يەر ئالدى ئۇ يەرلەرگە بولسا ئىمام – مەزىنلەرگە ئۆي سېلىپ چىقتى.

32 يىلغا قەدەر غابدىلغاق خەزىرەت غىمادى ئىمامەتچىلىك قىلىپ كەلدى. شىگىسسەي غابدىلغاق خەزىرەتنى تۈرمىگە تاشلاپ يوق قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا شاكىر ۋەلى خەزىرەت ئىمام بولۇپ ئىشلەپ كەلدى. (مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا مەسجىدنى خەلق قولىدىن تارتىۋېلىپ ئەينەك زاۋۇتى قىلىپ قويىدى. ئىمام – مەزىنلەرنى كۈرەش

قىلىپ «دىنى نىقابىغا كىرىۋېلىپ خەلقنى زەھەرلەپ كەلدىڭلار» دەپ كۆرەش قىلغاندا شاكىر ھەزرەت ئاغرىپ ۋاپات بولدى).

سابىر ۋاپاتىدىن بۇرۇن ئەخمەت نەجىپنى چاقىرتىپ:

- ئەخمەت مەن سىېنىڭ يەر پۇلۇڭنى تۇرمۇشۇمدىن ئېشىپ بېرەلمىدىم. باللىرىم كۆپ بولدى، ئىقتىسادىم بولمىدى. سىېنىڭ قەرزىڭنى تۆلەش ئۈچۈن قانچە نىيەتلەنسەممۇ لېكىن قولۇم يەتمىدى. ئەمدى سەن شۇ يەر پۇلى ئۈچۈن رازى بولساڭ، دەپ رازىلىق سورىدى.

ئەخمەت نەجىپ: سابىر ئابىزى مەن رازىمەن باللىرىمىز بىر - بىرسى بىلەن دوست بولۇپ ئۆتسە بولدى، دېدى.

سابىرئا بىزى ئاللاھ بۇيرىسا مېنىڭ باللىرىمدىن سېنىڭ باللىرىڭغا زىيان تەگمەس. تۇغقان بولۇپ ئۆتەر ئىنشائاللاھ ئىشەنچىم كامىل دېدى. (ئەمما ھېچكىم كېلەچەككە كاپالەتلىك قىلالمايدۇ. سابىر ئابىزى ئۆزىگە ئىشىنىپ ۋەدە قىلغان بىلەن زاكىرنىڭ قىزى تۇرسۇن سابىر ئا بىزىنىڭ نەۋرىسى ئىدى. ئۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدا ئۇ سابىر ئا بىزىنىڭ ۋەدىسىنى بۇزدى.)

مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدا سابىرئا بىزىنىڭ نەۋرىسى تۇرسۇن چېقىمچىلىق ۋە پايلاقچىلىق ئىشلىرى بىلەن بىزلەرگە ھەم خەلققە كۆپ زىيان يەتكۈزدى.

## 17 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھرىدە باللار ئارىسىدا ئىسكارلاش (تاماق ئاغرىق)نىڭ تارقىلىشى

بىر كۈنى ئەخمەت نەجىپ مەسجىدتىن بەكمۇ كۆڭۈلسىز بولۇپ

كەلدى. ساجىدە ئەنسىرىگەن ھالدا «نېمە بولدى ئەخمەت خاپا كۆرۈنىسىزغۇ، بىرەر كۆڭۈلسىز ئىش بولدىمۇ؟» دەپ سورىدى. ئەخمەت نەجىپ «بۈگۈن بامدات نامىزىدا بىزنىڭ مەسجىدتىن تۆت كىچىك بالىنىڭ جىنازىسى چىقتى. ئاتا - ئانىلارنىڭ ئاھىزارى يۈرىكىمگە چۈشتى. بالىلار ئىچىدە يۇقۇملۇق «بوغما» كېسىلى تارقىلىپ، بالىلار بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە ئۆلۈۋېتىپتۇ، بۇ كېسەلنىڭ داۋاسى يوق ئىكەن» دېدى.

ساجىدە ۋاي خۇدايىم ئۆزۈڭ ساقلا، بالىلىرىمىزغا كېلىپ قالسا قانداق قىلارمىز؟! دەپ قاتتىق ئەنسىرەپ ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتى.

ئەخمەت نەجىپ «ھوي ساڭا نېمە بولدى؟ يوقنى ئويلىمىغىن» دەپ ئېيتسىمۇ، ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى ئەندىشىسى كۆزىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلار ئۆيگە كىرىپ ئۇخلاۋاتقان بالىلارنىڭ بېشىنى سىلاپ پېشانىسىدىن سۆيۈپ قويدى. خۇددى بالىلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك كۆڭۈللىرى پەرىشان بولدى. ئۇلارنىڭ ئالتە ياشلىق مەجىت ئىسىملىك، ئۆتكۈر ئەقىللىق، چىرايلىق ئوغلى «قىزىل» كېسىلى بىلەن ۋاپات بولغان ئىدى. ئەخمەت بىلەن ساجىدە ئۇ ئوغلىنىڭ سۆزلىگەن سۆز - ھەرىكەتلىرىنى دائىم ئەسلەپ ئىچ كۆيۈكىدە ئۇنى ئۇنۇتماي ياشاپ كەلگەن ئىدى. ئەخمەت ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن دوستى ئىبراھىمنىڭ ئۆيىگە كىردى. ئۇلارمۇ مەسجىدتىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ پەرىشان ئولتۇرۇپتۇ.

ئىبراھىم، «دوستۇم ئەخمەت بىز قىزىل كېسىلى بىلەن گۈلدەك ئۈچ بالىمىزدىن ئايرىلىپ ئىچ كۆيۈكىدە ياشاپ كەلدۇق. ئۇلارنى ئۇنتۇپ قەلبىمىزدىن چىقىرالماي يۈرگىنىمىزدە ئەمدى بۇ كېسەل

كېلىپ بۇ بالىلىرىمىزنى ئېلىپ كەتسە قانداقمۇ چىدارمىز دەپ كۆزىگە ياش ئالدى.

ئۇلارنىڭ قىزىل كېســلى بىلەن ئىككى ياشلىق سەخىپ، جامال، تۆت ياشلىق شەمسى جىخان، ئالتە ياشلىق ئەخمەت زەكى ئىسىملىك بالىلىرى بىر ۋاقىتىدا ئۆلگەن ئىدى.

بوغما كېســلى بىلەن نۇرغۇن بالىلار ۋاپــات بولۇپ كەتتى. ھەر بىر ئۆيدە ئـــاز دېگەندە بىردىن ھەتتا بەش بالىنى يوقاتقان ئائىلىلەر بولدى. بۇ ۋاقىتىدا ئۇرۇمچى شـــەھىرى قايغۇ – ماتەم ئىچىدە قالدى. ھـــەر بىر ئۆيدىن يىغـــى – زارە بىلەن جىنازىلـــەر چىقىپ، ئوماق – چىرايلىق بالىلىرىدىن ئايرىلىپ خەلقنىڭ يۈرىكى كاۋاپ بولدى. كېچە – كۈندۈز پۈتۈن خەلق ئۇيقۇسىز ئۆي – ئۆيلەرگە كىرىپ ئاغرىقلارنىڭ ھالىنى سوراپ ھېسداشلىق بىلەن قايغۇراتتى. مەسجىد جامائەتلىرى ھەر نامازدىن كېيىن ئاغرىقلارنى يوقــلاپ بۇ ئەھۋالغا قانداق ياردەم قىلىشنى بىلەلمەي قالدى.

بـــۇ دەۋردە تۆمۈرچـــى – تابىبلاردىـــن باشـــقا دوختـــۇر ۋە دوختۇرخانىلارنـــى تېپىپ بولمايتتى. چۈنكـــى دوختۇرلار يوق ئىدى. پەقـــەت پىداچىڭكا دېگـــەن پالاك دوختۇرى بولـــۇپ، ئۇ كىچىككىنە داۋالاش پونكىتى ئېچىپ كىشلەرنى داۋالاپ ماڭالماي يېتىپ قالغان ئاغرىقلارنى ئۆيىگە بېرىپ كۆرەتتى.

ئۇ ۋاقىتىدا يەن – تېخىنكىلار تەرەققىي تاپمىغان بىر دەۋر بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندا ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئىنىستىتۇتلار بولمىغانلىقتىن ئـــۆز خەلقىمىزدىـــن ئوقۇپ يېتىلگـــەن دوختۇرلارمۇ يـــوق ئىدى. ئۇ پىداچىڭكا دوختۇرمۇ ئۆي – ئۆيلەرگە كىرىپ ئاغرىقلارنى تەكشۈرۈپ

«ئامال يوق» دەپ بېشىنى چايقاپ ئېچىنغان ھالدا چىقىپ كېتەتتى.

بۇ ئاغرىق باشــقىلار قاتارىدا ئەخمەت نەجىپ بىلەن ساجىدەنىڭ ئۆيىگىمۇ كىرىپ كەلدى. ئالتە ياشــلىق خەمىد دېگەن ئوغلى سائەت ئونلار بىلەن ئاقشــام ۋاقتىدا خەدىچە دېگەن ئۈچ ياشــلىق قىزى بىر - بىرىدىــن چىرايلىق، تاتلىق باللىرى ۋاپات بولدى. بۇلارغا بۇ قايغۇ ئاز بولغاندەك ئۇلارنىڭ 12 ياشــلىق چىرايلىــق، ئەقىللىق، خۇش - چاقچاق، ســىنىپىنىڭ ئالدى ئەلا ئوقۇغۇچىسى رابىخە ئىســملىك قىزى (ساجىدە ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرگەن ئانىسى رەبىخەنىڭ ئىسمىنى قويغان ئىدى) پەيشەنبە كۈنى بارلىق ساۋاقداشلىرى بىلەن خوشلىشىپ پۈتۈن كىتاب، دەپتەرلىرىنى تارقىتىپ «مەن ئەمدى مەكتەپكە كېلەلمەيمەن رازى بولــۇڭلار» دەپ كېتىــپ جۈمە كۈنى ئاغرىپلا ئاتا - ئانىســغا «مەن ســىلەرنىڭ خىزمىتىڭلاردا بولالمىدىم، مەندىن رازى بولۇڭلار» دەپلا كۆزىنى يۇمۇپ ۋاپات بولۇپ كەتتى. بۇ ھەسرەتلەر ئاتا - ئانىنى ئوتقا تاشلاپ ياندۇرغاندەك بولدى. بۇ خەلق ئۈچۈن يېڭىش يەڭگىل بولمىغان ئېغىر قايغۇ بولدى. خەلقنىڭ قەلبى ھەسرەت ئوتى ئىچىدە ياندى. مەكتەپلەر ۋە بەزى مەھەللىلەر باللارســىز بەكمۇ كۆڭۈلسىز بولــۇپ قالدى. خەلقلــەر ئۆزىنىــڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغــا قەدەر ئۇ باللىرىنى كۆزياشلىرى بىلەن ئۇنتۇماي ئەسلەپ ياشاشتى.

## ئەخمەت نەجىپنىڭ سىڭلىسى مەرفۇغە

22 - يىللىرى ئەخمەت نەجىپ سىڭلىسى مەرفۇغەنى ئالدۇرۇش ئۈچۈن مۇبارەكشــەبابايغا پــۇل ۋە يول راســخوتلىرىنى بېرىپ قازان شەھىرىگە يولغا سالدى.

مۇبارەكشەباباي ئۇتتۇرا بويلۇق، گەۋدىلىك، قاۋۇل، ئەللىك ياشلار ئەتراپىدىكى، كەسكىن توغرا سۆزلۈك، ئىشچان، تىرىشچان، ئاقكۆڭۈل بىر ئادەم. ئۇنىڭ بىلمەيدىغان ھۈنىرى يوق ئىدى. مۇبارەكشەبابايىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇ يوشۇرۇن يوللارنىڭ ھەممىسىنى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ سەۋەبتىن ئادەم ئېلىپ كېلىشىدە يوشۇرۇن قاتناشلار بىلەن بىر يېرىم ئاي ئىچىدە سوۋېتكە بېرىپ قايتالايتتى.

بىر ئاي دېگەندە ئەخمەت نەجىپنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرى كوكماراغا يېتىپ كەلدى. يېزىپ بەرگەن ئادرېس بويىچە مەرفۇغەنىڭ ئۆيىگە بارسا، مەرفۇغە ئېتىز بېشىدا ئىشلەۋېتىپ تۇيۇقسىز ۋاپات بولۇپ كېتىپتۇ. مۇبارەكشەباباي ئۆلۈم خازىسى ئۈستىگە كەلدى. مۇبارەكشەباباي بەكمۇ كۆڭۈلسىز بولدى. بىر كۈن بۇرۇن كەلگەن بولسام كۆرۈشۈپ ئۇنى ئۆمۈرنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ بىر خۇشال قىلاتتىم. سۆزلىرىنى ئاڭلىغان بولاتتىم دەپ ئويلىدى.

سوۋېتلەر ھۆكۈمىتى كوممۇنىزم تۈزۈمى بويىچە جىنازا نامىزى ۋە نىكاھ ئوقۇش مەنئى قىلىنغان بىر ۋاقىت بولۇپ، ئۆلگەنلەرگە تەزىيە بىلدۈرۈپ، نىكاھ ئوقۇش ئورنىغا قۇربانلار خاتىرە ھەيكەل تېشىغا گۈل قويۇش بىلەن توي قىلاتتى. مەرفۇغەنىڭ تۇغقانلىرى مۇبارەكشەبابايغا «سىنى بىزگە خۇدايىم ئەۋەتتى، سەن خاپا بولماستىن مەرفۇغەنىڭ جىنازا نامىزىنى ئوقۇپ بەرسەڭ» دەپ ئۆتۈندى ۋە كېچىدە ئەتراپ تىنچلانغاندىن كېيىن مەرفۇغەنىڭ جىنازا نامىزىنى ئوقۇپ، ئەتىسى كالخوز باشلىقلىرى بىلەن جامائەتلەر توپلىشىپ كېلىپ يىغى يول بىلەن تەزىيىلەر بىلدۈرۈپ دەپىن قىلدى.

مۇبارەكشەبابايىنىڭ كەلگەن خەۋىرىنى ئاڭلىغان بورخان شەھىدىنىڭ دادىسى شەھىدۇللا باباي كېلىپ «مېنىڭ ئوغلۇم

بۇرخان ئۈرۈمچىدە ئىدى، مۇمكىن بولسا بىزنى ئېلىپ كەتسەڭ» دەپ ئىلتىماس قىلغاندىن كېيىن، مۇبارەكشەباباي قۇرۇق كەتمەي دەپ ئۇلارنى ئېلىپ كېتىشكە رازى بولدى.

شۇنىڭ بىلەن مۇبارەكشەباباي بۇرخان شەھىدىنىڭ دادىسى شەھىدۇللا باباي خانىمى خەلىمە ۋە قىزلىرى زەينەپ – مەريەملەرنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەلدى.

خەيدەر مۇئەللىم تۇرپاندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شەھىدۇللا بابايىنىڭ قىزى زەينەپ بىلەن ئۆيلىنىپ، جاۋلۇيا ھويلىسىنىڭ يېنىدىكى يەرنى سېتىۋالدى. ئۆيلەر سېلىپ شۇ ئۆيگە كۆچۈپ كەلدى. ھەيدەر مۇئەللىمنىڭ ھويلىسىدىن دوختۇرخانىنىڭ يېنىدىكى دوقمۇشقىچە يەرنى بۇرخان شەھىدى سېتىۋېلىپ ئۆيلەر سالدۇرۇۋالدى. بۇرخان شەھىدىنىڭ ھويلىنىڭ دوقمۇشىدىن بۇرۇلغاندا بىرىنچى ھويلا خەسەن ياڭخورازنىڭ ھويلىسى، ئۇنىڭ يېنىدا شەرىپ يىنىكە يىغىنىڭ، ئۇنىڭ يېنىدىكى ھويلىدا شەۋكەت ئاكچودىنىنىڭ ھويلىسى، ئۇنىڭ يېنىدا خوشنا تام ئالتىنچى مەكتەپ، مەكتەپنىڭ ئۇ يېقىدا موخەمەتشاھنىڭ ھويلىسى، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرسۇن پاكارنىڭ، ئۇنىڭغا ياندىش غاز باينىڭ ھويلىسى جايلاشقان خەيدەر مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە ياندىش غالىبىيەت كوچىسىنىڭ دوقمۇشىغا توغرا كەلگەن شىسەن تاشلىق دۆڭلۈكىنى، سوۋېتنىڭ ۋىلادى داستوك دېگەن يېرىدىن كەلگەن جاۋ فامىلىلىك بىر خەنزۇ كۆچۈپ كېلىپ، شۇ يەرنى سېتىۋالدى. شىسەن تاشلىق دۆڭلۈكىنى تۈزلەپ ئۆي سالدۇردى. ئايالى چىرايلىق نۇسخىدا ئۆي سېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن جاۋلۇيا ئۆزى خالىغان بويىچە ھازىرقى ئۆينىڭ پىلانىنى قىلىپ ئىككى قەۋەت ئۆي سېلىپ چىقتى. لېكىن بۇ گۈزەل ئۆيدە ئۇلار كۆپ تۇرالمىدى. مۇشۇ ئۆي توغۇرلۇق بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆڭۈلسىزلىك

تۇغۇلۇپ. بۇ ماجرا ئاخىرســـىدا چوڭغا ئايلىنىپ ئايالى شـــۇ سەۋەبتىن ئۆزىنى ئېســـىپ ئۆلتۈۋاپتۇ دېگەن ســـۆز تارقالـــدى. بۇلارنىڭ بەش قىز، بىر ئوغلى بار، ئوقۇمۇشـــلۇق، مەدەنى ئائىلە ئىـــدى. ئۇلارنىڭ بالىلىرى رۇســـچە ئوقۇغـــان رۇس تىلىدا سۆزلىشـــەتتى. بالىلىرىنىڭمۇ رۇســـچە ئاتلىـــرى بار ئىدى. ئۇنىڭ قىزلىـــرى ئەخمەتنىڭ مەريەم، فاتىمە دېگەن قىزلىرى بىلەن بىللە ئوينايدىغان ئىـــدى. ئەخمەت نەجىپنىڭ قىزلىرى شۇلار بىلەن ئويناپ رۇسچە، ئۇلار بولسا تاتارچە تىلنى ئۆگىنىپ كەتتى. كېيىن شىڭسىســـەينىڭ دەۋرىدە جاۋلۇيانى قولغـــا ئېلىپ يوق قىلدى. شـــۇنىڭ بىلەن جاۋلۇيانىڭ بالىلىرى تارقاپ كەتتـــى. بۇ بىنا ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە ياخشى سېلىنغان ئىككى قەۋەت بىنا بولۇپ، يەر ئاستى ئۆيـــى ھەم بار ئىكەن. ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۇكىســـى مـــاۋ زىمىن ئۈرۈمچىگە كەلگەندە، ئۇنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن شەھەر ئىچىدىكى چوڭ خەلق بانكىســـىنى كۆرسەتكەن بولســـىمۇ، لېكىن مۇشـــۇ ئۆينى لايىق كۆرۈپ ئۇلارنى جاۋلۇيانىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشـــتۇردى. شۇ سەۋەبتىن جاۋلۇيانىڭ ئۆيىنى ھازىـــر «بالۇجۇن» بەنىسچۇســـى (ســـەككىزىنچى ئارمىيە ئىش باشقۇرۇش ئورنى) دەپ ئاتايدۇ. خەلق بولسا «جاۋلياڭ» ھويلىسى دەپ ئاتايدۇ. بىنانىڭ يەر ئاســـتى قەۋىتىنى تۈرمە قىلىپ كىشلەرنى سولاپ كەلگەن. بورخان شەھىدىمۇ بىرقانچە كۈن شۇ تۈرمىدە يېتىپ چىققىنى مەلۇم. كېيىنكى ۋاقىتدا جاۋلويانىڭ بىـــر قىزى چۆچەكتىكى كەلىنكىن دوختۇر بىلەن توي قىلىپ چۆچەكتە ياشىغانلىقى ۋە يەنە بىر قىزى 2 – دوختۇرخانىدا سېستىرا بولۇپ ئىشلىگەنلىكى مەلۇم بولدى.

## سوۋېتلەر سايوزىدىكى ئاچارچىلىق

1920 – يىلى سوۋېتلەر سايوزىدا ئېغىر دەرىجىلىك ئاچارچىلىق يۈز

بەردى. كۆپلىگەن خەلق ئاچلىقتىن ئۆلدى. سوۋېت رىسپۇبلىكىسىدىن نۇرغۇنلىغــان ئادەملەر جــان قاچۇرۇپ چېگــراداش مەملىكەتلەرگە قاراپ كەتتى. مانا شــۇ ۋاقىتلاردا شەرقىي تۈركىستانغىمۇ ئاچارچىلىق شــىددىتىدىن قېچىپ كۆپلىگەن ئادەملەر ئېقىپ كېلىشكە باشلىدى. تاتار، ئۆزبېك، ئۇيغۇر بايلىرى چېگرادا كىگىز ئۆي ۋە چادىرلارنى تىكىپ يوغان داش قازاندا ئاش پىشــۇرۇپ ئۇلارنى قارشى ئالدى. خەلق نان، سۈت، سېرىق ياغ ھەركىم ئۆزىنىڭ تاپقان نەرسىلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ چېگرادىن ئۆتكەن ئادەملەرنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن تىرىشــاتتى. ماڭالمــاي ئۆلۈم ھالــدا كېلىۋاتقــان خەلقلەرنىــڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇلارنىڭ ھايات قېلىشــىغا ياردەمدە بولــدى. كەلگەنلەرنىڭ مەلۇم قىسمى چېگرادىن ئۆتۈپلا قۇتقۇزۇشــقا ئۈلگۈرمەستىن ئۆلۈپ كەتتى. بۇنى كۆرگــەن خەلق ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە ياردەم قولىنى ســوزۇپ ئۇلارنــى كۈتۈۋالدى. كەلگەنلەرنى ئۆي - ئۆيلەرگە بۆلۈپ، بىرقانچە كۈن قاراپ ماغدۇرغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇلار ئۈچۈن قولايلىق ياشاش شــارائىتى ھازىرلاپ ئورۇنلاشتۇردى. بۇ چۆچەك خەلقى ئۈچۈن ئېغىر يۈك بولســىمۇ، ئىنســانپەرۋەر خەلق بۇ ئاپەتكە ئۇچرىغان كىشــلەر بىلەن ئورتاق بولۇپ ياشاشــنى ئۆزىگە ۋەزىپــە دەپ بىلىپ، ئۇلارنى قىزغىن كۆڭۈل بىلەن قارشــى ئالدى. كېيىنكــى ۋاقىتلاردا ئۈرۈمچى شــەھىرىدىمۇ كەلگەن مۇساپىرلارنى كۈتۈۋېلىش ئىشلىرى جىددىلىك بىلەن ئېلىــپ بېرىلدى. ياڭخاڭ تاتار مەســجىدىدە يوغان ئۆيلەرنى بوشىتىپ كارۋات، ئورۇن - كۆرپەلەرنى ئېلىپ كېلىپ ئەرلەرگە ئايرىم، ئاياللارغا ئايرىم ياتاقلارنى ھازىرلاپ ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇردى.

كىشلەر كەلگەن مۇساپىرلارغا ياردەم قىلىشنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ســەھابەلىرىنى مەدىنىگە كۆچكەندە، مۇھاجىرلارغا ئەنســارلارنىڭ

قىلغان ياردىمىگە ئوخشـــاش ساۋابقا ئىگە دەپ كەلگەن مۇساپىرلارغا ياردىمىنى ئايىمىدى. ئۇرۇمچىدىكى ھەر بىر ئائىلە ئۇلار ئۈچۈن يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك ۋە كېرەكلىك نەرسىلەر بىلەن تەمىنلەپ تۇردى ھــەم ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆز قابىلىيىتىگە يارىشـــا ئىشـــلارغا ئورۇنلاشتۇردى.

ياشلارغا ئەۋزەر ئاكىنىڭ دۇكىنىنى ئىجارىگە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ نان ۋە تاتلىق يېمەكلەرنى پىشـــۇرۇپ سېتىشى ئۈچۈن ئىقتىسادى ياردەم بېرىپ ئۇلارنىڭ ئىش باشلاپ كېتىشىگە ياردەم قىلدى.

ئابدۇلـــلا ئابىزنىغا ئاقســـاقالنىڭ دۇكىنىنى ئىجارىگـــە بېرىپ ئۇ تىككۈچىلىك ئىشىنى باشلىدى. شـــۇنىڭدەك، ئۇششاق - چۈششەك نەرســـلەر ســـېتىش، قاســـاپچىلىق قىلىشـــقا ئوخشـــاش ئىشلارغا ئورۇنلاشتۇردى. كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە ئۆيلەنمىگەنلەرگە ئۆز ئىچىدە بىر - بىرىگە لايىق كېلىدىغانلارنى كۆرســـىتىپ، ئىككىســـى قوشۇلسا نىكاھلىرىنى ئوقۇپ تويلىرىنى قىلىپ ئۆي ياســـاپ چىقىرىپ قوياتتى. بۇ ئىشـــتا خەلىمە - ساجىدە باشـــلىق بىر تۈركۈم ئاياللار يېڭى توي قىلغانلارغا ئۆي جابدۇق، ئورۇن - كۆرپىلەرنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ توينى قىلىپ ياشـــاش ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بەردى. شـــۇنىڭ بىلەن ئۇلار قىينالماستىن ئورۇنلىشىۋالدى.

بىـــر كۈنى ئەخمـــەت نەجىپ ئۆيىگە ئورۇققىنا، يـــۈز - كۆزىدىن ھەســـرەت مۇڭ يېغىپ تۇرغان، يۈرىكى مۇجۇلۇپ كەتكەن بىر ئايالنى باشلاپ كەلدى. ئەخمە نەجىپ ساجىدە بۇ خانىمنىڭ ئىسمى گۈلبىكە ئىكـــەن، خانىمنىڭ تۇرار جايـــى بولمىغانلىقتىن، ئورۇنلاشـــتۇرغىچە بىـــزدە تۇرۇپ تۇرســـۇن دەپ ئېلىـــپ كەلدىم - دېدى. ســـاجىدەمۇ ئۇچۇق چىراي بىلەن قارشـــى ئېلىپ ئۇنىڭغا ياتـــاق ئۆيلەر ھازىرلاپ

چىقتى. گۈلبىكە يۈيۈنۈپ يېڭى كىيىملەر كىيىپ چىققان ئىدى. قاراپ تۇرغۇدەك چىرايلىق ئايال بولۇپ قالدى. ئۇلار تاماقتىن كېيىن ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتى. گۈلبىكە ئۆزىنى تونۇشتۇردى.

مەن تاتارىستاننىڭ قازان شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى ئاۋۇللىرىدىن (يېزا) بولۇپ، بىز بىر چوڭ ئائىلە ئىدۇق. 14 بالام ۋە ئېرىم بىلەن گۈلدەك خۇشال – خۇرام ياشايتتۇق. كوللېكتىپلاشتۇرۇش باشلاندى. ئاۋۇلدىكى بارلىق ئاشلىق ۋە چارۋا ماللارنى مەركەزگە توشۇپ ئېلىپ كەتتى. خەلق قولىدا ھېچنېمە قالمىدى. ئاچارچىلىق باشلاندى. خەلق ئۆلۈشكە باشلىدى. ئادەملەردە ئۆلۈكلەرنى كۆمگۈدەك كۈچ – قۇۋۋەت يوق ئۆلۈكلەر ئىسكىلاتلاردا توڭلانغان پېتى دۆۋىلىنىپ قالدى. مۇھىت شۇ قەدەر كۆڭۈلسىز ئەجەل تۇمانلىرى ئەتراپنى قاپلىۋالدى. كۆڭۈلدە زەررىچىلىك ئۈمىد قالمىدى، كىشىلەر جان قاچۇرۇپ يېرىنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. يولدىشىم ئاچلىقتىن ئۆلدى، كۈچۈم كەتتى، قانىتىم سۇندى، بالىلىرىم ئاچارچىلىقتىن ئاجىزلاپ كېتىپ باراتتى، بالىلىرىمنى ساقلاپ قالسام دېگەن ئۈمىد بىلەن مەنمۇ ئەلگە ئەگىشىپ تۇغۇلغان يەرنى تاشلاپ ماڭدۇق. بۇ ئاچارچىلىق يالغۇز بىزدىلا بولماستىن پۈتۈن سوۋېتلەر سايۇزىدا يۈز بەرگەنلىكتىن بىز تېخىمۇ يامان ھالغا چۈشۈشكە باشلىدۇق. يوللاردا بالىلىرىم ئۆلۈپ تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم. شەرقىي تۈركىستان چېگراسىغا ئاز قالغاندا ئۈچ بالام بىلەن قالدىم. 18 ياشلىق قىزىم:

– ئاپا ئاۋۇ دەرەخنىڭ بېشىدا قاغىنىڭ ئۇگىسى بار ئىكەن، بەلكى تۇخۇمى باردۇر، شۇنى ئېلىپ يېسەم دېگەندىن كېيىن 14 ياشلىق ئوغلۇم قاغىنىڭ تۇخۇمىنى ئېلىش ئۈچۈن دەرەخكە چىقىپ كېتىۋېتىپ ئۇمۇ ئاجىزلاپ كەتكەن ئىدى، دەرەختىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلدى.

ئۇنىڭغا يىغلاپ تۇرسام ئىككى سائەتتىن كېيىن 18 ياشلىق گۈلدەك چىرايلىق قىزىم توي بىكە ئاجلىقتىن ئۆلدى دەپ كۆزىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ ئۆكسۈپ – ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. گۈلبىكەنى قۇچاقلاپ ساجدەمۇ يىغلىدى. يېنىدا ئولتۇرۇپ ئاڭلىغۇچىلارمۇ كۆز يېشىنى تۇتالمىدى. گۈلبىكە ئۆزىنى ئاران توختىتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى. بىر ئوغلۇم قالدى چېگراغا ئىككى سائەتلىك يول قالغاندا ئۇنىمۇ كۆمۈپ قويۇپ كەلدىم. ئادەم بالىسى بېشىغا كەلگەن قايغۇغا چىدىماي ئامال يوق ئىكەن. چېگرادىن بىر ئۆزۈم ئۆتۈپ كەلدىم، دەپ ئۆكسۈكىنى باسالماي كەتتى. بۇ ئاچارچىلىق يىللىرىدا سوۋېتلەر سايۇزىدا نۇرغۇن خەلق ئاچارچىلىقتىن قىرىلىپ كەتتى. نەچچە يۈزلىگەن ئادەم قوزغىلىپ ماڭغان بولساقمۇ لېكىن يوللاردا ئۆلۈكلەرنى كۆمۈپ يۈرۈپ ئاران 36 ئادەم كېلىپ يەتتۇق. ئىچىمگە سىغمىغىدەك ھەسرەتلەرنى يۇتۇپ دەرت ئىچىدە ھايات قالدىم. كاشكى ئۆلگەن بولسام مەن ئۈچۈن يەڭگىل بولاتتى. ئۇمۇ بولمىدى، دەپ ئىزىلىپ يىغلاپ ئۆزىنى تۇتالمىدى. ئەتراپتىكى ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچى ئاغرىپ بىرەر ياخشى ئىش قىلىپ ئۇنىڭ ھەسرىتىنى يەڭگىللەتكىسى كەلدى.

ئىككى ئايدىن كېيىن گۈلبىكىنى مەسجىدنىڭ يېنىدىكى كىچىك ئىككى ئېغىز ئۆيدە ئولتۇرىدىغان مۇبارەكشەباباي دېگەن كىشىگە نىكاھلاپ توينىي قىلىپ قويىدى. ئۇنىڭدىن گۈلبىكە مۇخەممەد ئىسمىلىك بىر ئوغۇل، فاتىمە ئىسىملىك بىر قىز پەرزەنت كۆردى. لېكىن شۇ دەۋردىكى دوختۇرلارنىڭ بولمىغانلىقىدىن ئىككى بالا قىزىل چىقىپ داۋالاشقا ئېرىشەلمەستىن ۋاپات بولدى. بىچارە گۈلبىكە ئۆمۈر بويى ئىچ كۆيۈكىدە يېنىپ ياشاپ ئۆتتى.

# ئىسھاق باينىڭ ۋاپاتى

22 – يىلى ئىسھاقباي غابدى جاپپاروف ئاغرىغان كۈندىن باشلاپ جامائەت ھال سوراپ كېچە – كۈندۈز ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇردى. كېسەل ياخشــى بولالماي ئورۇندا يېتىپ قالدى. ئەخمەت نەجىپ تاغىسىنىڭ يېنىـــدا بولۇپ، ئەمدى ئۆيگە كېلىپ يېتىپ تۇرۇشــىغا ئىشــكىنى ئۇرۇپ ئىســھاق باينىڭ قوشنىسى مەمەت «ئىسھاق ئاكامنىڭ ئەھۋالى ئېغىرلىشىپ قالدى سىزنى كەلســۇن دەيدۇ» دەپ چاقىرىپ كەلدى. ئەخمەت نەجىپ بارســا ئىسھاق باي ھەقىقەتەن ئېغىرلىشىپ قالغان ئىكەن.

ئىسھاق باي سىڭلىسىنىڭ ئوغلى زاكىر ئەبدىشوفنى چاقىرىپ:

– ســاندۇقتىكى بارلــق پۇللارنى ئېلىپ كەل مــەن ئۇ پۇللارنى ئوقۇغۇچىلارغا بېرەي. قورا – جاي ســاڭا قالدى دەپ پۈتۈن پۇللارنى زاكــر باشــلىق ئۈچ ئادەمگــە تاپشــۇرۇپ، بىر قىســمىنى مەكتەپ خىراجىتىگە، قالغان بىر قىســمىنى ئوقۇغۇچىلارغا دەپتەر – قەلەم ۋە كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ باللارغا تارقىتىپ تېز قايتىپ كېلىڭلار دەپ يولغا سالدى. ئۇلار مۇ دېگەندەك ئىككى سائەت ئىچىدە تاپشۇرغان ئىشــنى ئورۇنلاپ كەلگەن ئىدى. بۇنى ئاڭلىغان ئىسھاق باي خۇشال بولغاندەك كۈلۈپ ئاغرىقنــى ئۇنتۇپ راھەتلەنگەندەك بولدى. لېكىن ئىسھاق باينىڭ جان ئۈزگىنىنى ئەتراپتا قاراپ ئولتۇرغانلارمۇ سەزمەي قالدى.

ئىســھاق باينىڭ جىنازىســى چــوڭ بولدى. ھەر مەســجىدنىڭ جامائەتلىرى، مەكتەپ ئوقۇتقۇچى – ئوقۇغۇچىلار، قىسقىســى بارلىق خەلق كېلىپ ئۇرۇمچىدە كۆرۈلــۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزىتىش بولدى.

جىنازا نامىزىنىڭ ئالدىدا خەلق ئىسھاق باينىڭ ئىش ئۈستىدە زور ماختاشلار ۋە بۈيۈك باھالار بەردى. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مائارىپ ساھەسىدە ئۇنىڭ قوشقان تۆھپىلىرىنىڭ قانچىلىك كۆپ بولغانلىقىنى ۋە خەلق ئاممىسىغا بولغان ياردەملىرىنى ھەم سودا - مالىيە ساھەسىدىمۇ ئۇنىڭ قوشقان ھەسسىلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتتى. ئۇ ئوغۇللار، قىزلار مەكتەپلىرىنى ئاچتى ۋە سىرتتىن ئوقۇتقۇچىلار كەلتۈردى. «كانتور» يەنى (خەلق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىشخانا) گە باش بولۇپ مەكتەپلەرنى باشقۇرۇشتىن تاشقىرى «ئېنگلىز، گېرمان» ئوقۇتقۇچىلارنى ئېلىپ كېلىپ «كانتوردا» باللارنى ئوقۇتتى. بورھان شەھىدى، ساجىدەنىڭ ئۇكىسى ھەمدۇللا قاتارلىق بىرقانچە باللارنى كانتور ئوقۇش پۇلىنى تۆلەپ ئوقۇتتى. (بۇرھان شەھىدىنىڭ «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» دېگەن كىتابىدا بۇ كانتورنى «جاسۇسلار ئورگىنى» دەپ يازغان ئىكەن. بۇنى ئوقۇغان چوڭلار بورخان شەھىدىدىن نېمە ئۈچۈن سىز بۇنداق يالغاننى يازدىڭىز دەپ سورىغاندا بورھان شەھىدى ئويلىنىپ تۇرۇپ قېلىپ:

- بۇ كىتابنى مەن يازمىدىم، مەن ئېيتىپ بەردىم خىتاي باللىسى يازدى، بۇ كىتابنى ئۇلار ئۆز سىياسىتىگە توغۇرلاپ كۆپ يەرلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىپتۇ، مەن پەقەت نەشىردىن چىققاندىن كېيىن كۆردۈم، ئۇلاردىن «نېمىشقا ئۆزگەرتتىڭلار» دەپ سورىسام «شۇنداق قىلىشقا توغرا كەلدى» دېدى.

توقسان يېشىمدا مېنى كىتاب يازىدۇ دەپ ئويلىدىڭلارمۇ دەپ جاۋاب بەردى.

كېلەچەكتە بىزلەرگە خەنزۇ تىلىنى بىلىدىغان ياشلار لازىم دەپ، زەكى ۋە لىق ئەكبەر شەنجاڭ، مەخمۇدجان ئىلھامجانوپ قاتارلىق بىر

تۈركۈم ئوقۇغۇچىلارنى «دوك پوت» تىكى «چوتان» خەنزۇ مەكتىپكە بېرىپ ئوقۇتتى.

ئۇ بارلىق ئۈمىدىنى ۋە مال - مۈلكىنى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن سەرپ قىلغان ئادەم، ئۇ كانتور ئارقىلىق سودا ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ كەلدى. ئۇ سودا شىركىتى قۇرۇلغىچە سوۋېت بىلەن بولغان سودا ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. ئۇ تاتارىستان بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئىشلىرىنى باشلاپ يۈرگۈزگەن ئادەم ئىدى. ئۇ خەلقچىل، ۋەتەنپەرۋەر خەلق ۋە ۋەتەن سۆيگۈسىگە ئىگە ئالىي روھلۇق ئادەم ئىدى.

مانا شۇ دەۋردىكى ئادەملەرمۇ بىر ئائىلىنىڭ كىشىلىرىدەك ئىنتايىن ئىناق ياشايتتى. ئۇرۇمچى خەلقىنىڭ ئارىسىدا مىللەت ئايرىمىسى، يۇرتۋازلىق ۋە باي، كەمبەغەل دېگەندەك ئايرىمچىلىقلار يوق ئىدى. پەقەت ھەممە ئادەم قېرىنداشلاردەك باراۋەر ياشايتتى.

خەلقلەر ياشلارنى ئوقۇتۇپ تەربىيەلەشتىن باشقا جەمئىيەت ئىچىدىكى تۇرمۇش ئېغىرچىلىقى بار ئائىلىلەرگە كۆمۈر، يېمەك – ئىچمەك ۋە كېرەكلىك نەرسىلەر بىلەن تەمىنلەپ، ئاغرىقلارنى بولسا يوقلاپ تېگىشلىك ياردەمنى قىلاتتى. يېتىم باللارنى ئائىلىلەرگە بۆلۈپ بېرىپ، بارلىق ئائىلىلەر بىردىن - ئىككىدىن يېتىم باللارنى تەربىيەلەپ ئوقۇتۇپ ئۆز باللىرىدەك كۆرۈپ چوڭ قىلدى. ئىبراھىم بىلەن خەلىمە ئەرىن، زامزا قاتارلىق باللارنى، ئەخمەت نەجىپ بىلەن ساجىدە ئىبراھىم، قاسىم، رەيىم، ئىسلام قاتارلىق بىرقانچە باللارنى تەربىيەلەپ ئوقۇتۇپ بىر ھۈنەر ئىگىسى قىلىش بىلەن ھەم ئۆيلۈك – ئوچاقلىق قىلدى.

ئىسھاق باي ۋەتەن ۋە خەلقىنىڭ غېمىنى يەپ ئۆز ئۆمرىنى شۇ يولدا سەرپ قىلغان ئادەم. ئۇ ئادەمنىڭ ئۈچ ۋەتىنى بولىدۇ. «تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرىڭ بىرىنچى ۋەتەن، ياشــىغان يېرىڭ ئىككىنچى ۋەتەن، ئۆلگەندىن كېيىــن ياتقان يېرىڭ ئۈچىنچى ۋەتەن. هــەر ۋاقىت ئۆمرۈڭنى ۋەتەن-خەلق يولىدا سەرپ قىلساڭ ئۇ چاغدا سەن بەختلىك سەن» دەيتتى.

ئىســھاق باينىڭ باللىرى بولمىدى. ئايالى ئۆزىدىن كۆپ بالدۇر ۋاپات بولۇپ، ئۇ يالغۇز ياشــىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆز كۆڭلىنى خەلق يولىدا ئىشــلىگەن ئىشلىرى بىلەن خۇشــال قىلىپ كەلدى. ئىسھاق باينىڭ ئائىلىســى تەرەققىپەرۋەر مائارىپ سۆيەر، مەرىپەتچى، ۋەتەن – خەلقنى سۆيۈش روھى بىلەن سۇغۇرۇلۇپ تەربىيەلەنگەن ئىنسانلار ئىدى. ئىســھاق باينىڭ ئۇكىسى ياقۇپ باي شــەرقىي تۈركىستاننىڭ غۇلجا شــەھىرىدە ياشــىغان ئادەم. ئۇلار غۇلجا شەھىرىنىڭ مائارىپ ساھەســىدە كۆپلىگەن تۆھپىلەرنى قوشتى. ياقۇپ ئابدۇجاپپاروفنىڭ زەينەپ، كەشفە، شــەفقە، رەمزىيە ئىسىملىك قىزلىرى پۈتۈن ئۆمرى بويى ئوقۇتقۇچى بولۇپ، نۇرغۇن ياشــلارنى تەربىيەلەپ جەمئىيەتكە قوشتى. غۇلجىدا زەينەپ ئاپا دېسە بىلمەيدىغان ئادەم يوق. ئۇ مائارىپ ئانىسى ئىدى. غۇلجا خەلقى زەينەپ ئاپانى چوڭ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ ئەسلەيدۇ. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن ئۆتكۈزدى.

زەينــەپ ئاپانىڭ چــوڭ قىزى رەيخەنــە ئابىت ئــۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىــدا ئوقــلار يامغۇردەك يېغىــپ تۇرغان جــەڭ مەيدانىدىن يارىلانغان جەڭچىلەرنى يۈدۈۋېلىپ چىقىــپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. ئاغرىقلارنىڭ يارىلىرىنى تېڭىپ ئۇلارغا ياردەمدە بولدى.

ھەر كۈنى جەڭچىلەر بىلەن تەڭ جەڭ مەيدانىدا ئۆزىگە كېلىدىغان ئېغىرچىلىــق ۋە ئۆلۈمدىنمــۇ قورقماي جەڭ قىلــدى. رەيخەنەنىڭ

جەڭ ئۈستىدىكى جاسارىتى پۈتۈن جەڭچىلەرنى رىغبەتلەندۈرۈپ، دۈشمەنگە بولغان نەپرەت ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنى ئاشۇردى.

## باتۇر، جاسارەتلىك رەيخەنەنىڭ قەھرىمانلىقى توغرىسىدا

«تاتار قىزىنىڭ باسقان ئىش ئىزلىرى» دېگەن ئوچېرىك 1987 – يىلى 8 – ئاينىڭ 6 – كۈنى ئىلى گېزىتىدە بېسىلىپ چىقتى. (غابدى جاپپاروفنىڭ)

ئەخمەت نەجىپ بولسا، ئىسھاق باينىڭ چوڭ ئاكىسى ئاتاۋۇللانىڭ نەۋرىسى بولىدۇ. ئەخمەت نەجىپ مەسجىدنىڭ موتەۋەللى بولۇپ ئىشلەپ كەلدى. مۇساپىرلار ۋە خەلق ئىچىدىكى يېتىم – يېسىر كەمبەغەل ئاجىز يالغۇز قالغان ئاغرىقچان ئادەملەرگە ياردەم قىلىشىدا خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى ئىشلەپ كەلدى. ئىسھاق باينىڭ ئۆلۈمى ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلىدە چوڭ يوقىتىش بولدى.

جىنازىگە شۇنداق جىق ئادەم توپلاندى. پۈتۈن مەسجىدلەرنىڭ جامائەتلىرى بىلەن رەت بولۇپ تىزىلىپ ئوقۇغۇچىلار كەلدى. خەلق مەسجىد ھويلىسىغا سىغماي كوچىلاردا تۇرۇپ جىنازا نامىزى ئوقۇدى. خەلق دولقۇنى تاۋۇتنى قولدىن – قولغا تالىشىپ زور ھۆرمەت بىلەن ئۇزاتتى.

مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار تاۋۇتنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ «ئەلۋىدا ئەزىزىم، ئەلۋىدا» دەپ ئەلۋىدا شېئىرىنى ئوقۇپ جىنازا ئالدىدا يىغلاپ ماڭدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ شېئىرى ۋە يىغىسى پۈتۈن ئادەمنى يىغلاتتى.

## ئابدۇراخمان

22 – يىلى ياز ۋاقتى تەبىئەت يېشىللىنىپ ئەتراپ شۇنچە گۈزەل

ئىدى. رەڭمۇ – رەڭ گۈللەر ئۆزىنىڭ يېقىملىق ھىدى بىلەن ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ھۇزۇر بېرەتتى. قۇشلارنىڭ چىرايلىق ئاۋازلىرى ۋە كوچىدىكى ئېرىقلاردا ئېقىۋاتقان سۇلارنىڭ شىلدىرلاپ ئېقىشى تەبىئەتكە ھۆسۈن قوشۇپ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى خۇشـــال قىلاتتى. سومكىسىنى ئېلىپ ئەخمـــەت دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ تۇرۇشـــىغا قولىغا ئادرېس يېزىلغان قەغەزنـــى كۆتۈرۈپ 60 نەچچە ياشـــلار ئەتراپىدىكـــى ئىگىز بويلۇق، سالاپەتلىك بىر ئادەم كېلىپ سالاملاشقاندىن كېيىن:

- مەن مۇشۇ ئادرېستا قىزىم ساجىدەنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ كۆرۈشسەم دەپ كەلگەن ئىدىم. ئىسمىم ئابدۇراخمان دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى.

ئەخمەت ئۇ ئادەمنـــى ئۆزىنىڭ قېيناتىســـى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئېھتىـــرام – ھۆرمـــەت بىلەن ئۆيگە باشـــلاپ كىرىـــپ ئۆيدىكىلەرگە داستىخان سېلىپ تاماق ھازىرلاشقا بۇيرىدى.

بـــۇ ۋاقىتلاردا ســـاجىدە تۇغۇتلـــۇق ئىـــدى. ئابدۇراخمان قىزىم ساجىدە بىلەن كۆرۈشسەم دەپ ئىلتىماس قىلدى.

ئەخمـــەت ئىشـــىككە پەردە تارتقـــان ئۆيگە كىرىپ ســـاجىدەگە ئابدۇراخماننىڭ تەلىپىنى يەتكۈزدى. بۇ ســـۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ســـاجىدەنىڭ قەلبىدىكى ساقايمىغان يارىنىڭ ئاغزىنى يۇلۇۋالغاندەك بولۇپ، ئۆتمۈشتىكى ئاچچىق ھاياتى، ئاپىسىنىڭ ئېچىنارلىق تەقدىرى يادىغا كېلىپ، خۇددى شـــۇ ۋاقىتقا كېلـــىپ قالغاندەك بولۇپ، ئۆزىنى تۇتالمـــىدى. كۆز ياشـــلىرى يۈزىنى بويـــلاپ يامغـــۇردەك تۆكۈلدى. ئابدۇراخمان ئىشىك ئالدىغا كېلىپ:

– قىزىم ساجىدە مەن سەن بىلەن كۆرۈشسەم؟ دەپ ئېيتقان ئىدى. ساجىدە:

- مەن سىنىڭ قىزىڭمۇ؟ قىرىق يىل دىگەندە بۈگۈن قىزىڭنىڭ بارلىقى يادىڭغا كەلدىمۇ؟ مېنى بالام بار دەپ ئويلاپ كۆردۈڭمۇ؟ سەن مېنى ئۈچ ياشلىق كىچىك چېغىمدا بىشىمغا تاغ يىقىتىپ ئاپامنىڭ قۇچىقىدىن يۇلۇپ تارتىۋىلىپ تۆت خوتۇنلۇق بىر يات ئادەمگە تاشلاپ بەردىڭ. زالىم ئۆگەي ئانىنىڭ قولىدا بالا چاكار بولۇپ تاياقتىن باش - كۆزلىرىم يېرىلىپ قان ئىچىدە زۇلۇم چېكىپ چوڭ بولدۇم. ئاپامنى سېغىنىپ باغرىم كاۋاپ بولۇپ كۆزياشلىرىم قانغا ئايلانغاندا سەن مېنىڭ كىچىك قەلبىمنىڭ قانچىلىك يارىلانغىنىنى ئويلاپ كۆردۈڭمۇ؟ سەن مېنى بالام دىسەڭ ماڭا بۇ كۈنلەرنى كۆرستەرمىدىڭ؟! مۇشۇنچە يىللار ئىچىدە ئىستىكىمنى قىلىپ هالىمنى سوراپ كۆردۈڭمۇ؟ جاڭگالدىكى يىرتقۇچ هايۋانلارمۇ ئۆز بالىلىرىنى تاشلىۋەتمەستىن باقىدۇ. سىنىڭ يىرتقۇچ هايۋانلارچىلىك مېهرى - شەپقىتىڭ بولمىدى. ئاپام بىلەن مېنىڭ سىنىڭ ئالدىڭدا نىمە گۇناهىمىز بار؟ ئاپام ساڭا ئىشىنىپ ياشلىق ساپ مۇهەببىتىنى ساڭا بېغىشلىغان ئىكەن. سەن ئۇنىڭ گۈزەل هاياتىنى ۋە ساڭا بولغان پاك مۇهەببىتىنى دەسسەپ - چەيلەپ كەتتىڭ، ئاپامنى 15 يېشىدا ئېلىپ 17 يېشىدا بىر بالىلىق تۇل ئايال قىلىپ تاشلاپ ئۇنىڭ هاياتىنى بۇزدۇڭ، ئاپام ئۈچ يىل سىنىڭ يولۇڭغا قاراپ ئۈمىد بىلەن كۈتكەندە سەن كېلىپ مېنى ئوغۇرلاپ ئىز - دېرەكسىز يوقىتىپ ئاپامنىڭ قەلبىنى كاۋاپ قىلىپ ياندۇردۇڭ، بىچارە ئاپام يەنە سېنى ئادەم دەپ قىزىمنى ئېلىپ كېلىپ ماڭا كۆرسىتىپ كېتەر دىگەن ئۈمىد بىلەن بەش يىل ئۆرۈمچىنىڭ يولىغا قاراپ سارغىيىپ كۈتتى، ئاپام ساڭا نىمە قىلغان ئىدى، بىز ساڭا نىمە قىلدۇق، سىنىڭ بە دۆلىتىڭنى بىز قاچۇردۇقمۇ؟ ئەگەر سىنىڭ بە دۆلىتىڭ خەلقنىڭ ياش نارىسىدە قىزلارنى ئاياغ - ئاستى قىلىپ، ئەيشى - ئىشرەتكە بېرىلمىگەن بولسا، خەلق سىنىڭ بە دۆلىتىڭ

ئۇستىگە خىتاي ئەسكەرلىرىنى چاقىرىشقا مەجبۇر قالارمىدى؟ بۇنىڭدا 17 ياشلىق ئاپام ۋە ئۈچ ياشلىق مېنىڭ ھەم بىزنىڭ ئائىلىلىرىمىزنىڭ نېمە گۇناھــى بار؟ بىچارە ئاپامنىڭ ياش ئۆمرىنى غازاڭ قىلدىڭ، 34 يېشىدا قارا تۇپراق ئاســتىغا كىردى. مەن سېنى قانداق كەچۈرىمەن، سېنى قانداق دادام دەيمەن دەپ ھۆكۈرەپ يىغلاپ كەتتى.

ئابدۇراخمان ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ:

- قىزىم ســاجىدەم مەن راســتىن خاتالىق قىلدىم، مەن ساڭا ۋە ئاپاڭغــا زۇلۇم قىلدىــم كەچۈرگىن، مەن ۋىجــدان ئازابىنى چېكىپ ياشــىدىم. شــۇنچە يىللار ئىزدەپ تېپىپ ســەندىن كەچۈرۈم سوراپ بالام دەپ باغرىمغا باساي دېگەننى ئويلىغان، ھەم بۇگۈنمۇ شۇ ئۈمىد بىلەن كەلگەن ئىدىم دەپ ئابدۇراخمانمۇ ھۆكۈرەپ يىغلىدى. لېكىن ســاجىدەنىڭ كۆڭلى ھېچ ئېرىمىدى. بولدى ســەن مېنى بالام دېمە، مېنىڭ دادام مەرھۇم ئاقســاقال ئۇ مېنــى بېقىپ چوڭ قىلدى دېدى. ئابدۇراخمانمــۇ غىزادىن ئاغزىغا بىر قوشــۇقمۇ ئالماســتىن تۆكۈلۈپ يىغلاپ يېرىم كۈن ئولتۇرۇپ ئاندىن كەتتى.

ئەخمــەت ئابدۇراخمانغا ئىككى توپ گەزلىمە رەخ ۋە ئىككى يۈز سەر پۇل بېرىپ مەپە كىرا قىلىپ يولغا سېلىپ قويدى.

شۇنىڭ بىلەن ساجىدە بىر ھەپتە ئاغرىپ يېتىپ قالدى.

## ئىبراھىمنىڭ ئوغلىنىڭ تويى

25 – يىلى ئىبراھىم ۋەلىنىڭ چوڭ ئوغلى شــاكىرنى خەلىمەنىڭ ئاكىســى خەسەن ئاقساقال بىرشــوفىنىڭ قىزى رابىخەگە قۇدۇلىشىپ توي قىلىش ئۈچۈن چۆچەككە كەتتى. كىراچىنىڭ ھارۋىسى بىلەن يول

بويى ئىبراھىمنىڭ توققۇز ياشلىق كىچىك ئوغلى سالىخ:

تارتما – تارتما بال ئاۋۇز
بال ئاشارغا بارامىز.
پاۋىسكانى شىلدىرلىتىپ
قىز ئالارغا بارامىز.

دەپ جىرلىسا يېنىدىكى ھەمسەپەر ئۇيغۇر يىگىتمۇ:

ھاۋالاردا قارا بۇلۇت
يامغۇر يېغىپ ئۆتكىنى يوق
ئىككى ياخشى بىر بولۇپ
قوشۇلۇپ ئۆتكىنى يوق.

دەپ ئۇلار ئىككىسى قوشۇلۇپ بىللە توختىماستىن ناخشىلار ئېيتىپ كۆكۈللۈك سەپەرلەر بىلەن 15 كۈن دېگەندە چۆچەككە يېتىپ كەلدى.

قىز تەرەپتىن ئۇلارنى دۇربۇلجىننىڭ يېرىم يولىغا قارشى ئېلىپ چىقىپ گارمۇن جىرلار بىلەن قازان ئېسىپ كۈتۈۋالدى. پولۇ پىشۇرۇپ ۋە زىق كاۋاپلار ھەم شۇنداقلا ئۇلار ئېلىپ كەلگەن سامسا، بەلىشلەر بىلەن ئويۇن – كۈلكە، گارمۇن جىرلار جىرلىشىپ يېرىم كۈن كۆكۈللۈك ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ ئاندىن چۆچەككە قاراپ ماڭدى.

چۆچەك كىچىك شەھەر ئىدى. قەۋەتلىك ئېگىز بىنالىرى بولمىسىمۇ كۆكۈللۈك گۈزەل كۆرۈنەتتى. ھەربىر ھويلىدا ئۈچ – تۆت ئېغىزدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاستى – ئۈستى تاختايلىق كەڭ ئازادە يوغان ئۆيلىرى ۋە ھويلىسىدا ئالمىلىق باغلىرى بولۇپ، بۇ گۈزەل تەبىئەتكە ھۆسن بېرىپ تۇرغان ئىشىك ئالدىدىكى قىزىل گۈل – سىرىن گۈللەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ھۇزۇر بېرىپ تۇراتتى. چۆچەك خەلقى

ســـەھەر تۇرۇپ ھەر كىم ئۆزىنىڭ ھويلىســـىنىڭ ئالدىنى ســـۇ سېپىپ سۈپۈرۈپ تۇرغاچقا، شـــەھەر پاكىزە خوش پۇراق، ھاۋاسى ساپ گۈزەل كۆرۈنەتتـــى. كوچىلارنىـــڭ ئىككى تەرىپىدىكى ياغاچـــلار بىر - بىرىگە قوشـــۇلۇپ، قويۇق ئۆســـكەنلىكى ئۈچۈن ئۇ كوچىلارنىلا ئەمەس، پۈتۈن شـــەھەرنى گۈزەل كۆرســـىتەتتى. بۇ تەبىئەتكە ماسلىشىپ قۇشلارنىڭ بولۇپمۇ، بۇلبۇللارنىڭ ســـاز ئاۋازى ئادەمگە بـــۇ يەر «دۇنيا جەننىتىغۇ» دەپ ئېيتىشقا مەجبۇر قالاتتى.

ئۇلار چۆچەككـــە كىلىپ، كىلىـــم - كېتىم، يـــول ھاردۇقى بىلەن ئـــون كۈن ئۆتۈپ كەتتى. بـــۇ ئارىلىقتا قىز - يىگىتمۇ بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشۈپ - تونۇشۇپ دىگەندەك ۋاقىت ئۆتكۈزدى. ئون كۈندىن كېيىن ئىبراھىم ئوغلى شاكىردىن:

- ئوغلـــۇم رابىخەنـــى قانداق كـــۆردۈڭ؟ كۆڭلۈڭگە ئوخشـــىدىمۇ؟ ياراتتىڭمۇ؟ دەپ سورىدى.

شاگىرنىڭ كۆزلىرى كۈلۈپ كۆڭلىدىكى مۇھەببەت تەبەسسۇملىرى يۈزىدە كۆرۈندى.

ئىبراھىم ئوغلىغا بولغان مېھرى - مۇھەببىتى بىلەن كۈلۈمســـىرەپ ئوغلۇم قىزنى سۈرىتىپ ئەلچى ئەۋەتسەك بولامدۇ؟ دەپ سورىدى.

شاكىر ئالدىرىغاندەك «بولىدۇ دادا ئەلچى ئەۋەتتۈرۈڭ» دىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىبراھىم قىز تەرەپكە ئەلچى ئەۋەتتى.

خەسەن ئاقساقالمۇ:

- قىز - يىگىت بىر - بىرىنى ياراتقان بولســـا، ئۇلارنىڭ قارشىلىقى بولمىســـا بىزگە پەقەت ئۇلارغا بەخت تىلەشتىن باشقا سۆز قالمىدى -

دېدى.

شۇنىڭ بىلەن توي تەييارلىقى باشلىنىپ كەتتى.

يىگىت تەرەپ بەش ئايال بىلەن بىر كۈن توقاش – تورت ۋە تاتلىق تۈرۈملەر پىشۇرۇپ تەييارلاندى. ئەتىسى كۈنى «قۇلاق سۆيۈنچىسى» ئۆچۈن ئىككى هارۋىنى كىرا قىلىپ قىزغا باشتىن – ئاياغ كىيىم – كېچەك، ئەتىر، يۈزماي، ئەتىر سوپۇن قاتارلىق نەرسىلەرنى ۋە كانفىت، چاي، شېكەر، توقاش، تورت هەم تاتلىق تۈرۈملەرنى يەتتە پەتنۇسقا سېلىپ، ئىبراهىم – خەلىمە ئىككى هارۋا ئەر – ئاياللارنى ئېلىپ قىز تەرەپكە «رەهمەت تازىم»غا كەتتى. ئۇلار گارمۇن جىرلار بىلەن كوچىلارنى ئايلىنىپ قىز تەرەپكە ماڭدى.

قىز تەرەپمۇ كىچىك بىر توي مەرىكىسى بىلەن كۈتىۋالدى. بىر هەپتىدىن كېيىن «چوڭ چاي» ئۆتكۈزۈلدى. بۇنىڭدا يەنە بىرىنچى چايدەك هازىرلىقلار بىلەن قىزنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرگە كىتلىك ئېلىپ 15 پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ بەش هارۋا ئادەم قىز تەرەپكە كەتتى.

قىز تەرەپ بولسا ئىككى تەرەپ بولۇپ، يۈزدەك ئادەمنى كۈتىۋالدى.

يوتقان - كۆرپە تىكىش تويىنى دەپ كۆرپە تىكىدىغانلار بىلەن يېقىن تۇغقانلار، دوستلار، قولۇم – قوشنىلارنى چاقىرىپ قىزنىڭ يوتقان – كۆرپىسىنى هەم قىز كارۋىتىغا چىمىلدىق – كارۋات چارشابىنى يەنى كارۋاتنى توسۇپ تۇرىدىغان پەردىلەرنى كەستى. بۇنىڭدا قايچا ۋە يىڭنە تۇتقانلارغا رەسمىيەت بويىچە كىيىم كىيگۈزۈپ، چاشقىلار چېچىپ، چوڭ هازىرلىقلار بىلەن مېهمان قىلدى. مۇزىكا – ناخشىلار بىلەن كۆڭۈللۈك ئۆتتى. كەلگۈچىلەرمۇ يوتقانغا – چارشاپقا لايىق ماتېرىيال ئېلىپ كېلىش ئادەت ئىدى. بۇ هەم تويدەك ئۇيۇن – كۈلكە، چاقچاقلار بىلەن چىرايلىق

ئۆتتى.

شەرقىي تۈركىستان بويىچە چۆچەك خەلقى تويلارنى چوڭ قىلىپ گارمۇن - جىرلار بىلەن ئۇيۇن - كۈلكە خۇش - چاقچاقلار بىلەن ياشايدىغان كۆڭۈللۈك خەلق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن چۆچەك خەلقىدە «ئوتتۇز كۈن ئويۇن، قىرىق كۈن توي قىلىدۇ» دېگەن تەمسىل بار.

بۇ دەۋرلەر شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئەڭ گۈزەل هايات كەچۈرگەن ۋاقتى ئىدى. توي قىلىش ئادەتلىرى يەر - يېرىگە قاراپ پەرقلىق بولسىمۇ ئاساسى تەرەپتىن توي رەسمىيەتلىرى ئوخشاش ئىدى. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ساندۇق تويى ئۆتتى. بۇنىڭدا قىزنىڭ پۈتۈن ئائىلە تەرەپلىرىگە ھەم ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا ھەتتا قولۇم - قوشنا، ئىمام - مەزىنلەرگىچە كىتلىك سالدى. قىزغا تۆت پەسىللىك كىيىم - كېچەك، ئىچ كىيىم، ئاياغ كىيىم، زىننەت بۇيۇملاردىن ئالتۇن ھالقا، ئالتۇن ئۈزۈك، بىلەيزۈك، ئەتىر، ئۈزماي، سوپۇن ۋە يازلىق - قىشلىق پەلتۇلار سالدى. ساندۇقنىڭ ئۈستى تەرەپكە كىچىك دەستۇرخانغا كەمپۈتلەر سېلىپ (چاچقۇ) ئۇنىڭ يېنىغا ساندۇق ئاچقۇچىغا بىر كىيىملىك ماتېرىيال سېلىندى. ئۇ كانفىيتلەر ساندۇق چاچقۇسى ئىدى. ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى، چىرايلىق گۈللەپ نەقىشلەنگەن ياغاچ ساندۇقنى بىر ھارۋىغا سېلىپ، ساندۇقنىڭ تۆپىسىگە ساللىخ بىلەن بۇ قىزنى ئولتۇرغۇزدى. چۈنكى رەسمىيەت شۇنداق ئىدى. ئىككىنچى ھارۋىغا قىزغا ھازىرلانغان ئورۇن - كۆرپە، ياستۇق قاتارلىق نەرسىلەرنى سالدى. بۇلار يىراقتىن قىز ئالغىلى كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۆي جابدۇقلار ھازىرلانمىدى.

ئادەتتە قىزغا ھازىرلانغان پۈتۈن ئۆي - جابدۇقنى ئېلىپ بېرىپ، يىگىت ئاز دېگەندە بىرقانچە ئاي، بولمىسا بىر يىل قىز تەرەپتە كىيەۋلەپ تۇرۇپ بەزىلەر بىر بالىلىق بولغاندىن كېيىن قىزنى كۆچۈرۈپ ئېلىپ

كېتەر ئىدى. بۇنى «كيەۋلەش» دەپ ئاتايدۇ.

بۇ چۆچەك خەلقى كۆپ قوللىنىدىغان ھەم ئاساسى جەھەتتىن تاتار مىللىتىنىڭ ئادىتى ئىدى.

يىگىت تەرەپكە ئائىت مېھمانلار بىلەن ساندۇقنى ئېلىپ قىز تەرەپكە كەتتى. ئۇلارنى قىز تەرەپ چاشــقۇلار چېچىپ گارمۇن قوشــاق جىر ۋە تانســلار بىلەن قارشــى ئالدى. ساندۇق ئۈســتىدە ئولتۇرۇپ بارغان باللارغا كىيىم كىيگۈزدى. بۇ ياشــلار ئۈچۈن خەيرلى پەرزەنت بولۇش ئارزۇسى بىلدۈرىدۇ. قۇدىلىق چىرايلىق باشلاندى. مېھمانلارنى ئېھتىرام، ھۆرمــەت بىلەن كۈتۈۋالدى. ھەممە ئادەم خۇشــال – خۇرام كەيپىياتتا كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇپ قايتىشتى.

كۆپ كېچىكمەستىن توي باشــلاندى. قوي – تايچاقلار سويۇلۇپ، يوغان داش قازانلار ئېســلىپ بىرىنچى كۈنــى ئەرلەر تويى، ئىككىنچى كۈنى ئايالللار تويى بولۇپ، پۈتۈن چاقىرىلغان مېھمانلار كېلىپ، ياشــلار مۇزىكا ناخشىلار بىلەن توي كۆڭۈللۈكىنى كۆرستىپ بەردى.

ئۈچىنچى كۈنى يىگىت تەرەپتە بارلىق ياشلارنى چاقىرىپ يىگىتلەر تويى قىلىپ بەردى. يىگىتلەر مۇزىكا، ئويۇن - كۈلكە ناخشىلار بىلەن بىر كۈننى بەك كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدى. ســائەت تۆتلەر بىلەن ياشلار بىرقانچە ھارۋىغا ئولتۇرۇپ مۇزىكا جىرلار بىلەن كوچا ئايلاندى. ئۇلارنى ھەر كوچىدا ئارقان توســۇپ يىگىتلەرنىڭ ئويناپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغاندىن كېيىن يىگىتلەرمۇ مۇزىكا چېلىپ جىرلاپ تانسا ئويناپ، ئارقان توسقانلارغا پۇل ۋە لۆڭگە ياغلىق بەرگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ مېڭىشىغا يول بېرەتتى. ئۇ كۈنى يىگىتلەر ئولتۇرۇشى بەك قىزىپ كەتتى. يىگىت تەرەپتىكى ياشلار 16 – 24 ياشــلاردىكى يىگىتلەر ئىدى. شــاكىرنىڭ ئۆزىمۇ 17 ياشتىن

18 گە كىرىپ بارغان ياش يىگىت، رابىيخە 15 يېشــىدىكى قىز بولۇپ، ئاكا – سىڭىل بالىلارنىڭ باشقىلارغا قاراپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇلار كىچىك بولسىمۇ توي قىلىۋاتاتتى. قىز تەرەپنىڭ قىز ئولتۇرۇش تويى ھەم قىزىق ئۆتتى. تۆتىنچى كۈنى نىكاھ تويى بولدى.

قىز تەرەپتىن يىگىتكە نىكاھ كۈنى كىيىدىغان كاســتۇم – بۇرۇلكا كانۋا چەككەن ئەرلەر كۆڭلىكــى، ئىچ كىيىم، پايپاق بىلەن ئاياغ كىيىم ھەم نىكاھ يۈزىكى، ئەرلەر ئەتىرى قاتارلىق نەرسىلەرنى يىگىت تەرەپكە يىگــىت، تەرەپتىن قىزغا توي كۆڭلىكى، مەرۋايىت دوپپا، بورتمە شــال، ئىچ كىيىم، توفلــى پايپاق، نىكاھ يۈزىكى، تۆت قــۇر مەرۋايىت، ئالتۇن بىلەيزۈك، ئالتۇن ھالقا، ئەتىر سوپۇن، يۈزماي قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن ھەر ئىككى تەرەپ بەش پەتنوســقا كەمپۈت، شــېكەر ھەم چاي، چەي ئاش (توقاش، تورت، تاتلىق پىشــۈرىقلار) لەرنى ئېلىپ ئىككى تەرەپ تۆت ھارۋىدا يىگىت تەرەپ قىزغا، قىز تــەرەپ يىگىتكە گارمۇن ھەم جىرلار بىلــەن ئېلىپ ماڭدى. نىكاھ كۈنى ئىمام ھەم ۋەكىل ئاتالار (گۇۋاھچى) ئىككــى تەرەپنىڭ تۇغقانلىرى ۋە مېھمانلار ھەم قىز – يىگىتلەر كەلدى. شۇنداق كۆپ جامائەت ئوتتۇرىســىدا نىكاھ ئوقۇلدى. نىكاھ تويى دەپ يەنە بىر چوڭ توي ئۆتكۈزۈلدى. نىكاھ تويىدىن كېيىن قىز – يىگىتنىڭ كىيەۋلەش تويى بولدى. بۇ كېچە قىز – يىگىتلەر تاڭ ئاتقۇچە ئويۇن – كۈلكە بىلەن شۇنداق كۆڭۈللۈك بىر كېچە بولۇپ ئۆتتى.

تويىدىــن كېيىن قۇدىلار چىللاشقۇســى بولــدى. ئۇنىڭ كەينىدىن تۇغقانــلار ۋە يېقىنــلار، قىز – يىگــىت بىلەن توي ئىگىلــىرى بولغان قۇدىلارنى چاقىرىش باشــلاندى. بۇ مېھماندارچىلىق بىر ئايدىن ئارتۇقتا سوزۇلدى. كۆز چۈشۈپ، سوغۇق ھاۋالار كەلگۈچە كېتىۋېلىشىمىز لازىم دەپ ئىبراھىم بىلەن خەلىمە كېتىشــكە ھازىرلاندى. قىز بىلەن يىگىت

ئۆزلىرىگە ھازىرلانغان نەرسىلەر بىلەن بىر ھارۋىنى كىرا قىلىپ، ئىبراھىم بىلەن خەلىمەلەر كىراچىلار بىلەن بىر ھارۋىدا يولغا چىقتى. خەســەن ئاقســاقال ئائىلىســى ۋە تۇغقانــلار ئىككى ھارۋا بىلــەن دۇربۇلجىنگە قەدەر ئۇزىتىپ كېلىپ شــۇ يەردە خوشلىشىپ قالدى. قىز – يىگىتنىڭ ھارۋىسىغا ھارۋىكەش توي ھارۋىسىدەك قىزىل لىنتىلار بىلەن گۈللەپ ئاتنىڭ بېشىغىمۇ قىزىل گۈل تاقاپ قويغانلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن يول بويى ئادەملــەر بار يەردىن ئۆتكەندە كىشــىلەر يۈگۈرۈشــۈپ چىقىپ ئارقان توسۇپ ناخشا ئېيتقۇزۇپ ئۇسۇل ئويناپ ھەم ئۆزلىرىمۇ تەڭ ئوينىشىپ، ئۇلارنى تەبرىكلەپ يولغا سالاتتى. بەزى يەرلەردە بۇلارغا چاي ۋە مېۋىلەر بېرىپ يولغا سالســا، بەزى ئورۇنلاردا مېھمان قىلىــپ ئۇزىتاتتى. قازاق قېرىنداشلار ئايران سوتلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ قارشى ئالاتتى. بەزى قازاق قېرىنداشلار ئۆيلىرىگە باشلاپ «سىزلەر بىزنىڭ قوداي قوناقلىرىمىز» دەپ پاتە قىلدۇرۇپ قوي سويۇپ ئۆيلىرىدە قوندۇرۇپ ئۇزىتىپ سالاتتى.

مانا شۇنداق سەپەرلەر بىلەن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆمۈرىدىكى ئــەڭ كۆڭۈللۈك ۋاقىتلىرى بولــۇپ قالدى. كېلىن كېلىدۇ دەپ ئىبراھىمنىــڭ قىزى شەمســىناھار بىلەن ســاجىدە ھەم قولۇم – قوشــنا، تۇغقانلار تاتلىق تۈرۈملەر ۋە توقاش بولكىلار پىشــۇرۇپ، چاي، قازانلار ئېســىپ تاماقلار ھازىرلاپ، مېھمانلار يىغىپ بىر توي مەرىكىسى بىلەن ئۇلارنى كۈتۈۋالدى. قىزغا چاشــقۇلار چېچىپ پاياندازلار سالدى. بىر پەتنۇســقا بال (ھەســەل)، ماي سېلىپ كېلىنگە ســۇندى. رابىيخە بالدىن بىر قوشــۇق مايدىن بىر قوشــۇقنى ئاغزىغا سالدى. بۇ ھەم توي رەســمىيەتلىرىدىن ئىدى. قىز بال – ماي تۇتقان خانىمغا ئالتۇن يۈزۈك كىيگۈزۈپ رەھمەتلەر ئېيتتى. كېلىننى ھارۋىدىن چۈشــۈرگەندە يوغان ماھۇق ياســتۇقا دەسســىتىپ ئاندىن ياغان پايانــداز ئارقىلىق ئۆيگە

باشــلاپ كىردى. ياستۇققا دەسسىتىشـــى كېلىن يۇمشاق كۆڭلى بىلەن كەلســۇن، چۈشــكەن ئورنى كېلىنگە ھەم يۇمشاق بولۇپ، راھەت ئۆمۈر كەچۈرسۇن دېگەن ئۈمىد – ئارزۇلار بىلەن ئىشلەنگەن ئىش ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ كېلىن چۈشۈرۈش تويىنى قىلدى.

رابىيخە بىر يىلدىن كېيىن بىر ئوغۇل تۇغدى. بۇ بىرىنچى نەۋرە ئائىلە ئىچىگە چوڭ خۇشاللىقلار ئېلىپ كەلدى. بوۋاق تۇغۇلۇپ ئىككى كۈندىن كېيىن ئىمام – مەزىن باشلىق بارلىق مەسجىد جامائەتلىرىنى ۋە ھەممە ئەرلەرنى ئىسىم مەجلىســىگە تەكلىپ قىلىپ توي ئۆتكۈزدى. جامائەت مەۋلۇت ۋە قۇرئـــان ئوقۇدى. ئۇنىڭ كەينىدىن بوۋاققا «غارىغۇللا» دەپ ئات قويۇشــتى. يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن پۈتــۈن خانىم – قىزلارنى بۆشــۈك تويىغا تەكلىــپ قىلىپ بوۋاقنى يېڭىدىن ھازىرلىغان بۆشــۈك (كارىۋات)قا دۇئالار ئوقۇپ بوۋاق ئۈچۈن بەخت – ئۈمىدلەر ۋە ياخشـــى تىلەكلەر بىلەن چاشقۇلار چىچىپ ياتقۇزدى. ھەركىم بوۋاققا دەپ ئېلىپ كەلگەن ســوۋغاتلىرىنى بەردى. بۆشۈك تويىمۇ كۆڭۈللۈك ياخشى ئۆتتى. بوۋاق قىرىق كۈنلۈك بولغاندا بوۋاقنىڭ قىرىق تويىنى ئۆتكۈزدى. بۇنىڭغا يەتتە ياشــتىن تۆۋەن بولغان قىرىق بالا قىرىق تويىغا تەكلىپ قىلىندى. بوۋاقنىڭ كىندىك ئانىســى بىلەن يەنە بىر ئايال بالىنى ســۇغا سالدى. بوۋاقنـــى يۇيۇندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، قوينىــڭ قۇيرۇق يېغىدىن بىر قوشــۇق ئەدرەسمان، تۇز ھەم شــۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى قوشۇپ قايىنتىپ ئۇ ســۇ ئىلمان بولغاندا ھەربىر بالا بىر قوشــۇقتىن ئۇ سۇنى بوۋاقنىڭ ئۈســتىگە قويۇپ چىققاندىن كېيىن بوۋاقنى ئورنىغا ياتقۇزۇپ، باللارنى مېھمان قىلىپ ھەر بىر بالىغا بىر لۆڭگە بىر ئەتىر ســوپۇندىن ھەم بوۋاقنـــى يۇيۇندۇرغان ئاياللارغا كىيىملىك بەردى. مانا شــۇنداق رەسمىيەتلەر بىلەن خەلق كۆڭۈللۈك ياشاپ كەلگەن ئىدى.

# ئىبراھىمنىڭ ۋاپاتى

30 – يىلــى قىش ۋاقتى، قــار يېغىپ تۇرغــان تۇمانلىق بىر كۈنى ئىبراھىم دەرۋازىنى ئېچىۋاتقاندا تۇيۇقسىزدىن بىر ئىت كېلىپ ئىبراھىمنى تالاپ پۇتىنى چىشــلەپ گۆشــىنى يۇلۇۋالدۇ. ئىبراھىــم ئۆيگە كىرىپ پۇتىنىڭ ئىت چىشلىگەن يېرىنىڭ قان ئىزلىرىنى تۇزلۇق سۇ بىلەن يۇيۇپ يوتلار سۇرتۇپ باغلاپ قويدى. لېكىن بىر ھەپتىدىن كېيىن يارا ئىزلىرى قىزىرىپ يىرىڭلاشقا باشلىدى. ئۇ دەۋردە دوختۇرلار بولمىغانلىقتىن، ئۇلار ھەرنەرسە قىلىپ كۆرسىمۇ ياخشى بولمىدى. بىر ئايدىن كېيىن ئىبراھىم ئورنىدا يېتىپ قالدى. ئىبراھىمنىڭ ئاغرىپ قېلىشى پۈتۈن ئائىلىسىنىڭ ھەم نەجىپ ۋە بارلىق دوســتلىرىنىڭ كۆڭلىنى بۇزدى. كېيىنكى ۋاقىتدا ئەخمەت نەجىپ كىرسە ئىبراھىم بەكمۇ كۆڭۈلسىز ياتقىنىنى كۆرۈپ:

- دوستۇم ئەھۋالىڭ قانداق، بەكمۇ چۈشكۈن كۆرۈنسەنغۇ؟ - دەپ سورىدى.

ئىبراھىم، بۈگۈن تۇغۇلغان يېرىــم، ئائىلەم يادىمغا كېلىپ ئاكامنى، ھەدىلىرىمنى بارلىق تۇغقان يار – بۇرادەرلەرنى، خەلقنى، ئەل – يۇرتنى، تۇغۇلۇپ ئۆســكەن يەرنىڭ ھەممە نەرســىنى ئەســلەپ سېغىندىم، بارغــۇم، كۆرگۈم كەلدى. كېلىپ بىر مەرتىۋەمــۇ بارالمىدىم. كوممۇنىزىم بورانلىرى چېگرانى تاقاپ يول كېسىلدى. ھېچ بولمىسا بىر بېرىپ كەلسەم بولماسمىدى دەپ پۇشمان قىلدىم. ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى بۇلاق سۈيى كۆز ئالدىمغا كېلىپ ئىچكۈم كەلدى. ئۇ بۇلاقنىڭ ســۈيى مۆلدۈر تاتلىق ئىدى. ئادەم بالىســى نەلەردە تۇغۇلۇپ نەلەردە ياشاپ ئۆلىدۇ دېگىن. مەن ئۆز ھاياتىمدىن رازىمەن، ئاللاھقا شۈكۈر ناچارلىق كۆرمىدىم. ئەمما سېغىنىش كۆڭلۈمنى بۇزۇپ تۇرىدۇ، دەپ كۆزىگە ياش ئالدى.

ئەخمەت ئىبراھىمنىڭ ھالىغا قاراپ قايغۇرۇپ قالدى.

دوستۇم قايغۇرما ئاللاھ بۇيرىسا ساقايساڭ ئىككىمىز تەڭ ئەلگە قايتىپ كېلەرمىز دەپ كۆڭلىنى ياسىدى. شۇ كۈنى رامىزاننىڭ بىرىنچى كۈنى ئىدى. ئەخمەت نەجىپ تەرەۋىدىن قايتىپ ئىبراھىمنىڭ ھالىنى سوراپ كىردى. ئىبراھىم بەكمۇ قاتتىق قىزىپ سۆز قىلالماي ياتاتتى. 12 – ئاي قىش قاتتىق سوغۇق، رامىزاننىڭ بىرىنچى كۈنى ئىدى. ئەخمەت زولۇقتىن كېيىن ناماز ئوقۇش ئۈچۈن مەسجىدكە كەتتى. مەسجىد جامائىتى بىلەن ئىبراھىمنى يوقلاپ كىرىپ ئەخمەت نەجىپ ئۈلاردىن ئايرىلىپ ئىبراھىمنىڭ يېنىدا قالدى. ئىبراھىمنىڭ ھالى ناچارلاشتى. سائەت ئونلار بىلەن ئىبراھىم دۇنيادىن ئۆتتى.

ئىبراھىم ئاقكۆڭۈل، يۇمشاق سۆزلۈك، تەبىئەتى گۈزەل، قولى ئوچۇق، سېخى ئادەم ئىدى. ئۇ بىر ئادەمنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ بىر ئېغىز يامان سۆز قىلىپ كۆرمىگەن ۋە بىر ئېغىز غەيۋەتمۇ قىلمايتتى. ئۇنىڭ جىنازىسى چوڭ بولدى. نەچچە مەسجىد جامائەت كېلىپ جىنازىغا قاتناشتى. ھازىرقى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپى بىلەن تاتار مەسجىدىنىڭ ئالدىدىكى ھويلىلارغا قەدەر ئارىلىقتىكى يەرلەر قەبرىستان ئىدى. مەسجىد بىلەن قەبرىستان ئارىلىقىدا خەلق لىق بولۇپ، ئېھتىرام، ھۆرمەت بىلەن ئۇزاتتى. ئىبراھىم 63 يېشىدا دۇنيادىن ئۆتتى. (ئىبراھىم ئۆلۈپ، 15 يىلدىن كېيىن ئۇ قەبرىستاننى يۆتكەش ئۈچۈن ھۆكۈمەتتىن بۇيرۇق بولۇپ، قەبرىستاننى ئاچقاندا مەرھۇم ئىبراھىم ھازىر ئۆلگەندەك ھەتتا كېپەنلىرىمۇ سارغايمىغان ئەتىر پۇراقلىرىمۇ كەتمىگەن ئىكەن. كىشىلەر ئىبراھىم بەكمۇ ياخشى ئادەم ئىدى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا شەھىدلىك ماقامىنى بەرگەن ئوخشايدۇ دېيىشتى.)

# ئۈرۈمچىدە مائارىپنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە مەكتەپلەر

1889 – يىلى مەســئۇد – مەھمۇد مۇســۇلبايلار تاتارىستاندىن مۇخىببۇللا ئەپەندى ۋە خانىمى گۈلەندەم ئابىستايىنى ئالدۇرۇپ تۇرپاندا مەقســـودىيە ناملىق مەكتەپنى ئېچىپ تۇرپاندىكى ئوغۇل – قىزلىرىنى ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتۈردى. 1917 – يىلىغا كەلگەندە مۇخىببۇللا ئەپەندى خانىمى گۈلەندەم ئابىســـتايلار چۆچەك شەھىرىگە كۆچۈپ، بېرىـــپ ئۇ يەردىمۇ ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنـــى ئېلىپ باردى. ئۇ يەردە خەلق گۈلەندەم ئابىســـتاينىڭ نامىنى بېرىپ گۈلەندەمىيە مەكتىپىنى ئاچتـــى. ئۇلارنىڭ بىـــر ئۆمۈر ھاياتى، بالا تەربىيەلـــەپ ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن ئۆتتى. 1913 – يىلى تۇرپانغا تاتارىســـتاندىن ھەيدەر سايرانى مۇرات رەمزى 1919 – يىللىرى، غەنى ئىبراھىمنى (خەلقلەر ئۇنى ئەلى ئىبراھىم دەپ ئاتاتتۇالغان ئىدى). ھېسامىدىن باقى، ئابدۇللا غاپىدى، لوخمانوف، نىغمەتۇللا شەيخى قاتارلىق ئالتە ئوقۇتقۇچىنى تاتارىستاندىن ئېلىپ كېلىپ تۇرپانـــدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. ئۇلار تۇرپان، ئۈرۈمچى، ئالتاي، چۆچەك، غۇلجا، ئاقسۇ قاتارلىق شەھەرلەردە مەكتەپ ئېچىپ پۈتـــۈن ئۆمۈرلىرى ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئۆتتى. غەنـــى مۇئەللىم 60 يىل ئوقۇتقۇچىلـــق قىلدى. بۇلارنىـــڭ قولىدا نۇرغۇنلىغـــان ئوقۇغۇچىلار بىلىم ئېلىپ ۋەتەنگە، ئەلگە يارامىلىق بىلىملىك ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقتى.

24 – 25 – يىللـــرى مامۇت قارى مالىكنىڭ ھويلىســـنى (رۇس كۇلۇبىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ھويلىنـــى) ئىجارىگە ئېلىپ زىننەتۇللا مۇئەللىم بىلـــەن مەخمـــود قارىنىڭ مەكتىپى ھـــەم مەريەم بىكە ئابىســـتاينىڭ مەكتىپىنى قوشۇپ مەكتەپ دائىرىســـنى كەڭلەتتى. ھەيدەر مۇئەللىم مەكتەپ مۇدىرى بولدى.



بۇ، مەريەم بىكە ئابىستاينىڭ قىزلار سىنىپىنىڭ خاتىرە رەسمى.

ئوڭدىن بىرىنچى قۇردا: 1 - زەينەكەنىڭ قىزى. 2 – مۇسلىمە خىسمەت ئالدىدىكى كىچىك قىز مۇزەييەنە مەريەم بىكە ئابىستاينىڭ قىزى. 3 – نائىلە. 4 – ئىسمىنى بىلمىدىم. 5 – رۇقىيە خەسەنبىنىڭ قىزى. 6 – خەببە غاز باي. 7 – ئىقبال تۇرسۇن بايۋەتچىنىڭ قىزى (ئىككىنچى خوتۇندىن). 8 – شەرەفەت تۇرسۇن بايۋەتچىنىڭ قىزى (خانبابا). 9 – فەرزەنە بىكمىتوۋ. 10 – زەينەكەنىڭ قىزى. 11 – سەغەدەت مالىكوۋا.

ئوڭدىن ئىككىنچى قۇردا: 1 – جەۋدەت جىگىتباي، مەريەم بىكەنىڭ ئوغلى. 2 - رازىيە مەيزىنىڭ قىزى. 3 – شادىيە شەھىدى (بۇرھان شەھىدىنىڭ قىزى). 4 – مەريەم سافى (ئەخمەت نەجىپنىڭ قىزى). سافىن 5 – ئەمىنە شاكولوۋ. 6 – رىسالەت پاھلىۋان (موخەرەم قارىنىڭ قىزى). 7 - زەكىيە جىگىت بايۋا (مەريەم بىكە ئابىستاينىڭ قىزى). 8 – مەريەم بىكە ئابىستاي. 9 – مەسخودە چانىشىۋا. 10 – غەلبە شاكولوۋ. 11 – مۇنەۋەر ئاكچورىن. 12 – خەيرىنسا. 13 – فازىلا بىكمىتوۋ.

ئوڭدىن ئۈچىنچى قۇردا: 1 – ئىسمىنى بىلەلمىدۇق. 2. مۆكەرەمەخىسمەت. 3 – غەيشە ساقى (ئەخمەت نەجىپ قىزى) سافىن 4 – مەيمونە خىسمەت . 5 – گۈلسارە مانسورجان ھاجى قىزى. 6 – غەفىغە ياڭخورا زوۋ. 7 – نائىلە. 8 – ئىبادەت تۇرسۇن بايۋەتچىنىڭ قىزى. 9 – ئەلىفىيە چىگىتبايۋا (مەريەم بىكە ئابىستاينىڭ قىزى). 10 – مارزىيە ئاكچورىن.

زىننەتتىن ئۆزىنى تىرىشچانلىق بىلەن بىردەك-بىردەك قاتلاشلىرىنى كۆرۈپ، مەن «نىمە ئۈچۈن» دېگەن سوئالنى ئەنسىز قالغانىمۇ، بىرلەشمىلەرنى كېيىنكىسى كەلسە، كۈلىمىنى بولسا تېخى سېلىنغان ئەمەس. ھەر يىللىق مېھمان ئاپىرالىقتىن كۈتكەنلىرى بولسا ئاددى ماركىلىق.

زىننەتتىنۇللا مۇئەللىم، مەريەم بىكە ئابىستاي كەشىغە ئاپپايلار ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. دادام مەكتەپلەر توغرىسىدا سۆزلەۋېتىپ ئۆزىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىنى ئەسلەپ ئۆتتى. بىزنىڭ يىللىق ئىمتىھانىمىزنى رەھىمجان باي ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولۇپ، پۈتۈن ھازىرلىق ۋە چىقىملارنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. چۈنكى ھەر يىللىق ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىنى بايلار ياكى ئاتا – ئانىلار ئېلىپ بېرىپ، بارلىق خىراجەت چىقىمىنى ۋە ھازىرلىقلارنى شۇلار قىلىپ كەلدى. ھەر يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھان ئېلىش ئورنى باغۇ – بوستانلىق گۈزەل يەرلەردە سەھنە ئورنىتىپ، گىلەم سېلىپ سۇپەتلىك ئورۇندۇق – ئۈستەللەر قويۇپ سەھنە مەيدانىنى گۈل – چېچەكلەر بىلەن چىرايلىق ياساپ چىققاندىن كېيىن، ئەتراپ شۇنداق كۆركۈللۈك بولۇپ كېتەتتى.

بۇ مۇراسىمغا قاتناشقۇچى بارلىق ئادەملەرگە سوفرا يېيىپ مېھمان قىلغاندىن كېيىن، بۇ كۈن كىشىلەر كۆڭلىدە بايرام كۈن ھېسابلىناتتى. ھەممە ئادەم قىزغىن كۆتۈۋېلىنىپ خۇشال ۋاقىت ئۆتكۈزەتتى. رەھىمجان باي ئىمتىھان مەيدانىنى ئۆزىنىڭ ھويلىسىغا ھازىرلىدى.

رەھىمجان باينىڭ ھويلىسى ھازىرقى مائارىپ نازارىتى يەنى ھۆسەيىن باي چانىشېۋنىڭ يان قوشنىسىدىن بىر كېيىنكى ھويلا ئىدى. كوچىنىڭ شۇ تەرىپىدىكى ھويلىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئانچە چوڭ بولمىغان بىر ئۆستەڭ سۇ ئېقىپ تۇراتتى. بۇ سۇ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ھۇزۇر، ھاۋالارنى يەڭگىل قىلىپ بېرەتتى ھەم ھويلىدىكى باغلار ئۆچۈنمۇ بەكمۇ مۇھىم كېرەك ئىدى. ھەر بىر ئائىلە ئۆز ھويلىسىدىكى ئۆستەڭنىڭ ئۈستىگە يوغان ھەم كەڭ قىلىپ تاختايدىن چىرايلىق كۆۋرۈك ياساپ ياز كۈنلىرى شۇ كۆۋرۈك ئۈستىدە غىزالىنىپ دەم

ئېلىپ ھوزۇرلىناتتى. شـۇنىڭ ئۈچۈن ھەركىـم ئۆزىنىڭ كۆۋرۈكىنى چىرايلىق قىلىپ بوياپ، تەشتەكتە گۈللەر قويۇپ ھەم كۆۋرۈك ئەتراپىغا دەرەخلەر ئۆسـتۈرۈپ ياز كۈنى كۆۋرۈك ئۈستى سۈرۈن ھاۋالىق جانغا راھــەت يەر بولۇپ، كىچە – كۈندۈز كىشـىلەرنىڭ دەم ئېلىش ئورنى بولــۇپ قالغان ئىدى. كۆۋرۈكنىڭ ئۇ قېتــى مېۋىلىك باغلىرى بولۇپ، گۈل – چېچەكلەر ئۆستۈرۈپ ئەتراپ شۇ قەدەر گۈزەل ھەم كۆكلۈلۈك ئىدىكى، بۇ چىرايلىق باغلاردا قۇشــلارنىڭ ســاز ئاۋازى شــەھەرنىمۇ گۈزەل قىلىپ كۆرســەتەتتى. رەھىمجان باي ئىمتىھان سەھنىســنى شــۇ كۆۋرۈك ئۈستىگە ياسىدى. گىلەم ســېلىپ سۈپەتلىك ئورۇندۇق – ئۈستەللەر بىلەن سەھنە ئىنتايىن چىرايلىق بولدى. بۈگۈنكى كۈن ئۈچۈن كەلگــەن خەلق ۋە ئاتا – ئانىلار ئۆســتەڭنىڭ ئۇ قېتىدىكى باغدا ســېلىنغان گىلەم، كىگىــز ۋە ئورۇندۇقلار ئۈســتىدە تىزىلىپ ئولتۇردى. ئىمتىھان سەھنىســگە ئوقۇتقۇچىلار، مائارىپتىن كەلگەن ۋەكىللەر ھەم باشــقا ســاھەدىن كەلگەنلەر ئىمتىھان كومىسيەســى بولۇپ قاتناشــتى. ئىمتىھان باشلاندى. شۇنچە جىق ئادەملەر ئالدىدا ئىمتىھان بەرمــەك قانچىلىك ئېغىر، ھەممىمىز قورقۇنچتىن يۈرىكىمىز ســېلىپ كۈتەتتۇق. يېنىمدا ئاپام «قورقما كۈچلۈك بول» دەپ مەدەت بېرەتتى. ھەممە ئاتا – ئانىلار بالىلارغا غەيرەت، كۈچ بېرىپ ئىمتىھانغا ئۈزىتىپ تۇردى. نۆۋەت ماڭا كالدى. ئىمتىھان ئېغىر ئۆتمىدى، چۈنكى مېنىڭ ھازىرلانغان ئورۇنلاردىن ســورالدى. ئــەرەب تىل ئىمتىھانىنى بېرىشتە سەھنىدە ئولتۇرغان ئەرەب ئادەمنى كۆرۈپ يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلــدى. ئەرەب تىلىدىــن ئۇ ئادەم ئىمتىھان قىلــدى. لېكىن مەن ئۇنىڭ ھەممە ســوئاللىرىغا توغرا جــاۋاب بەردىم. ئۇ ئادەم «ئافەرىن، ئافەرىن» دەپ كېلىپ مېنى تەبرىكلەپ قۇچاقلىدى.

پۈتــۈن ئادەملەرنىڭ ئالقىش ئاۋۇزى مېنى رىغبەتلەندۈردى. ئاپام يۈگــۈرۈپ كېلىپ مېنى قۇچاقــلاپ رەھمەت ئوغلۇم، مېنى خۇشـــال قىلدىڭ دەپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى. ئوغلۇم مېنىڭمۇ ساڭا ھازىرلاپ قويغان ھەدىيەم بار دېدى. پۈتۈن ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھاندىن ياخشـى نەتىجىلەر ئېلىپ خۇشال بولۇشــتى، كەلگەن كىشىلەرمۇ رەھمجان باينىڭ مېھمىنى بولۇپ، داســتىرخان بېشــىدا چىرايلىق سۆزلىشــىپ كۆڭۈللــۈك ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ قايتىشــتى. مەن ئالتىنچــى مەكتەپتە ئوقۇش تاماملىدىم. كىچىك ســىڭلىم دادامدىن «مومام ســىزگە نېمە مۇكاپات قىلدى» دەپ قىزىقىپ بىلگۈســى كەلــدى. ئاپام ماڭا نېمە مۇكاپـــات قـــلار دەپ كۆڭلۈمدە بىلىشــكە ئالدىرايتتىــم. بۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكــى ئەڭ خۇشـــال بىر كۈنــۈم بولدى، دەپ ســۆزلىگەندە يۈزىدە شۇ كۈنكى خۇشاللىقى ئەكىس ئەتتى. ئىمتىھانىنىڭ كەينىدىن ھەممىمىزنىڭ ئىمتىھان نەتىجىمىزنى يەكۈنلەپ مۇكاپاتلار بەردى. مەن بىرىنچىلىكنــى ئالدىم. ئوقۇغۇچىلار تەرەپتىن ھازىرلانغان كانســېرت مۇزىكا، شېئىر دېكلاماتســىيە ئوقۇلدى. ھەممە ئادەم كۆڭۈللۈك ھەم خۇشال قايتىشتى.

مـــەن ئوقۇش پۈتتــۈرۈش ئىمتىھـــان نەتىجىلىرىــم بىلەن ھەم كۆڭۈللــۈك ئۆتكۈزۈلگـــەن مۇراســىملارنىڭ تەســىرىدىن چەكســىز ھاياجان ھەم خۇشـــال ئىدىم. ساۋاقداشلىرىم بىلەن قېرىنداشلاردەك قۇچاقلىشــىپ، بىر - بىرىمىزگە قىيماي خوشلىشىپ ئايرىلدۇق. مەن شـــۇنداق چوڭ ئارزۇ - ئۈمىدلەر بىلەن خۇشال ۋە ئۆزۈمنى يەڭگىل ھېس قىلىپ ئۆيگە قايتتىم. ئاپامنىڭ ماڭا ھازىرلىغان مۇكاپاتى نېمە ئىكەن دەپ ئەتراپقا قاراپ چىقتىم. ھېچنەرسە كۆرۈنمىدى. ئاپام مېنى باشــلاپ چىقىپ دەرۋازىدىن كىرىشــتە ئوڭ قول تەرەپتىكى دۇكاننى

مــاڭا ھازىرلاپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭغا خەلققە كۆندىلىك تۇرمۇشــىدا لازىم بولىدىغان قاچا – قۇمۇش، چىلەك – چۆمۈچ، يىڭنە – يىپقىچە بولغان نەرسىلەر بىلەن دۇكاننى توشقۇزۇپ تىزىپ چىقىپتۇ. بۇ دۇكان سىنىڭ، سەن بوش ۋاقتىدا دۇكاننى ئاچســەن ھەم «روس گىمنازىيە»سىگە سىنى ئوقۇشــقا بىرىپ تىزىملىتىپ قويدۇم. كانىكولدىن كىيىن ئوقۇش باشلاپ گىمنازىيەنى تاماملايسەن، روس تىلىنى ئۆگەنگەن بولۇرسەن ھەم بۇغالتىرلىق كۇرسۇڭنى تاماملايسەن دىدى.

مەن ھەيران بولۇپ، ســىنىڭ مۇكاپاتىڭ شــۇمۇ ئاپا، سىنىڭ بۇ مۇكاپاتىڭ مەن ئۈچۈن ئىغىر كەلمەسمۇ؟ دىدىم.

ئاپام كەلمەيدۇ ئوغلۇم، سەن ھازىر ئىغىر بىلگەن بىلەن كىلەچەكتە بۇ چوڭ مۇكاپات ئىكەنلىكىنى بىلىسەن بالام. تىرىشساڭ ھەممىسىگە يىتىشىسەن ئىغىرمۇ كەلمەيدۇ، دىدى.

دىگەنــدەك، بىــر مىنــۇت بوش ۋاقتىــم چىقماي ھەممىســگە يىتىشــتىم. بىر يىلدىن كىيىن روس گىمنازىيەنىمۇ ياخشــى نەتىجە بىلــەن تاماملىدىم. بىر يىلــدا روس تىلىنى ياخشــى نەتىجە بىلەن ئۆگىنىپ چىقتىم. شــۇنىڭدەك، بۇغالتىرلىق كۇرســىنىمۇ تاماملىدىم. 32 – يىلى ئۈرۈمچىدە ســوۋدا شــىركىتى (توسەن گوڭسى) قۇرۇلۇپ، بۇرھان شــەھىدى باش دىرىكتور، سوۋدا جۇرىنى زاكىر ئابدۇرىشىت، پىريومچىكى خەسەن بورناشوپ، زەكى ۋەلىنى باش بۇغالتىر، ئەخەت ۋەلىنى بۇغالتىر بولۇپ ئىشلەپ كەلدى. كىيىن سودا شىركىتى كەڭلەپ ســوۋىت ئىتتىپاقى بىلەن ســودا كىلىشــىملەر تۈزۈلگەندىن كىيىن، مىنىڭ ئوقۇشــۇم پۈتۈش بىلەن مىنى ھەم ســودا شىركىتىگە بۇغالتىر قىلىۋالدى.

مەن بۇ يەردە بىرقانچە ۋاقىت ئىشلىگەندىن كېيىن، كۆزگە كۆرۈنۈپ ماختاشلارغا ئىگە بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن مېنى ماجىك تاك، ئەزىمجان ئاكا ئۈچىمىزنى بىر ماشىنا گەزلىمە مال ھەم چايلار بىلەن قارا شەھەرگە سودا شىركىتىنىڭ شۆبىسىنى قۇرۇش ئۈچۈن مېنى ئۇ شىركەتكە دېرىكتور قىلىپ بىزنى ئەۋەتتى. ئۇ يەردە بىزنىڭ ئىشىمىز بەك تېز يۈرۈشۈپ كەتتى. چارۋا رايونلىرىغا بېرىپ چاي بىلەن گەزلىمە رەختلەرگە قوينىڭ يۇڭى ھەم تېرىسىنى ئالماشتۇرۇپ، ئۇنى سوۋېت ھۆكۈمىتىگە بىۋاستە كېلىشىملەر تۈزۈپ سودا ئىشلىرىنى باشلايتتۇق. مانا بۇ يەردە مېنىڭ رۇسچە تىل بىلگىنىم ئىشقا ياردى. ئۇ يەردە سودا شۆبە شىركىتىنىڭ ھويلىسىنى سېتىۋالدۇق. كېيىن سوۋېتلەر ھۆكۈمىتى بىلەن تىرىك مال سودىسىنى باشلاپ كەتتۇق. بىر قېتىم غۇلجا ئارقىلىق سوۋېتلەر ھۆكۈمىتىگە تىرىك مال ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ماجىك تاك مەسئۇل بولۇپ، مالچىلار بىلەن كەتكەن ئىدى. ئۇلار مالنى ئۆتكۈزۈپ قايتماقچى بولغاندا، ئۇلار سوۋېتلىكلەر بىز بىلەن بىللە بۇ ماللارنى ھەيدەپ يەتكۈزۈپ بەرسەڭلار دەپ ئۆتۈنگەندىن كېيىن، بارغان مالچىلار بىلەن ماجىك تاك ماللارنى ئۇلارغا ياردەم ئۈچۈن ھەيدەپ ماڭغاندا شەھەر ئىچىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىپ، مال ئىگىلىرى (باشلىق) «دىققەت قىلىڭلار» دەپ تووۋلاپ ھەممىمىز ئەتراپتىن توسۇپ ماڭساقمۇ لېكىن ھەر بىر ھويلىدىن كىشىلەر چىقىپ بىردىن قوينى سۆرەپ ئېلىپ كىرىپ، بىز شەھەردىن چىققۇچە مالنىڭ يېرىمىگە ئاران ئىگە بولۇپ، شەھەردىن ئېلىپ ئۆتتۇق. بىز ھەيران بولدۇق، قانداق يۈزسىز بۇلاڭچى ئادەملەر» دېدۇق. باشلىق بولغان ئادەم بېشىنى چايقاپ قالغان مالنى ھەيدەپ كەتتى دەپ ئەجەبلىنىپ قايتىشتى.

قاراشەھەر سـودا شىركىتىنىڭ خىزمىتى يۇرۇشۇپ سودا ئىشلىرى راۋاج تاپقاندىن كېيىن، مېنى قەشقەر توسەن گۇڭسىغا جىڭلى (سودا شىركىتى باشـلىقى) قىلىپ ئەۋەتتى. قەشقەرگە ماڭغىچە كۇچا ھەم ئاقسۇ شـەھەرلىرىنىڭ سودا ئىشـلىرىغا بىرقانچە ئاي ياردەم قىلىپ ئۆتتۇشۇمنى بۇيرىدى. ئۇ ۋەزىپىلەرنى تاماملاپ، قەشقەر سودا شىركىتىدە جىڭلى بولۇپ بىرقانچە يىل ئىشلىدىم.

ئاپام دېگەندەك، مېنىڭ ھايـات يولۇمدا ئۆگەنگەن بىلىملەرنىڭ ھەممىسى ئالەمدىن چىقتى. سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن سودا قىلغاندا رۇس تىل بىلگىنىم ئەسـقاتتى. ھەتتا قەشقەر شـەھرىدە ئەرەبلەر بىلەن سـودا قىلىشـقا توغرا كەلگەندە ئەرەب تىلىنى ئىشلىتەلىدىم. بۇغالتىرلىـق بىلىمىم ئۆمرۈمنىـڭ ئاخىرىغا قەدەر مېنىڭ كەسـپىم بولدى. ئاپامنىڭ دېگەنلىرى مېنىڭ كۆندىلىك تۇرمۇشـۇمدا ئالدىمغا كېلىپ تۇردى. مـەن ھەرۋاقىت ئاپامغا رەھمەت ئېيتىپ ياشـىدىم. ئاتا - ئانىنىڭ سـۆزىنى ئاڭلاپ، شـۇ يولدا ماڭغان بالا ھېچ ۋاقىت يامان بولمايدۇ. تىرىشـىپ ئوقۇغىلار، بىلىم سىلەرنىڭ قىممىتىڭلارنى ئاشۇرىدۇ، بىلىم سىلەرنىڭ ئەڭ چوڭ بايلىقىڭلار بولىدۇ دېدى.

## مەنسۇرجان باي ئالتىنچى مەكتەپنى ئوقۇغۇچىلارغا ھەدىيە قىلدى

ھەيـدەر مۇئەللـىم ئۆزىنىڭ بىر ئېغىز ئۆيىنـى كۆتۈپخانا قىلىپ قازاندىـن كىتاب، ژۇرنال، گېزىت قاتارلىـق ئوقۇش كىتابلىرى بىلەن خەلقنى تەمىنلەپ تۇردى. ئۇ ۋاقىتلاردا شەرقىي تۈركىستاندا مەتبۇئات ۋە نەشـرىياتلار يوق ئىدى. پۈتۈن ئوقۇش ماتېرىياللىرى ھەم كىتابلار قازان باسمىسـىدا بېسىلىپ كېلەتتى. كېيىنكى زامانلاردا تاشكەنتتىن

ئۇيغــۇر تىل يېزىقىدا كىتابلار ئەللــك نەچچىنچى يىلىغا قەدەر كېلىپ تۇردى. شۇ يىللىرى گۇچۇڭدىن غابدىلخاق خەزرەت ئايالى گۇلەندەم ئابىســتايلار ئۇرۇمچىگە كۆچۈپ كەلدى. ئۇلار بورھان شــەھىدىنىڭ ھويلىســى ئۇدۇلىدىكى ھويلىنى ســېتىۋېلىپ، ئــۆز ئۆيىنى مەكتەپ قىلىپ غابدىلخاق خەزرەت ئوغۇللارنى، گۇلەندەم ئابىستاي قىزلارنى ئوقۇتتــى. مەكتە ســانى كۆپەيــدى. ئوقۇغۇچىلارنىــڭ بىلىم ئېلىش ئارزۇسى قولايلاشتى. ھەر بىر ئاتا – ئانىنىڭ بالىلارنى بىلىم ئىگىسى قىلىپ چىقىش تىلىكى ئەمەلگە ئاشتى.

26 – 27 – يىللىرى مەنسۇرجان باي رۇس كۇلۇبىنىڭ كەينىدىكى يــەردە، ئون نەچچە ئېغىز ئۆيى بار يوغــان ھويلىنى مەكتەپ ئۈچۈن تەقدىم قىلدى.

مەنســۇرجان ئەپەندىنىڭ بۇ چوڭ ھەدىيىســى پۈتۈن ئوقۇغۇچى مۇئەللىملەرنى ۋە بارلىق خەلقنى خۇشــال قىلدى. بۇ ھەدىيە ئۈچۈن رەھمەتلــەر ئازلىق قىلىپ ھەممە ئادەم مەنســۇرجانغا دۇئالار قىلىپ ياخشــى تىلەكلەردە بولــدى. بۇ مەكتەپكە ھەيــدەر مۇدىرنىڭ يەنى زىننەتۇلــلا ھەم مەريەم ئابىســتاينىڭ مەكتەپلىــرى كۆچۈپ كېلىپ، ســىنىپلار يەتتىنچى ســىنىپقا قەدەر ئېچىلدى. مەكتەپ دائىرىســى كېڭەيتىلدى. مەكتەپكە ئالتىنچى مەكتەپ دەپ نام بېرىلدى. نەچچە يۈزلىگەن ئوقۇغۇچىلار بىلىم ئېلىش پۇرســىتىگە ئېرىشتى. مەكتەپكە غەنى ئىبراھىم قاتارلىق بىرقانچە ئوقۇتقۇچىلار كەلتۈرۈلدى. مەكتەپنىڭ دەرىجىســى ئۆســتى. مەكتــەپ ئېچىلغاندىن كېيىــن ئوقۇغۇچىلار بىرقانچە ۋاقىت تەييارلىق قىلىپ مۇزىكا گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ چىقتى. تــۆت ئوقۇغۇچى گىتار، تۆت ئوقۇغۇچى ئىســكۇرۇپكا، تۆت ئوقۇغۇچى ماندالىيــن، تــۆت ئوقۇغۇچى بالالايكا چېلىشــنى ۋە ئەزىمجان ئاكا

بىلەن ۋەلى ئەخمەت ئابىزى گارموننى مەشــق قىلدى ۋە بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار بارابان چېلىشقا ھازىرلاندى.

مەكتــەپ بىر كۈننى تەيىنلەپ لوزۇنكىلار يــازدى. گۈللەر ئالدى ۋە مەكتــەپ بايراقلىرىنى كۆتۈرۈپ چىرايلىق كىيىنگەن ئوقۇغۇچى قىز - ئوغۇللار رەتلىك بولۇپ مۇئەللىملەر ۋە ئاتا - ئانىلار مەنســۇرجان باينىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇلار گۈزەل ساز - مۇزىكىلارنى چېلىپ شــېئىرلار ئوقۇپ كوچىنى ياڭرىتىپ ماڭغاندا شــۇنداق تەســىرلىك بولدىكى ئادەمنىــڭ قەلبى تىترەپ، روھى جانلانغاندەك بولدى. ھەر بىــر ھويلىدىن ئادەملەر چىقىــپ ھاياجان ئىچىــدە ئوقۇغۇچىلارغا ھەۋەسلىنىپ قاراپ ئۇزىتىپ قالاتتى. بىر قىسىم كىشىلەر ئوقۇغۇچىلار بىلەن مەنسۇرجان باينىڭ ئۆيىگە بېرىشتى.

بۇ ئىنتايىن كۆڭۈلنى ئېرىتكۈدەك تەســىرلىك ھەرىكەت بولدى. تەبىئەتمۇ شــۇنچە گۈزەل ئىدى. كوچىنىڭ ئىككى چېتىدىكى ئېرىقتا شــىلدىرلاپ ئېقىۋاتقــان ســۇلارنىڭ چىرايلىق ئــاۋازى بىلەن ئېرىق بويىدىكى قويۇق ئۆســكەن دەرەخلەرنىڭ يازنىڭ ســەلكىن شامىلىدا تەۋرىنىپ تۇرۇشــى، قېلىن دەرخلەر ئىچىدە ســايراپ تۇرغان بۇلبۇل كاككۇكلارنىڭ ساز ئاۋازلىرى كىشــلەرنىڭ كۆڭلىگە ھۇزۇر بېرەتتى. بىر قارىساڭ ھايات نېمىدېگەن گۈزەل.

ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ تىلەكلىــرى بىلەن يېزىلغان «رەھمەت» لوزۇنكىلىرىنى دەرۋازا، كوچا ھەم ھويلىلارغا تاقاپ چىقتى. مەنسۇرجان باينىڭ ھويلىســى گۈللەرگە چۆمــدى. ئوقۇغۇچىلارنىــڭ چىرايلىق چالغان مۇزىكىلىرى بىلەن تەسىرلىك شېئىرلىرى ھەممىنى ھاياجانغا كەلتۈردى. ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشــتۇرغان مۇزىكا ئوركىستىرى «غابدۇللا توقاي مارشــى»، «غەلىبەنە» كۈيى بىلەن «ئاق قوش مارشى» چېلىپ

شېئىرلار ئوقىدى.

ئوقۇغۇچىلار مەنسۇرجان بايغا «رەھمەتلەر» ئېيتىپ سۆز قىلدى. بىزنى قاراڭغۇلۇقتىن، نادانلىقتىن، قۇتۇلۇش ئۈچۈن مەكتەپ بىناسىنى تەقدىم قىلدىڭىز ۋە بىزلەرگە يېڭىدىن ھايات بەردىڭىز. بىز سىزنىڭ ئۈمىدىڭىزنى ئاقلاپ چىقىش ئۈچۈن ھەممىمىز سىزگە سۆز بېرىمىز. بىز ياخشى ئوقۇپ كېلىچەكتە بىلىملىك يېتىشكەن ۋەتەن ئىگىلىرى بولۇش ئۈچۈن ۋەتەن ۋە خەلقىمىز ۋە سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ۋەدە بېرىمىز دېگەن مەزمۇندا تەسىرلىك سۆزلەر قىلدى ھەم شېئىر - دېكلاماتسىيەلەر ئوقۇدى. مۇئەللىملەر ۋە ئاتا - ئانىلار ئۆزىنىڭ يۈرىكىدىن چىققان دۇئا - تىلەك رەھمەتلىرىنى ئېيتىشتى.

مەنسۇرجان باي قاتتىق تەسىرلەنگەنلىكتىن كۆزياشلىرىنى تۇتالماي قالدى. سىلەر مېنىڭ باللىرىم، سىلەر ئۈچۈن ھەر نەرسە قىلسام ئازلىق قىلىدۇ. سىزلەرنىڭ بىلىملىك ھەم خەلققە يارامىلىق ياخشى ئادەم بولۇپ، ۋەتەن ۋە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىڭلارنى تىلەيمەن. مېنىڭ ئۈچۈن خەلقىم ۋە سىلەرنىڭ بەختىلىك بولۇشۇڭلار شۇ ماڭا يېتەرلىك بەخت، سىلەرگە كېلەچەكىڭلارغا ئىستىقبال، ئوقۇشۇڭلارغا نەتىجە ۋە بەخت تىلەيمەن دېدى. ھەيدەر مۇئەللىمگە ئالاھىدە رەھمەتلىرىنى ئېيتتى. ئۇ كۈندىكى بۇ ھەرىكەت ھەممىنىڭ يۈرىكىدە ئۇنتۇلماس چوڭقۇر ئىزلار قالدۇردى.

شۇ ۋاقىتتىكى ئوقۇغۇچىلار سۆزلىگەندە كۆڭلىدە قالغان تەسىراتىنى ھاياجان ئىچىدە گۈزەل ھېسلار بىلەن ئەسلەيتتى.

مەن ئۇ ئىشلارنى كۆرسەممۇ، دادامدىن ئاڭلىغاندا، مەنمۇ شۇنداق خەلق ئۈچۈن بىر ياخشى ئىش قىلىپ قالدۇرغۇم كېلىپ

ھەۋەسلەندىم.

مەنســۇرجان باي ئۆزبېــك بايلىرىدىن بولۇپ، ئــۇ ھەردائىم ئاق چوچۇنچىدىن كاســتۇم بۇرۇلكا، ئاق شــلەفە، ئاق ئاياغ، ئاق پايپاق كىيىپ يۈرەتتــى. ئۇنىڭ كاســتۇمىنىڭ مەيــدە يانچۇقىدىن ئالتۇن ســائەتنىڭ ئالتۇن زىنجىرىنى چىقىرىپ قوياتتى. قولىدا زاكون تاياق (پاســون ئۈچۈن قولىدا ھاســا تاياق) تۇتۇپ يۈرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنى رۇس مەنسۇرجان دەپ ئاتايتتى. لېكىن ئۇ ھەممە ئادەم قىلالمايدىغان ياخشى ئىشلارنى قىلدى. ئالتىنچى مەكتەپ بىناسىنى ئوقۇغۇچىلارغا تەقدىم قىلدى ھەم سەنشــىخاڭزىدىكى مەســجىدنى سالدۇرۇپ چىقتى. خەلققە ياردەم قىلىش ئىشلىرىدا قولىدىن كەلگۈچە ياردىمىنــى قىلاتتى. ئۇ ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرىــدا ھەرەمگە ھاجى قىلىش ئۈچۈن بارغاندا ۋابا ئاغرىقىغا يولۇقۇپ يېتىپ قالىدۇ. كىشــىلەر ئۇنى كۆتــۈرۈپ بەيتۇللاھنى ئايلاندۇرۇپ تاۋاپ قىلدۇرۇپتۇ. مەنســۇرجان ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەن يىگىتنىڭ يول كىرا ھەم خىراجەت پۇللىرىنى تولــۇق بېرىپ قالغــان پۇللىرىنى يېنىدا تۇتــۇپ بەيتۇللاھنى ھەربىر ئايلانغاندا شۇ پۇللارنى سەدىقە بېرىپ تۇرۇپتۇ. بەيتۇللاھنى يەتتىنچى ئايلانغاندىن كېيىن مەنســۇرجانغا ھاجىم سىزنىڭ بەيۇللاھتا قىلغان تاۋابىڭىزنىڭ مەرتىبە تامام بولدى دەپ ئاڭلاتقاندا مەنســۇرجان باي يېنىدىكى بارلىق پۇللارنى سەدىقە بېرىپ بولۇپ جان ئۈزگەن ئىكەن.

مەنسۇرجان ھاجى مەككىدە يېتىپ قالدى.

كىشىلەر مەنســۇرجان ھاجى بەختلىك ياخشى ئادەم ئىكەن، بىز ئۇنىڭ كېيىنىپ يۈرگىنىگە قاراپ باشقىچە چۈشەنگەن ئىكەنمىز دەپ ئۇنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ سۆزلەيدىغان بولدى.

مانا شۇنىڭغا ئوخشاش خەلق ئىچىدە يېڭىلىققا ئىنتىلىش خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش ئارزۇسى كۈچەيدى.

مەسىلەن، ئۆزبېك بايلىرىدىن مۇرسەل باينىڭ ئايالى ئايسخان سەندۇقبىدىكى مەسجىدنى سالدۇرۇپ چىقتى. چوڭ كۆۋرۈكتىكى مەسجىدنى تاتار بايلىرىدىن زىيا ھاجى سالدۇردى.

يەڭ ئەنلۇ قەبرىستان يېنىدىكى مەسجىدنى نەجىپ ھاجى سافىن سالدۇردى. ئەلىخان تۆرەم تاتارىستاندىن سۇفىيە خانىمنى ئېلىپ كېلىپ، كۈچاردا مەكتەپ ئاچتى.

## خەلق سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى

كېيىنكى دەۋردە خەلق ئۆز سەنئەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇردى. ئۇيغۇر، تاتار، قازاق ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى. ھەر مىللەت ئۆز سەنئەتلىرىنى ئۆز مەدەنىيەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مەيدانغا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلىدى. ياشلار مۇزىكا گۇرۇپپىلىرىنى تەشكىللەپ چىقتى. ئۇلار ئائىلىلەردە توپلىنىپ كېچە - كۈندۈز دىمەي، چىن كۆڭلىدىن ھەۋەسلىنىپ ئۆگىنىپ ھەم سەھنىگە ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىپ ھازىرلاندى. ئۇلار گۇرۇپپىلانغان مۇزىكىلىرىنى چالغاندا ئىنسانلارنىڭ قەلبى ئىچىگە چوڭقۇر كىرىپ ئورۇن ئالاتتى. خەلق ئۇ ياشلارنىڭ مۇزىكىلىرىنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرەتتى. بۇ پەقەت ئۈرۈمچىدىلا بولماستىن، سەنئەت ھەۋەسكارلىقى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەممە شەھەرلىرىدە مەيدانغا كەلدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى «غەرىب – سەنەم» درامىسىنى، تاتار ئۇيۇشمىسى «ئاسىل يار – غەلىيەبانو قازقانات» درامىسىنى، قازاق ئۇيۇشمىسى «قىز

جبەك» دراملىرىنى ھازىرلاپ سەھنىگە ئېلىپ چىقتى.

بۇ ســەھنە ئەســەرلەر ئۆزىنىڭ ئەدەبىي سەنئەتلىكى ۋە سەھنە كۆرۈنۈشــىنىڭ گۈزەللىكى ھەم تەســىرلىك كۈي - مۇڭلارىنىڭ تولۇق ئورۇنلىنىشى بىلەن تاماشىبىنلارنى ئۆزىگە تارتىپ، ئارتىسلارنىڭ ئاھاڭ ۋە ماھارەت بىلەن ئوينىشى ئارقىلىق كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتتى. ئارتىســلارنىڭ بۇ ئەســەرلەرنى ئۇســتا ماھارەت بىلەن ئويناپ چىقىشــى ئەســەرنى جانلاندۇرۇپ تېخىمۇ تەسىرلىك كۆرستەتتى.

بۇ دراملار خەلق قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. شــۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەسەرلەر ھەر كۈنى سەھنىگە چىقسا كۆلۈپ توشقان خەلق قارشى ئالاتتى. كۆلۈپقا ســىققاندىن ئارتۇق بىلەت سېتىلمىغانلىقتىن بىلەت يېتىشمەسلىك كۆڭۈلسىزلىكى كېلىپ چىقاتتى. ئەگەر ئەسەر سەھنىدە بىر ئاي ئوينالســا ھەر كۈنى خەلق قىزغىن ئالقىش بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. رولىدا ئارتىس يىغلىسا كۆرەرمەنلەر تەڭ يىغلاشتى. كۈلكىلىك يېرىگە كەلگەندە پۈتۈن خەلق تەڭ كۈلۈپ چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا تاماشــا قىلىشاتتى. ياشــلار كوچىلاردا شۇ ئەسەرنىڭ كۈيلىرىنى كۈيلەپ ناخشــىنى ئېيتىپ، ياكى بىر گۇرۇپپا بولۇپ مۇزىكا چېلىپ كوچا ئايلىناتتى. خەلق سەنئەتكە بولغان ئۇسسۇزلۇقنى ھېچ قاندۇرالمىدى. كۆلۈب ئەتراپىدىن كىشــىلەر چۆگلەپ كېتەلمەيتتى. ئويــۇن كۆرگىلــى كەلگەنلەرمۇ ســەھنە ئارىلىقىدىكــى دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا چېلىنغان ئوركېستىر مۇزىكىلىرىنى تىڭشاپ ئادەملەر ئېغىز ئاۋاز چىقارماي ھوزۇر بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇراتتى.

شــۇ دەۋردىكى ئارتېســلاردىن فەرىدە غەلىۋا خانىــم بىر ۋاقىتىدا «ئاســىل يار درامىســىدا «لەلە» قىزنىڭ «قىز جىبەك» دراممىســىدا «قىــز جىبەكنىڭ» رولىنى ئويناپ چىقتى. بــەزى ۋاقىتلاردا بۇ ئىككى

ئۇيۇشــمىنىڭ ئۇيۇن قويۇش ۋاقتى بىر كۈنگە توغرا كەلگەندە فەرىدە خانىمنى ۋىيلا ســەفت بىلەن رولغا چىقىش ۋاقتىغا ئۈلگۈرتۈپ ئېلىپ كېلەتتــى. بىر كېچىدە ئىككى كۇلۇبنىڭ ئارىســدا يۈگۈرتۈپ فەرىدە خانىمنى رولغا يېتىشتۈرۈپ تۇردى.

فەرىدە خانىم ئۆزى تاتار بولسىمۇ، قازاق دىرامىسىنىڭ «قىز جىبەك» رولىغــا چىققاندا ئۇ قازاق خەلقىنىڭ ئــۆرپ - ئادەت خاراكتېرلىرىنى قاملاشــتۇرۇپ ۋە قازاق تىل شــېۋىلىرىنىمۇ تولۇق سۆزلىگىنى ئۈچۈن پۈتۈن قازاق خەلقى ۋە بارلىق كىشىلەر ئۇنىڭ تالانتىنى ماختاپ تىلدىن - تىلغا ســۆزلەپ رەھمەتلەرنى ئېيتتى. بۇ ئۇيۇشمىلارنىڭ قارمىقىدا مىللى مەكتەپلەر ئېچىلدى. خىتاي كوممۇنىستلىرى كەلگىچە توختاپ قالغان يېرىدىن داۋاملاشــتۇرۇپ كەلگەن بولســىمۇ، كېيىن شەرقىي تۈركىستانغا خىتاي كوممۇنىســتلىرى كەلگەندىن كېيىن ئۇيۇشمىلار ۋە مەكتەپلەر تارقالدى. شــۇ ۋاقىتدا خەلق مۇشــۇ سەنئەتلەر بىلەن كۆڭۈللىرىنى خۇش قىلىپ، روھلىرىنى كۆتۈرۈپ ئۆز ھاياتىنى كۆڭۈللۈك ھېس قىلىپ قالغان ئىدى.

## قوشۇمچە:

## شەرقىي تۈركىستاندىكى تاتارلارنىڭ قىسقىچە سەنئەت تارىخى

شــەرقىي تۈركىســتاندىكى تاتارلار ئاساســەن چۆچەك، غۇلجا، ئۈرۈمچــى قاتارلىق شــەھەرلەردە كۆپرەك بولۇپ، ئــۇلار مەدەنىي - مائارىپ، ئەدەبىيات - ســەنئەت جەھەتلەردە باشــقىلاردىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. تاتار خەلقى شىنجاڭغا مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشــلىرىدىلا ياردەمدە بولۇشتىن باشقا سەنئەت ئىشلىرىدىمۇ ئارقىدا

قالمىدى. بەلكى باشلامچىلىق رولىنى ئۆتەپ (ئوپناپ) كەلدى. 1933 – يىللىرى خەلقىنىڭ نادانلىقتا ياشاش دەۋرى بولۇپ، ئۇ ۋاقىتىدا خەلق سەنئەتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرغان ئىدى. مانا شۇ ۋاقىتىدا سوۋېتتىن كېلىپ چۆچەكتە تۇرۇپ قالغان ئەخمەتجان سەيفۇللايىف ئىسىملىك بىر ئابىزى (ئاكا)بار ئىدى. شۇ كىشى تاتارلارنى سىزلەر نېمە ئۈچۈن ئۇخلاپ يۈرىسىزلەر، داۋاي (ھايدا يۈرۈڭلار) تاتار سەنئىتىنى باشلايلى دەپ تاتار ياشلىرىنى يىغىپ ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈش (ئىلھاملاندۇرۇش) ئارقىسىدا ئەكرەم ھەزرەتنىڭ (موللا) ئوغلى زوفەر، خوئاق نەۋرلىرى رىفقەت، كىلىنى شەكۇرە ھەمدە كۆپلىگەن تاتار ياشلىرى بىرلىشىپ بىرىنچى قەدەمدە كىم نېمە بىلسە شۇنى سەھنىگە ئېلىپ چىقىسۇن جىرووچىلار (ناخشىچىلار) جىرلىسۇن. بىيىچىلەر (ئۇسسۇلچىلار) ئوينىسۇن، مۇزىكىچىلار (سازچىلار) مۇزىكىلىرىنى چالسۇن دەپ كىم نېمە بىلىدۇ. نېمە ئىشلىيەلەيدۇ يېزىپ تىزىملاش ئارقىلىق 40 – 50 كانسېرت نومۇرلىرىنى تەييارلاپ چىقتى. ئۇ چاغدا كۇلۇب يوق، ئەمدى قەيەردە ئويۇن قويىمىز، دەپ بىر باينىڭ باغچىسىنى ئىجارىگە ئېلىپ، ئەتراپىنى توسۇپ، سەھنە ياساپ چىقتۇق. شۇ سەھنىدە بىر كېچىلىك كونسېرت ئۆتكۈزدۇق (قويدۇق).

خەلق بۇرۇندىن تارتىپ مۇنداق ئىشلارنى كۆرمىگەنلىكتىن بەك خۇشال بولدى. ئارتىسلىرىمىزنىڭ ئارىسىدا قىزىقچىلارمۇ بولغانلىقتىن خەلق ئۈستى – ئۈستىگە تەلەپ قىلىپ نەچچە مەرتىۋىلەپ سەھنىگە چىقاردى. بەك كۆڭۈللۈك بىر سەنئەت كېچىنى ئۆتكۈزدۇق. شۇنىڭدىن باشلاپ تاتار ياشلىرى ئەخمەتجان ئابىزىنىڭ باشلامچىلىقىدا ھەر ۋاقىت ئويۇنلارنى قويۇپ بىرئاز مەبلەخ (پۇل) توپلىۋالدۇق. ئاندىن كېيىن تاتار خەلقىنىڭ ئاتاقلىق دراملىرىدىن بىرسى بولغان («سۆنگەن

يۇلتۇز» (ئۆچۈپ قالغان يولتوز) درامىسىنى رېپېتسىيە (مەشىق) قىلىشقا كىرىشتۇق. ئۇزۇن ۋاقىت ئۆگىنىش ئارقىلىق درامىنى سەھنىگە ھازىرلىدۇق. ئۇ چاغدا مەن كىچىك قىز بولۇپ، ئاساسىي رولدا (يەنى درامىدىكى يىگىت ئىسمائىل ئۇنىڭ سۆيگەن قىزى سەرۋەر، ئۇنىڭ دوستى رولىنى مەن ئويناپ چىقتىم. رېژىسسور ئەخمەتجان ئابىزى مېنى شۇ رولغا بەلگىلىدى. سەرۋەر رولىنى شەكورە ئاپپاي ئېلىپ چىقتى. ئىسمائىل رولىنى شەكورە ئاپپاينىڭ ئېرى زۇفەر ئابىزى ئالدى. ئۇ درامىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى:

بىر قىز بىلەن بىر يىگىت (باينىڭ قىزى، كەمبەغەل يىگىت) بىلەن تۇي قىلماقچى بولغىنىنى باي ئاڭلاپ، قىزى سەرۋەرنى سۆيگەن يىگىتكە بەرمەيمەن دەپ بىر دومچاڭ قېرى مەخسۇمغا بېرىمەن، ئۇ باينىڭ ئوغلى دەپ ئىسمائىلنى ئەسكەرلىككە ئەۋەتىپ قۇتۇلماقچى بولىدۇ. ئىسمائىل مەن ئەسكەرلىككە بارمايمەن دەپ قولۇقىغا زەھەر دورا سېلىپ زەھەرلىنىپ ئۆلىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان سەرۋەر ئۆزىنىڭ ئاشىقىنىڭ (سۆيگىنىنىڭ) ئۆلۈمىگە چىدىيالماستىن ھوشىدىن ئايرىلىپ چاچلىرىنى چۇۋۇپ غازنىڭ قاناتلىرىنى قۇچاقلاپ جىرلايدۇ (ناخشا ئېيتىدۇ)

قاز قانات كويى
قاز قاناتلارىن سانادىم
تىزلىپ قاغىنغاندا
سىن دىپ كىملەرگە قارارمىن
ئۆزۆلۆپ ساغىنغاندا

دەپ قاز قاناتلارنى يەرگە يېيىپ (غاز قاناتلىرى) جىرلى، جىلى – جىلى جىرلى (ناخشا ئېيتىپ يىغلايدۇ) قاز قانات ناخشىسى كۆپ

كۇبلىتلىق، مەن پەقەت بىر كۇبلىتىنى مىسال قىلىۋالدىم.

شۇنداق قىلىپ بۇ دىرامىمىز شۇنداق تەسىرلىك بولۇپ ئوينىلىپ كىشىلەرنى يىغلاتتى. ناخشىلىرى بەك تەسىرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر بەك ياخشى تەسىراتلارنى ئېلىپ بەكمۇ خۇشال بولدى.

مانا شۇنىڭدىن كېيىن زوفەر ئابىزى ۋە شەكۇرە ئاپپايلار باشقا شەھەرگە خىزمەت بىلەن كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئورنىغا باشقىلار رول ئېلىپ چىقتى. شۇنىڭدىن باشلاپ مېنى ھەممە تىياتىردا مەخسۇس قىز رولىغا چىقىرىدىغان بولدى.

مەن ئۆزۈم ئوينايدىغان سەھنە ئەسەرلەر 1 ـ ئاسىل يار (ئوپېرا)؛ 2 - سۆنگەن يۇلتۇز (دىراما)؛ 3 - باشما غەم (كومىدىيە)؛ 4 - غەلىيەبانو (ئوپېرا) بۇلار تاتار خەلقىنىڭ ئاتاقلىق زور (چوڭ) سەھنە ئەسەرلىرى بولۇپ، بۇلاردىن باشقا «كۆنلۈكچى ئەخمەت» تابىلدى ۋە «يەشارتۇ (ياشارتىش)غا ئوخشاش قىسقا – قىسقا ئەسەرلەر كۆپ ئوينالدى. شۇنداق قىلىپ 1936 – يىلى مەن ئېرىمنىڭ خىزمىتى ئالمىشىش سەۋەبى بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ بۇ يەردىكى تاتار سەنئىتىگە، ئۇيغۇر سەنئىتىگە ھەم قازاق سەنئىتىگە تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ ئۈچ مىللەتنىڭ تىلىنى تولۇق بىلگەنلىكىم ئۈچۈن، ئۇلار مېنى مەخسۇس قىز رولىغا چىقىدىغان ئارتىس قىلىۋالدى ھەم روللاردا بولدۇم.

بۇ چاغدا مەن 1936 – يىلدىن 1945 – يىلىغا قەدەر شۇ ئۈچ مىللەتنىڭ سەھنە تىياتىرلىرىدا 30 غا قەدەر ئاتاقلىق ئوپېرا، دىرامىلاردا قىز رولىنى ئويناپ چىقتىم. ئۇنىڭدىن باشقا كونسېرت نومۇرلىرىدا جىرلارغا (ناخشا) چىقتىم. شۇنداق قىلىپ مەن ئۆزۈمنىڭ تەبىئى قابىلىيىتىم بىلەن خەلق ئالدىدا خەلق سۆيەر ئاتاقلىق ئارتىس

بولۇپ ئاتالدىم. «ئۈچ مىللەتنىڭ سەنئەت ئاساسىنى قۇرغۇچى» دەپ ئاتىلىپ ئۇيغۇر ئېنتسىپىدولوگىيىسىگە رەسىمىم (قامۇس) بىلەن مېنىڭ ئىسمىمنى كىرگۈزدى.

ئۈرۈمچى تاتار ئۇيۇشمىسى قارمىقىدىكى تاتار سەنئىتىدە مەن يۇقىرىدا ئېيتقاندەك تاتار خەلقىنىڭ ئاتاقلىق سەھنە ئەسەرلىرىدىن «ئاسىل يار»، «غالىيە رانوي»، «باشماغىم»، «سۆنگەن يۇلتۇز»غا ئوخشاش زور ئەسەرلەرنى كۆپلەپ سەھنىگە ئېلىپ چىقتۇق. بۇنىڭغا تاتار ياشلىرىدىن يىگىت رولىنى رىشات (مەخسۇس يىگىت رولىغا چىققۇچى بولدى)، قىز رولىغا مەن (فەرىدە غەلىۋا)، بايلارنىڭ رولىغا ئەكرەم ئابىزى، جەۋدەت، رىففەتكە ئوخشاش ياشلىرىمىز قاتنىشىپ تاتار سەنئىتىنى تەرەققىي ئەتتۇردى. كېيىن ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ھەر تەرەپلەرگە تاراپ كەتتى.

قازاق ئۇيۇشمىسىدا بولسا قازاق خەلقىنىڭ ئاتاقلىق ئوپېرا، دراملىرىدىن «قىز جىبەك»، «چوغا»غا ئوخشاش سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىدە مەن قىز رولىنى ئويناپ خەلقنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتۇق. ھازىر ئۈرۈمچىدىكى تاتارلار ئاز سانلىق بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ ئۈرۈمچى تاتار سەنئىتى 1933 - يىلى چۆچەكتە باشلىنىپ 1949 - يىلىغا قەدەر ئۈرۈمچى - چۆچەك شەھەرلىرىدە يۇقىرىدىكى ئاتاقلىق سەھنە ئەسەرلىرىدىن باشقا كۆپلىگەن ياش ئارتىس قىز - يىگىتلىرىمىزنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ھەر تۈرلۈك پائالىيەتلەردە باشقا مىللەتلەر بىلەن باراۋەر ئېلىپ بېرىپ شەرقىي تۈركىستاندىكى 14 مىللەتنىڭ بىرسى قاتارىدا تاتار مىللىتى دېگەن نامنى ساقلاپ كەلدى. بۇنىڭدا سەنئەتچىلىرىمىزنىڭ رولى چوڭ بولدى. ھازىرمۇ تاتار مىللىتى باشقا مىللەتلەر قاتارىدا ئۆز ئورنىنى

ســاقلاپ كەلمەكتە. 87 – يىلى تاتار جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، شــۇنىڭ بىلەن جەمئىيىتىمىزنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىش ئېلىپ كېلىۋاتىمىز.

1993 - يىلى 9 - 16 - كۈنى

فەرىدە غەلىيۋا

## ياڭ جاڭ جوڭ سوۋېت كونسولى ئۇچۇن ئۇرۇمچىدىن يەر سېتىپ بېرىشى ۋە ئالتايىسكى سالداتلارنىڭ كىرىشى

32 – يىلى دەرۋازىنى قاتتىق ئۇرغان ئاۋازلار ئاڭلاندى. بۇ سەھەردە كىمدۇر ئالدىراش كەلگەن خەيرلىك بولسۇن دەپ ئەخمەت يۈگۈرۈپ چىقىــپ كەتتى. كۆپ كېچىكمەســتىن ئەخمەت نەجىپ ئىشــكتىن ئاچچىــق بىلەن ســۆزلەپ كىــردى. ئەمدى بۇ كامدەك ئۇرۇســنىڭ «ئالتايىسكى ســالدات»لىرىنى ئۇرۇنلاشتۇرىدىغان يەرنى ھازىرلىغىچە خەلقنىــڭ ئۆيلىرىــدە تۇرۇپ تۇرۇشــىغا توغرا كەلــدى. ئۆيلەرنى بوشىتىپ سالداتلارغا ئورۇن ھازىرلاڭلار، دەيدۇ. مەن مېنىڭ باللىرىم كىچىك ھەم قىز باللىرىم بار، مەن كىرگۈزەلمەيمەن دېسەم:

- ھېچقانداق سەۋەبىنىڭ لازىمى يوق، ئۆيلەرنى بوشات، دەيدۇ.

بىز نەگە بارىمىز دېسەم:

- ئاشــخاناڭلارغا بولامدۇ بىر يەرنى تېپىپ كۆچۈپ تۇرۇڭلار، بىز بۇلارغــا بىر يەرنى تاپقاندىن كېيىن ئېلىپ كېتىپ ئورۇنلاشــتۇرىمىز، دېدى.

- قانچە ۋاقىت تۇرىسلەر دەپ سورىدىم.

كۆپ بولســا ئىككى ھەپتە تۇرۇشى مۇمكىن. بۇلار بىز كۈتكەندىن

بالدۇر كېلىپ قالدى. شۇڭلاشــقا ھازىرلىقىمىز پۈتمەي قالدى، دېدى دەپ تۇرۇشىغا ئىشىكتىن بېشىغا رومالنى ئارتىپ ئىبراھىمنىڭ ئايالى خەلىمە كىرىپ كەلدى. خەلىمە سۆزلىگىچە ئەخمەت نەجىپ :

- سىلەرگىمۇ كىردىمۇ دەپ سورىدى.

- ھەئە، ئۆينى بوشىتىڭلار، بىزنىڭ سالداتلىرىمىز كېلىدۇ، دېدى.

مەن ئۇلار ئۈچۈن بوشىتىدىغان ئۆيۈم يوق، نەگە بارساڭلار بېرىڭلار دېدىم.

پاتالوۇف دېگەن ھايۋان:

- ئاشــخاناڭغا چىقامســەن، ئات ئېغىلىغا چىقامســىلەر ئۆينى بوشــىتىڭلار، دەپ تەربىيەســىزلىك بىلەن ۋارقىراپ چىقىپ كەتتى. قانداق قىلىمىز دەپ كۆزىگە ياش ئالدى.

ئەخمەت نەجىپ:

قېرىندىشــىم بىز بۇلار بىلەن تەڭ كېلەلمەيمىز، بىر ئامال قىلىپ ئۆينى بوشــىتىپ بىرقانچە ۋاقىت چىداپ تۇرىمىز، ئۇلار يالغۇز بىزنىڭ ئەمەس ئىسلام بابانىڭ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە ھويلىلارغا كىرىپ ئۆي بوشــىتىپ يۈرىدۇ. ئانتونــوپ – پاتالوپلارنىڭ ھويلىمۇ – ھويلا يىقىراپ كىرىپ، يۈگۈرۈپ يۈرگىنىنى كۆرمىدىڭمۇ دېدى.

خەلىمە بۇ ئىشــلارنى ئىچىگە ســىغدۇرالماي ئوف، بۇ نەرسىلەر نەدىــن كەلدى؟ نېمە قىلماقچى؟ خەلق بېشــىغا ئۇرۇش بالاســىنى كەلتۈرۈپ چىقارمىسا بولاتتى دېگىنە، خىتاينىڭ بېسىمى ئازدەك، بۇلار خوجايىن بولغىنىنى كۆرمەمسەن! بۇلار نېمە ئۈچۈن خەلق ئۈستىدىن ھاكىمىيەتلىك قىلىۋاتىدۇ؟ دەپ سورىدى.

ئەخمەت نەجىپ، سوۋېت كونسۇلى قۇرۇلغاندىن كېيىن كونسۇلنى ساقلاش ئۈچۈن بىر قىسىم سولداتلار كىرگەن ئىكەن. ئەمدى كونسۇلدىن ئۆتۈپ خەلقنى باشقۇرۇشقا باشلىدى، دېدى.

ساجىدە سوپىرا ھازىرلاپ، كېلىنلار چاي ئىچكەچ پاراڭلىشايلى «كۆپ بىلەن كۆرگەن ئۇلۇق توي» دېگەندەك ئەل بىلەن كەلگەندىن كېيىن بۇنىڭغىمۇ چىداش كېرەك دەپ ئۇلارنى ئولتۇرغۇزدى.

ساجىدە: مېنىڭ كىچىك ۋاقتىمدا ئاڭلىغان بىر سۆز يادىمغا كەلدى، دېدى:

دادام مەزەيت ئاقساقال ئۆيگە كەلگەن مېھمانلار بىلەن كونسۇل ھەققىدە پاراڭلىشىپ ياڭ جاڭ جوڭ ۋاقتىدا روس ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندا كونسۇل قۇرۇش ئۈچۈن جاڭ جوڭدىن يەر سورىغاندا كونسۇل ئۈچۈن ئىتتىپاق كۆلۈبىنىڭ يېنىدىن تاتار مەسجىدىگىچە بولغان ئارىلىقنى (ھازىرقى ناخشا – ئۇسسۇل ئانسامبىلىنىڭ ئورنىنى) كونسۇل ئۈچۈن سېتىپ بەرگەن ئىكەن. روس ھۆكۈمىتى ناھايىتى تېزلىك بىلەن يەرنىڭ ئەتراپلىرىنى خىش كېسەك بىلەن ئېگىز كۆتۈرۈپ تام توسۇپ، كونسۇل بىنالىرىنى سېلىپ چىقتى. شۇ كۈندىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستانغا روس سالداتلىرى كىرىپ جايلاشتى.

ئاستا – ئاستا ھاكىمىيەت ئىشلىرىغىمۇ قولىنى تىقىپ باشقۇرۇشقا كىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستاننى خىتاي بىلەن روس ھۆكۈمەتلىرى باشقۇرۇپ، خەلقىمىز ئىككى مەملىكەتنىڭ ئەسىرى بولۇپ، تېخىمۇ ئېغىر ھالغا چۈشۈپ قالدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان بېيجىڭ ھۆكۈمىتى يەنى بېيجىڭ پادىشاھى، غەزەبلىنىپ جاڭ جوڭنى بېيجىڭغا چاقىرتتى. جاڭ جوڭ بېيجىڭغا بىر كۈنلۈك يول قالغاندا

ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى چارشـــەن قورۇپ، جاڭ جوڭنىڭ ئالدىغا قارشـــى ئېلىپ چىققان ئىكـــەن. بۇلار كۆرۈشـــۈپ بولغاندىن كېيىن، جاڭ جوڭ پادىشـــاھىمىز مېنى نېمىشقا چاقىرتتى، بىلدىڭلارمۇ؟ دەپ سورىدى.

ئۇلار قېرىندىشـــىم سەن بەك يامان ئىش قىلىپسەن، نېمە ئۈچۈن بېيجىـــڭ پادىشـــاھىدىن رۇخسەتسىـــز روس ھۆكۈمىتىگە شـــەرقىي تۈركىســـتاندا رۇس كونسۇل ئۈچۈن يەر سېتىپ بەردىڭ؟ پادىشاھىمىز ســـاڭا بولغان ئاچچىقى بەكمۇ يامان، ئەمدى ساڭا ياخشى كۈن يوق. مانا شۇ سەۋەبتىن سېنى چاقىردى، دەپ ئېيتىشتى.

جاڭ جوڭ بولىدىغان ئاقىۋەتنى بىلىپ چاپىنىنىڭ تۈگمىسىدىكى (ئۇ دەۋرلەردە باشلىقلار ۋە ئادەتتىكى خەلقلەرمۇ كىيىمىنىڭ تۈگمىسىگە زەھەر ســـېلىپ يېنىدا ئېلىپ يۈرەر ئىكەن) زەھەرنى ئېلىپ كىشىلەر ئۇيقىغا ياتقاندا ئىچىپ ئۆلۈۋاپتۇ. جەسەتنى بېيجىڭغا ئېلىپ كەلگەندە بېيجىـــڭ خانى ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى خان ســـارايدا بىر بۇلۇڭغا تۇرغۇزۇپ قويۇپ بېيجىڭ پادىشـــاھى قولىغا سىزغۇچ تايىقنى تۇتۇپ ئۈستەلگە ھەم ئۆلۈكنىڭ يۈزىگە ئۇرۇپ يۈرۈپ ئۈچ كۈن ســـوراق قىلىپ ئاندىن جەسەتنى كۆمۈشكە رۇخسەت قىلغان ئىكەن دەپ سۆزلىگەندە، دادام مەزەيت ئاقســـاقال «مەن يەۋاتقان غىزاغا ئورۇسنى ئورتاق قىلىپسەن» دەپ ئاچچىقلىنىپتۇ - دە، دەپ ئۇلار قاقاقلىشىپ كۈلگەن ئىدى. مەن بۇنى شۇ يەردە ئاڭلىدىم دەپ سۆزلەپ بەردى.

خەلىمە ھەسرەتلىنىپ بىزنىڭ خەلق بۇ ئاچ بۆرىلەر چاڭگىلىدىن قۇتۇلالمايدىغان ئوخشـــايمىز! قاچان بىزلەرگە ئەركىنلىك تىگەر، شۇ كۈنلەرگە تەشنا بولۇپ، ئۆمرىمىز ئۆتتى، دەپ كۆزىگە ياش ئالدى.

خەلىمە توغىرا سۆزلۈك، جەسۇر، غەيرەتلىك ئايال بولۇپ، كىشىلەرگە دوستانە كۆڭۈللۈك، خەيرى - ساخاۋەتلىك ياردەم قولىنى سۇنۇپ تۇرىدىغان خاراكتېرى بىلەن ساجىدەگە ئوخشايتتى. شۇڭلاشقا بۇلار ئىككى دوسىنىڭ ئايالى بولۇپلا قالماستىن، خۇددى ھەدە - سىڭىللاردەك ئىناق ياشايتتى.

دېگەنىدەك نۇرغۇنلىغان رۇس ئەسكەرلىرى كەلدى. ھەممە كىشىلەرنىڭ ھويلىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىككى ھەپتىدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن كېيىن ئۇلارنى ئېلىپ كەتتى. بۇ قەدەر كۆپ سالداتلارنىڭ سوۋېتتىن كىرىشى، ئەھۋالغا قارىغاندا بىر چوڭ ئۇرۇشنىڭ بولۇش ئېھتىمالى خەلقلەرنى قاتتىق ئەنسىرەتتى ۋە ئۇرۇشتا بولىدىغان ۋەيرانچىلىق ھەم ئۆلۈم پاجىئەلىرى كىشىلەرنىڭ تىنچىنى بۇزدى.

نېمە بولار بىزنىڭ مەملىكىتىمىزگە كىرىپ ئۇرۇش قىلىدۇ؟! بۇلارنىڭ قوشۇن تارتىپ كىرىشىگە كىم رۇخسەت قىلدىكىن. بۇ نېمىدېگەن يولسىزلىق، كىمگە كېرەك بۇ ئۇرۇش دەپ خەلقلەر نارازى بولۇشتى ھەم بولىدىغان بۇ ئۇرۇش ئۈچۈن خەلق جىددى تەييارلاندى. ئۇن - گۈرۈچ، ياغ قاتارلىق كېرەكلىك نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى.

## تۇڭگان سوقۇشى

32 - يىلى تۇڭگان ئۇرۇشى باشلانغاندا، ئۇلارغا قارشى سوۋېت ھۆكۈمىتى شىڭسسەينى قوماندان قىلىپ شەرقىي تۈركىستانغا «ئالتايىسكى سالدات» نامى بىلەن ئەسكەر كىرگۈزۈپ، تۇڭگانلارغا قارشى ئۇرۇش ئېلىپ باردى.

شــەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاســمىنىغا قارا بۇلۇت، قارا تۇمان، قويۇن بولــۇپ، ســوۋېتنىڭ ئالتايىســكى ســالداتلارنىڭ قوماندانــى قانخور شىگىسسەي شەرقىي تۈركىستانغا قۇتسىز قەددى بىلەن كىرىپ كەلدى.

كۆپ ئۆتمەســتىن تۇڭگانلارغا قارشى ئۇرۇش باشلاندى. شەھەر قامالــدا قالدى. پۈتــۈن خەلق قىلىــن ياغاچتىن ياســىغان يوغان دەرۋازىلىرىنــى قۇلۇپــلاپ، دەرۋازا تۈۋىگە توپىلارنــى قىلىن دۆگلاپ ئۈســتىگە ســۇ قويۇپ توڭلىتىۋەتتى. دەرۋازا تۈۋىدىكــى توڭلاتقان مۇزلارنــى چېپىپ ئالمىغىچە دەرۋازىلارنــى ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھەممە ئادەم ئۆز ھويلىلىرىغا ســولاندى. خەلق ئېغىر ئۇرۇش خەۋپى ئاســتىدا قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار قوشــنا تاملاردىن ئىشىك ئېچىپ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىشــىپ تۇردى. قۇدۇقى بار ھويلىلاردىن سۇ توشــۇپ، ئوزۇقســىز قالغانلارغا ياردەمدە بولدى. خەلق بىر - بىرى بىلەن تېخىمۇ يېقىنلىشــىپ، بىــر پارچە نانىنى تەڭ بۆلۈشــۈپ يەپ ھەرقانداق قىيىنچىلىققا ئورتاقلاشــتى. بىر ياخشى سوقۇش شەھەردە بولمىدى. ســەندۇڭبىنىڭ يۇقىرىسىدىكى ساي ئىچىدە ئۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى. تۇڭگان قوشۇنى سەندۇڭبىدىكى رۇس گۆرلىكى (قەبرىستان) تەرىپىدە سوۋېت قوشۇنى سەندۇڭبىدىكى «جاڭ شو يا» كۆلى تەرىپىدە تۇرۇپ توختىماستىن ئۇرۇش ئېچىپ تۇردى. ئۈرۈمچىنىڭ «قىزىل تاغ» تەرىپىدە ئۈزلۈكسىز زەمبىرەك ئوقىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

بەزىدە بۇ زەمبىرەك ئوقى شەھەرگە چۈشۈپ ............ قاتارلىق بىرقانچــە ئادەمنــى ئۆلتــۈردى. ئەخمــەت نەجىپنىڭ چــوڭ قىزى مەغرىبخەنــڭ توينى قىلغاندىن كېيىن ئەخمــەت نەجىپ ئۆزىنىڭ ھويلىســدا دەرۋازا تۈۋىدىكــى ئىككى ئېغىز ئۆينــى ئۇلارغا بېرىپ، بىــر قازانــدا بىر داســتىرخاندا بىللە بولۇپ ياشــاپ كەلگەن ئىدى.

ئەتىگەنلىك تاماق ۋاقتىدا شۇنداق قاتتىق زەمبىرەك ئوقىنىڭ ئېتىلىپ پارتلىغـــان ئاۋازىدىن ئۇلار يۈگۈرۈپ چىقىپ قارىســـا ئوق چوڭ قىزى مەغرىبخەنىڭ ئۆيىگە چۈشـــۈپ كارىۋاتتىكى ياستۇقنى كۆكۈم تالقان قىلىپ تاشلاپتۇ. پۈتۈن ئۆي ئىچى قۇش پەيلىرى بىلەن ھىچنەرسىنى كۆرۈپ بولمايتتى. ئۇلار ھەممىســـى «ئاللاھقا شۈكۈرلۈك» ئېيتىپ بۇ ۋەقـــە كېچىدە بولمـــىدى، ئەگەر ئۇخلىغان ۋاقتىدا ئېتىلغان بولســـا ئۇلارنى يوق ئېتەر ئىدى» دەپ بەكمۇ ئەنسىرەشتى.

بۇ ئۇرۇش 31 كۈن داۋام ئەتتى. بىر كېچىدە سەندۇڭبىنىڭ ساي ئىچىدە بىر يوغان «ئـــاق قۇش»نىڭ قاقىلداپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەن رۇس قاراۋۇلى ســـالداتلىرى ئۇ قۇشنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. بېرىپ قارىسا ئـــۇ «ئاق قۇش» بولماســـتىن، ئاق خالات كىيىپ بىـــر قولىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ قۇشقا ئوخشاش بولۇپ كەلگەن تۇڭگان رازۋېتكىسى ئىكەن. ئۇنىڭ يېنىدىن شـــەھەردىكى تۇڭگانلارنىڭ جامائەت بېشـــى بولغان ئىناۋەتلىك چوڭلىرىغا ۋە خەلققە يازغان مۇراجىئەت خەتنى تېپىۋالىدۇ. شـــۇنىڭدىن كېيىن سوۋېت سالداتلىرى شـــەھەردىكى تۇڭگانلارنىڭ باشـــلىرى بولغانلارنى ۋە بايلاردىن ھەم گۇمانلىق ئادەملەرنى تۇتۇپ ئېلىپ چىقىپ ئۇلارنى (ھازىرقى ئۆپكە دوختۇرخانىسىنىڭ ئورنى بۇرۇن بوش يەر ئۇ يەرنى كىشـــىلەر «مويكا» دەپ ئاتاپ دەم ئېلىش ئورنى قىلىۋالغـــان ئىدى. ئادەملەر توپلىشـــىپ كېلىپ دەم ئېلىپ ئويناپ – كۈلۈپ كۆڭۈللۈك ۋاقىـــت ئۆتكۈزىدىغان ئورۇن بولۇپ قالغان ئىدى). مانا شـــۇ جايغا تۇڭگانلارنىڭ ئۆزىنى ئېلىپ كېلىپ ئۆزلىرىگە «گۆر» كولىتىپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ كاللىســـىنى جادۇغا بېسىپ ئۆلتۈرۈپ، شۇ ئورۇنغا كۆمۈپ كېتەتتى.

جىددى ئۇرۇش پەيتىدە سوۋېتنىڭ تانكىسىنى تۇڭگانلار ئەسىرگە

چۈشۈرۈپ قارىسا ھەربىي كىيىمدىكى بەش يۈلتۈز بەلگىسىنى كۆرۈپ ھەم ئەسىرگە چۈشكەن سالداتنى سوراق قىلىش جەريانىدا سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ كىرگۈزگەن رۇس سالداتلىرى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن تۇڭگانلار «بۇ ئۇرۇشقا سوۋېت ھۆكۈمىتى ئارىلىشىپتۇ، بىز بۇلار بىلەن تەڭ كېلەلمەيمىز، چېكىنىپ چىقىپ كېتىش كېرەك» دەپ ئۇرۇشنى تاشلاپ ئۇلار چېكىنىپ چىقىپ كېتىپ شۇنىڭ بىلەن تۇڭگان ئۇرۇشى توختىدى.

ئۇرۇش توختىغان خەۋىرى كېلىش بىلەن دەرۋازىلار ئېچىلىپ كىشىلەر كوچىلارغا چىقىپ ئۇرۇش خەۋپىدىن قۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن خۇشال بولۇپ بىر - بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ ۋە سالامەت قالغانلىقى ئۈچۈن تەبرىكلەشتى. ئۇزۇن زامان ئادەمسىز قالغان كوچىلارغا جان كىرگەندەك بولدى. خەلقلەر بىر - بىرىنى ئىزدىشىپ ھاللاشتى ۋە ئېغىر ئۇرۇش خەۋپىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ ئازات بولغاندەك كۆڭۈللۈك كۆرۈنەتتى. باللار ئەركىن ، خۇشال - خۇرام قىيا - چىيا قىلىپ يۈگۈرۈشۈپ ئويнайتتى. كىشىلەرنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن دۇكانلار ئېچىلىپ ئالدىراش ئىشلەپ خېرىدارلارنى قامداۋاتاتتى. خەلق جامائەتنى ۋە مەسجىدنى سېغىنغان ھالدا كۆڭۈللۈك ناماز ئوقۇشتى.

بىر تۈركۈم باللار ئۇرۇش مەيدانىنى كۆرۈش ئۈچۈن چوڭلاردىن يوشۇرۇنچە كېتىپ سەندۇڭبىگە يېتىپ كەلگەندە پۈتۈن سايىنىڭ ئىچى ئۇرۇشتا ئۆلگەن جەسەتلەر، قىزىل قان ئىچىدە مۇز توڭلاپ يەرگە چاپلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئادەم قارىسا شۇنداق كۆڭۈلسىز ۋە قورقۇنچ كۆرۈنەتتى. كىچىك باللار قورقىنىدىن كەينىگە بۇرۇلۇپ يىغلىشىپ قاچتى. چوڭ باللارمۇ بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى كۆرۈپ

كۆڭۈللىرى يامان بولدى. بىر – ئىككى بالىنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ بېشى قېيىشقا باشلىدى. شـۇنىڭدىن كېيىن بۇ بالىلار كېتەيلى دەپ بېشى قايغــان بالىلارنى يېتىلەپ ئېلىپ قايتىشــتى. ئەمما ئۇ بالىلار بەكمۇ كۆڭۈلســىز بولدى. بۇ كۆرۈنۈش مەڭگۈ ئۇلارنىــڭ يادىدا قالغاندەك بولدى. داداممۇ ئۇنۇتماي بىزگە سـۆزلەپ بېرەتتى. تۇڭگان ئۇرۇشـى تەسـلىم بولغاندىن كېيــن ئۆلتۈرۈلگەن تۇڭگان رازۋېتكىســىنىڭ يېنىدىــن چىققان مۇراجىئەت نامىدا يېزىلغان تىزىملىكتىكى ئىســمى بار بولغان بارلىق كىشــىلەرنى ۋە گۇمانلىق دەپ قارىغان ئادەملەرنى ھەر كۈنى تۈركۈملەپ ئېلىپ چىقىپ سالداتلار ئۇلارنى جادۇدا توغراپ ئۆلتــۈردى. پايپاقچى ھاجىنى ئېلىپ ماڭغانــدا ئەخمەت نەجىپنىڭ قىــزى پاتىمە بىلەن غابدىلخاق خەزىرەتنىڭ قىزى رومانە ئىككىســى غابدىلخاق خەزىرەتنىڭ ئۆگزىسىدە يوشۇرۇنچە قاراپ كۆرگەن ئىكەن. ئۇلارنى دەســلەپ ئۆزلىرىنىڭ گۆرلىرىنى كولىتىــپ ئاندىن ئۇلارنى جادۇدا توغــراپ ئۆلتۈرگەننى كۆرگەندە چىدىيالماســتىن چىرقىراپ ئــاران قېچىپ كېلىپ بىر ھەپتە قاتتىــق ئاغرىپ كېچىلىرى چۆچۈپ ۋارقىراپ ئۇخلىيالمىغان ئىكەن.

بۇرھان شەھىدىنىڭ سىڭلىسى زەينەپمۇ بۇرھانىنىڭ ئۆگزىسىدە ئۆلۈم ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن ئادەملەرنــى كولانغان قەبرىنىڭ ئالدىغا تىزىپ قويۇپ ســالداتلار ئات بىلەن چاپتــۇرۇپ كېلىپ قىلىچ بىلەن ئۇرغاندا ئادەملەرنىڭ كاللىســى توپتەك ئۇچۇپ چۈشــكەنلىكىنى سۆزلىگەندە خۇددى شــۇ ۋاقىتقا بارغاندەك كۆزلىرىگە ياش كېلىپ ئۆزىنى تۇتالماي يۈرىكىنىڭ قانچىلىك ئاغرىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرەتتى.

## قانخور جاللات شىڭشىسەينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئېلىپ بارغان زۇلمى

ئەتىيــاز ۋاقتى كۈنلەر ئىسســىپ قالغان ئىدى. هــاۋالاردا باھار پەســلىنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرۈپ ئادەملەر ئۆزلىرىنى كۆڭۈللۈك ھېس قىلاتتى.

ئەتىگەنلىك چاي ۋاقتىدا ئىشــىكنى ئۇرۇپ گىجىگەي ئاغا كىرىپ كەلدى. ئۆيدىكى ھەممەيلــەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ مېھمانغا تۆردىن ئورۇن بەردى. گىجىگەي ئادەتتىكىدەك كەيپى يېرىدە خۇش چاقچاق ئەمەس، ئېغىر كېسەلدەك كۆرۈنەتتى. سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن ئەخمەت:

- نېمە بولدى قېرىندىشــىم؟ ئاغرىــپ قالدىڭمۇ؟ رەڭگىڭ ناچار كۆرۈنۈدىغۇ! دەپ ســورىدى. گىجىگەي قېرىنداش قازاق مىللىتىدىن بولۇپ، ئەخمەت بىلەن ئىككىســى ئاكا - ئۇكىلاردەك يېقىن دوستلار ئىدى.

ئۇنــىڭ نىينى ئەيتەســىن ئۆلە جاز داپ ئــەدەن كىلدىم (ئۇنىڭ نېمىســىنى دەيســەن ئۆلگىلــى تاس قاپ ئــاران كەلدىــم) دېدى. ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى گىجىگەينىڭ يۈزىگە سوئال نەزىرى بىلەن قارىشىپ قالدى.

مەن ھــەر ۋاقىتتىكىدەك بۇياققــا كەلگەندە ســەلەي تۇڭگانى كۆرۈپ ئۆتەي دەپ ئۆيگە بارسام، يىراقتىن ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭ يوغان ھويلىســىنىڭ ئالدىدا دۈگىلىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ «نېمە بولغاندۇر» دەپ ئەنســرەپ چاققان ماڭدىم. مەن يېقىنلاشــقاندا بىر ئادەمنىڭ جان ئاچچىقىــدا ۋارقىراۋاتقىنىنى ئاڭلاپ «ســەلەي تۇڭگانلارغا بىر ئىش بولغانمىدۇر» دەپ ئالدىراپ يېتىپ كەلســەم «نى كۆزۈم بىلەن كۆرەي» ھويلىنىڭ ئوتتۇرىســىغا ئىككى دىڭگەكنى ئورنىتىپ قويۇپ

ســـەلەي تۇڭگاننىڭ چوڭ ئوغلىنـــى ئىككى قـــول پۇتلىرىنى ئىككى دىڭكەككە تارتىپ ياغلاپ قويۇپ قىيناۋېتىپتۇ. هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئۇستەلنى قويۇپ ئورۇندۇقتا سۇرلۇك بىر خەنزۇ كېرىلىپ ئولتۇرۇپ قاماقتىن ئېلىپ كەلگەن ياش تـــۇڭگان يىگىتلىرىنى قىيناۋاتاتتى. ئۇ بىچارىلەر نېمە قىلغان ئىكەن بۇنچە قىيناشـــقا ئېسىم كەتتى (هەيران بولدۇم) دېدى.

ئەخمەت نەجىپ بۇ تۇڭگان سوقۇشـــىدا سەلەي تۇڭگاننىڭ چوڭ ئوغلى ئۇستا كاماندىر بولۇپ، ئۇرۇش ئېلىپ بارغان ئىكەن. ئۇ خىتاي دېگىنىڭ ســـوۋېتتىن كىرگۈزگەن سوۋېت ئەسكەرلىرىنىڭ كاماندىرى بولۇپ كەلگەن شىڭسســـەي دېگەن ئادەم شۇ. ئۇ سەلەي تۇڭگاننىڭ ئوغلىنـــىڭ ئۇرۇشـــتا باش كوماندىـــر بولۇپ ئـــۇرۇش ئېلىپ بارغان ئەهۋالىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سەلەي تۇڭگاننىڭ ئىككىنچى ئوغلىنى ئۇلار خالىمىســـمۇ مەجبۇرى ئالدۇرۇپ شىڭسســـەي ئۆزىگە پوگەن (ياردەمچى) قىلىپ ئېلىپ ئىككى قېرىنداشـــنى قارىمۇقارشى مەيداندا جەڭ قىلىشقا مەجبۇر قالدۇردى، دېدى. گىجىگەي ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ ئۇنداق بولســـا قىيىن بولغان ئىكەن. شۇ، ئۇ خىتاينىڭ يېنىدا سەلەي تۇڭگاننـــىڭ ئىككىنچى ئوغلىنى كۆرۈپ كۆزۈمگە ئىشـــەنمەي، بەلكى باشقا بىرسىنى شۇنىڭغا ئوخشىتىۋاتقاندۇرمەن دەپ ئويلىدىم. سەلەي تۇڭگاننىڭ ئىككىنچى ئوغلىنى ئۆزىنـــىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ تۇتقۇنغا ئېلىنغان تۇڭگانلارنى قىيناشقا كوماندا بېرىپ ئولتۇراتتى.

بىچارە سەلەينىڭ چوڭ ئوغلىنى كۆرسەڭ پۇتۇن بەدىنى قىيناشتىن كۆكىرىپ يارا بولۇپ، پۇت – قولىنىڭ تىرناقلىرىنى يۇلۇپ ئېلىپ، قول – ئاياغلىرى گۆپ بولۇپ ئىشـــىپ بارماقلىرىدىن قان ئېقىپ تۇراتتى. ئۆزىنىڭمۇ چىۋىن جېنى قالغاندەك كۆرۈنىدۇ.

ئۇ خەنزۇ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ شۇنداق سەت دەھشەت ئاۋاز بىلەن «كەس» دەپ ۋارقىرىدى. يوغان جاللات رەھىمسىزلىك بىلەن ئىككى خەنزۇ كېلىپ پىچاق بىلەن ئۇ بىچارىنىڭ قوۋۇرغىسىنى ئىككى تالدىن قىلىپ تىلىشكە (كېسىشكە) باشلىدى. سەلەينىڭ ئوغلىنىڭ ئاۋازى ئەرشكە يەتتى. مەن ھوشۇمدىن كەتكىلى تاس قالدىم. ئاخىرىغا كەلگەندە ھوشىدىن كەتتىمۇ – ئۆلدىمۇ بىلمىدىم ئاۋازى چىقمىدى، جىم بولدى. ئۇ خەنزۇ يەنە دەھشەت ئاۋاز بىلەن قاتتىق توۋلاپ «يەش، جادۇغا توغرا» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن قاۋۇل بۇ ئادەمنى قىيما – چىيما قىلىپ توغراپ يوق قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن باغلاقلىق تۇتقۇنلارنى جادۇغا توغراپ ئۆلتۈردى. بۇلارنى جادۇدا توغراپ بولغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ئىككىنچى ئوغلى ئۆلۈك، تىرىكى بەلگىسىز بولۇپ ئولتۇرغان يېرىدە قېتىپ قالدى. ئۇ يەردە تۇرۇپ مەن ھەم ئۆزۈمنىڭ ئۆلۈك – تىرىكمنى بىلمەي قالدىم. بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر ئەھۋال بولارمۇ؟ مەن دۇنيادا بۇنىڭدەك ۋەھشى – زالىم ئادەمنى كۆرمىدىم ھەم يوقتۇر. نېمىدېگەن يىرتقۇچ قانخور ئادەم، دەپ ئۇنىڭ يامانلىقنى ئاڭلاتقۇدەك سۆز تاپالماي قالدى. بۇنىڭدەك بىر زالىم، ۋەھشى خىتاينى نەدىن تېپىپ كوماندىر قىلىپ ئەۋەتىدىكەن قورقۇنچ جاللات بۇنداق ئادەمنىڭ قولىدىن ياخشىلىق كەلمەس، دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاغرىپ قالدىم. كۆز ئالدىمدىن بۇ دەھشەت كۆرۈنۈش كەتمەي قويدى. ئۇ بىچارىلەرنىڭ ئازاب ئىچىدە ۋارقىرىغان ئاۋازلىرى قۇلۇقۇمدا جاراڭلاپ ئۆزۈمنى ھېچ تىنچ قىلالمىدىم. يېتىپ كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلسە ۋارقىراپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كېتىمەن، ئۇچ كېچە – كۈندۈز مۇشۇ ئازاب بىلەن ئۇيقۇسىز قالدىم. ئۆيدىكىلەرنىڭمۇ مازاسىنى ئالدىم (تىنچىنى ئالدىم) دەپ كۆزىگە ياش ئالدى. سۆزلەۋېتىپ لەۋلىرى تىترەپ ئۆزىنى تۇتالمايتتى.

ئەخمەت: سەلەي ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى كۆردۈڭمۇ؟ دەپ سورىدى.

سەلەينى قويۇپ ئەتراپىدىكى ھەممە تۇڭگانلار يوق، شۇنداق جىق ئائىلە جايلاشقان پۈتۈن بىر جاڭزى بوشاپ قاپتۇ. ئۆينىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلىرى شۇ پېتى قالغان، لېكىن ئادەملىرى يوق تۇرىدۇ. بىچارىلەر ئاران قېچىشقا ئۈلگۈرگەن ئوخشايدۇ، كىم بىلىدۇ ئۇلارنىمۇ تۇتۇپ كەتتىمۇ يە دەپ ئويلىنىپ قالدى.

ئەخمەت بۇلاردىن ھازىرقى كۈندە ياخشى نەرسىنى ئۈمىد قىلىش مۇمكىن ئەمەس دېدى.

سۆھبەت ئۇزۇنغا سوزۇلدى. چايدىن كېيىن ئەخمەت گىجىگەينى دوختۇرغا ئېلىپ كەتتى. تۇڭگان ئۇرۇشىدا سوۋېتنىڭ ئالتايىسكى سالداتلىرىنىڭ ھەربىي باشلىقى بولۇپ شەرقىي تۈركىستانغا كىرگەن شىڭسىسەي ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ ئۆلتۈردى. ئۇ پەقەت خەلق ئۈچۈن چوڭ ئاپەت بولدى. ئۇ ئەسىرگە چۈشكەن تۇڭگان ئەسكەرلىرىنى ۋە خەلق ئىچىدىكى ئىناۋەتلىك كىشىلەرنى ھەم باي تۇڭگانلارنى ئۆلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ھەر مىللەت ئىچىدىكى ئىناۋەتلىك، بىلىملىك كىشىلەرنى ۋە دىنى ئەربابلارنى، بايلارنى قولغا ئېلىشقا باشلىدى. ئەللىك يىل جەريانىدا خەلق ئوقۇتقۇچىلار ئالدۇرۇپ ئاچقان مەكتەپلەرنىڭ بىر قىسمى يېپىلىشقا مەجبۇر قالدى. مەكتەپ مۇدىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىدى. بايلارنىڭ پۈتۈن بايلىقىنى ئېلىپ ئۆزلىرىنى تۈرمىدە يوق ئەتتى. ھەر كۈنى شىڭسىسەينىڭ «قارا مەپىسى» توختىماستىن ئۆي - ئۆيلەردىن كىشىلەرنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە توشۇش بىلەن مەشغۇل ئىدى. خەلق

قــارا تۇمان كۆندىــن تۇرارلىق ھالى يوق قايغۇ – ھەســرەت ئىچىدە قالدى. بۇ ئاپەتتىن خالى بولغان ئائىلىلەرمۇ قالمىدى.

شىڭسسەي ھازىرقى «شەرقىي تۈركىســتان ئىنىستىتۇتى» يەنى شــىنجاڭ ئىنىســتىتۇتىنىڭ ئالدىدىكى قىزىل بىنانــى ئۆزى قۇرغان ھەربىي مەكتەپ ئۈچۈن سالدۇرۇپ، ئۆزى مۇدىرلىك قىلىپ ئوقۇتقان ئىدى.

شىڭسســەينىڭ سياسى يۆنىلىشــى ئۆزگەرگەندىن كېيىن، شۇ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىســىنى قولغــا ئالدى. مەكتەپتە پەقەت كۆزەتچىلىك قىلغان ئادەمدىن باشقا بىركىشىمۇ قالمىدى.

شىڭسســەينىڭ تەســتىقى بىلەن قۇرۇلغان «توسەنگوڭســى» (سودا شــىركىتى) تەرەققىي قىلىپ قەشقەر، قارا شەھەر، كۇچا، كورلا، ئاقســۇ قاتارلىق شــەھەرلەردە شۆبە شــىركەتلىرىنى قۇرۇپ چىققان ئىدى. شىڭســەي كېيىنكى ۋاقىتلاردا «ســودا شىركىتى»نى قۇرۇپ چىققۇچىلارنىڭ بارلىقىنى قولغا ئالدى. سودا جۇرىنى زاكىر ئابدىشوفنى، غاتاۋللا زەكى ۋەلى تىيمىرغالى قاتارلىق كۆپ كىشىلەرنى ھەم زەيسەندە كونسۇل بولۇپ ئىشــلەپ تۇرغان بورھان شەھىدىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كېلىپ، بۇلارنىڭ بارلىقىنى قولغا ئالدى. بايلارنىڭ ھەممىسىنى قولغا ئېلىــپ تۈرمىدە يوق قىلدى. ئۇلارنىــڭ ئائىلىلىرىنى ئاقتۇرۇپ پۈتۈن نەرسىلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ ئېلىپ كەتتى. ھۈسەيىن باينىڭ ئۆيىنى ئاختۇرغاندا ئايالللار ھاجەتخانىسىغا كۆمگەن ئالتۇنلارنى، كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا تۆت تونىنا ۋە بەزىلەر ئۇنىڭدىنمۇ جىق دەپ سۆزلىنىپ يۈردى. ئۇنىڭدىن باشــقا كۆپ بايلىقلىرىنى ئېلىپ كەتتى. ھۈسەيىن باينىڭ ھەم تۇرسۇن بايۋەتچىنىڭ ئائىلىلىرىنى تۇرپان پاختا زاۋۇتىغا سۈرگۈن قىلىــپ ئەۋەتتى. ھۈســەيىن باينىڭ ئايالى ئۆزىــدە قالغان قىممەت

تاشلارنى بىر كىچە ئۇخلىماستىن باللارنىڭ ئىشتان قىرلىرىغا تىكىپ جايلاشتۇرسىمۇ، لېكىن مېڭىش ئالدىدا «ھەممىڭلار دوختۇرغا تەكشۈرۈلۈپ ئاندىن ماڭىسىلەر» دەپ پۈتۈن كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ ئېلىپ قېلىپ ئۇلارغا باشقا كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ ماڭدۇرغان، ئۇلار ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ بىر قول ياغلىقىنىمۇ ئالالماي قۇرۇق قول سۈرگۈن بولۇپ كەتتى.

بۇرھان شەھىدىنىڭ ئائىلىسىنى دەسلەپ ئالتايغا، كېيىن غابدىلغاق ھەزرەتنىڭ ئائىلىسى بىلەن مۇڭغۇل كۆرەگە سۈرگۈن قىلدى. شىڭسىسەي قولغا ئالغان ئادەملەرنى تىرىك تۇرغۇزۇپ قوۋۇرغىسىنى كېسىپ يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ چىقىش ۋە جادۇ بىلەن ئاياقتىن ۋە قول ئۇچىدىن توغراپ پارچىلاپ ئۆلتۈرۈش ھەم تىرناق ئاستىغا ۋە جان يېرىگە خىتاي قومۇشىنى تىقىپ قىيناش ۋە باشلىرىنى تۈكلۈك نەرسە بىلەن قىسىپ كۆزلىرىنى چىقىرىشقا ئوخشاش ۋەھشى قىيناشلار بىلەن ئۆلتۈرگەندىن باشقا تۈرمىدىكى ئادەملەرنى تۈركۈم - تۈركۈملەپ تارىم چۆللىكىگە ئاپىرىپ پىلىموت ئوقىغا تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ ۋە بىنزىن چېچىپ تىرىك كۆيدۈرۈپ ھەم تىرىك قۇدۇققا تاشلاپ ئۆلتۈرۈشكە ئوخشاش ۋەھشى قىيناشلار بىلەن ئۆلتۈرگەن. تارىم چۆللىكىدە بىنزىن چېچىپ كۆيدۈرۈلگەن ئادەملەرنى بىر قويچى يىگىت يوشۇرۇنچە مۆكۈپ تۇرۇپ كۆرگەن. شىڭسىسەينىڭ ئادەملىرى كەتكەندىن كېيىن، ئۇ يىگىت يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۆلمەي قالغانلار بولسا ياردەم قىلىش نىيىتىدە كۆيگەن ئادەملەرنى ئارىلاپ چىقىدۇ.

ئادەملەرنىڭ بەدىنىدىن چىققان كۆيۈك پۇرىقى پۈتۈن تارىم چۆللىكىگە شامال ئارقىلىق تارقىلىپ ئادەمنىڭ بۇرنىنى يارغىدەك ئاچچىق ھىد ئادەمنىڭ يۈرىكىنىمۇ ئېچىشتۇراتتى. نىمىدىگەن

ئىچىنارلىق ئەھۋال، ياخشــى ئىسىل ئادەملەر يىتىپ كۆلگە ئايلىنىپ تۇراتتى.

قويچى يىگىت بــۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ يۈرىكى چىدىماســتىن كۆز ياشــلىرىنى تۆكۈپ كۆيۈكلەرنى ئارىــلاپ يۈرگەندە ئىڭراپ ياتقان بىر ئادەمنى كۆرۈپ ئۇنى يۆلەپ ســۇ بەرگەندىن كېيىن ئۇ ئادەم ئۆزىنى «مەن ھەمدۇللا شــەنجاڭ مەن، مىنىڭ ئائىلەم قەشقەر قۇم دەرۋازىدا تۇرىــدۇ، شــۇ يەرگە بارســاڭ ھەممە ئــادەم مىنى بىلىــدۇ. مىنىڭ ئەھۋالىمنى يەتكۈزۈپ قويســاڭ» دەپ ئاران سۆزلەپ جان ئۈزىدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن يىگىت يوشۇرۇن ھالدا كىلىپ تارىمدىكى خەۋەرنى يەتكۈزگەندىن كېيىن ئائىلىسىدىكىلەر خەۋەر تاپىدۇ.

تۇرمىغــا ئىلىنغان ئادەملەردىن خەســەن باي چانىشــۇ بىلەن ھەيدەر مۇئەللىمنىڭ ئوغلى رۇستەمنىڭ ئۆلۈكنى چىقىرىپ بەرگەندىن باشــقا ئادەملەر نەدە؟ ۋە قانداق ئۆلتۈرۈلگىنىنى ھىچكىم بىلمەيتتى. خەلقنىڭ قولغــا ئىلىنغان ئادەملەر ئۈســتىدە ھىچقانداق مەلۇماتى بولمىغانلىقتىن «شىڭ يەپ كەتتى» دەپ سۆزلىشەتتى.

تۇرمىنىــڭ ئۆزىدە ئادەملەرنىڭ بىشــىغا تاغــار كىيگۈزۈپ قاتار تىزىپ قويۇپ بىرنى تاشــلاپ بىرنــى ئاتقاندا مىلتىقنىــڭ ئاۋازىدىن ئۆزىگە ئوق تەگمىسىمۇ يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلۈپ تىرىلگەندەك ئۆزىنى يوقاتقان ھالــدا ئورۇنلىرىدىن ئاران تۇرالىغان تەلغەت موســابايىنىڭ قاتارىدا تۇرغان ئادەمنىڭ بىشــدىن تاغارنــى ئالغاندا تىخى ئوتتۇز ياشقا كەلمىگەن ياش يىگىتنىڭ چاچ - ساقال، قاشلىرى ئاقىرىپ بىر مىنۇتنىڭ ئىچىدە بوۋايغا ئايلىنىپ قالغان قىياپىتىنى كۆرگەن ھەممە ئادەم چۆچۈپ «ســەن باشقا ئادەم بولۇپ قاپســەنغۇ» دەپ ھەيران بولۇشــتى، دەپ تەلغەت موسابايوف تاغامغا سۆزلەپ بەرگەن ئىكەن.

شىڭسىسەي قاچقاندىن كېيىن ئۆلتۈرۈشكە ئۈلگۈرمىگەنلەر تۈرمىدىن ئامان چىققان ئىكەن. شىڭسىسەي غايىبلىغاق، ھەزىرەت، ھەيدەر مۇئەللىم قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئوقۇتقۇچى ۋە مەكتەپ مۇدىرلىرىنى قولغا ئېلىپ يوقاتتى. مەكتەپلەر ئامالسىز يېپىلدى.

ئەمدى زىننەتتۇللا مۇئەللىم ۋە مەريەم بىكە ئابىستاينىڭ چوڭ ئوغلى مىدىخەتنى شىڭسىسەي دەۋرىدە ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇلار ئۈرۈمچى شەھىرىدە تۇرغۇسى كەلمەي غۇلجا شەھىرىگە كۆچۈپ كەتتى. ئۇلار ئۇ يەردىمۇ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ بالىلارنى تەربىيەلەپ ئوقۇتۇش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئەلگە تونۇلدى.

يىللار ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ بالىلىرى چوڭ بولۇپ، ئوقۇپ تەربىيەلىك چىرايلىق بالىلار بولۇپ يېتىشتى.

ئۇلارنىڭ كىچىك ئوغلى جەۋدەت قەددى - قامىتى قاملاشقان گەۋدىلىك ئېگىز بويلۇق ساغلام يىگىت بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلدى.

جەۋدەتنىڭ ئاپئاق يۈزىدە يوغان چىرايلىق قارا كۆزى ۋە قاراقاش، دولقۇن قارا چاچلىرى ئۇنى تېخىمۇ گۈزەل كۆرسەتتى. ئۇنىڭ تەبىئىتى ھەممىدىن گۈزەل ئىدى. ئۇ تەربىيەلىك، ئەقىللىق ھەم يۇمشاق كۆڭۈللۈك يىگىت بولدى. ئادەملەر ئارىسىدا يۈرگەندە كىشىلەرنىڭ كۆزىگە بىرىنچى بولۇپ ئۇ كۆرۈنەتتى. زىننەتتۇللا مۇئەللىم بىلەن مەريەم بىكە ئابىستاي بالىلىرى بىلەن كۆڭۈللۈك ياشاپ، مىدىخەتنىڭ قايغۇسىنىمۇ بۇ بالىلار باسقاندەك بولدى.

بىر كۈنى جەۋدەت كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن خۇشال قايتىپ كەلدى. زىننەتتۇللا مۇئەللىم ئوغلىنىڭ خۇشاللىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي ئوغلىنىڭ يۈزىگە سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ قالدى. جەۋدەت

ئەتــى (دادا) يېقىندا ۋەتەنىنىڭ ئازادلىقى ئۈچــۈن ئۇرۇش ئاچىدىغان بولدۇق. مېنىڭ بارلىق دوستلىرىم، ساۋاقداشلىرىم ھەممىسى ئۇرۇشقا قاتنىشــىش ئۈچۈن تىزىملاندى. مەنمۇ تىزىملاندىم. بىلەمسەن پۈتۈن تاتــار بالىلىرى، قازاق، ئۇيغۇر ياشــلىرى ھەممىمىــز ۋەتەن ئازادلىقى ئۈچۈن جەڭ قىلىدىغان بولدۇق. بۈگۈندىن باشــلاپ مەشىق قىلىشقا باشلىدۇق.

ئەتى (دادا) بىلەمســەن مېنىڭ قارغا ئېلىپ ئاتقان ئوقلىرىم بىرمۇ زايــا كەتمەي قارغــا ئاتالىدىم. بىزگــە ھەممە ئــۇرۇش قوراللىرىنى ئىشلىتىشكە ئۆگەتتى. بىز ئۇرۇش باشلانغىچە كۈندە مەشىق قىلىدىغان بولــدۇق. بىزگە ئەتە ھەربىي فورما كىيىملىرىنى تارقىتىدىغان بولدى، دەپ جەۋدەت چوڭ ئادەم بولۇپ، بىر ۋەزىپىنى ئۈســتىگە ئالغاندەك مەغرۇر ھالدا ســۆزلەپ كەتتى. زىننەتتۇللا مۇئەللىمنىڭ كۆڭلىگە بىر قورقۇنچ چۈشكەندەك، ئوغلى ئۇرۇشتىن قايتىپ كېلەلمەي ئوغلىدىن ئايرىلىدىغان ئېغىر قايغۇ يۈرىكىنى مۇجىدى. ئۇ ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ:

- ياخشى بوپتۇ ئوغلۇم، ئۇلۇغ سەپەرگە ئاتلانماقچى بولۇپسىلەر، ئاللاھ سىلەرگە يار بولسۇن، ئۆزى سىلەرنى ساقلىسۇن دېسىمۇ ئۇنىڭ كۆزىدە ياش ئەگىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ جەۋدەت:

ئەتى! ســەن يىغلاۋاتامســەن؟ ســەن ئــۆزۈڭ دەرس ئۆتكەندە «ۋەتەننى، خەلقنى سۆيۈش كېرەك، لازىم بولسا جېنىڭنىمۇ ئايىما» دەپ تەلىم بەرگەنتىڭ، بۈگۈن پۈتۈن ئوقۇغۇچىلار ســېنىڭ شــۇ سۆزۈڭنى تەكرارلاپ تىزىملاندى. سەن بۈگۈن يىغلاۋاتىسەنغۇ دېدى.

زىننەتتۇللا مۇئەللىم «مەن سېنىڭ ئاتاڭمەن، سېنىڭ بۇ روھىڭدىن تەسىرلىنىۋاتىمەن، كېرەك بولسا مەنمۇ جەڭگە كىرىمەن» دېدى.

جەۋدەت خۇشـــاللىقىدىن دادىسىنى قۇچاقلاپ رەھمەت دادا، بىز سىــىڭىنىڭ تەلىمىڭنى يەردە قويمايمىز، ۋەتەننى ئازاد قىلمىغىچە جەڭ مەيدانىدىن قايتمايمىز، دېدى.

دېگەندەك كۆپ كېچىكمەســتىن «ۋەتەننى ئازاد قىلىش» ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئۇرۇشـــى باشـــلاندى. ياشـــلار ھەربىي فورمىنى كىيىپ كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن جەڭ مەيدانىغا ئاتلاندى. ئۇلار بۈگۈن ئىنتايىن چىرايلىق كۆرۈنەتتى. پۈتۈن شـــەھەر قوزغالدى. كوچىلارغا سىغماي تۇرغـــان خەلق ئۇلارنى جەڭگـــە ئۇزىتىپ دۇئالار ئوقـــۇپ ئاللاھتىن ئۇلارغا تىلەكلەر تىلەپ، ئاللاھقا تاپشۇرۇپ قالدى. «ئۇتۇق، غەلىبىلەر بىلەن دۈشمەننى يېڭىپ قايتىڭلار!» دەپ ئۇزاتتى.

جەڭ مەيدانىدا جـــىددىي ئۇرۇش باشـــلاندى. ئىككى تەرەپتىن ئېتىلغـــان ئوقلار بىلەن جەڭ مەيدانى قورقۇنچ، شـــىددەتلىك بولۇپ كەتتى. كۈتۈلمىگەندە دۈشـــمەن تەرەپتىن ئېتىلغـــان بىرىنچى ئوقتا جەۋدەت قۇربان بولدى.

ئۇرۇش مەيداننى كۆرمىگەن ياشلار جەۋدەتنىڭ قۇربان بولغىنىنى كۆرۈپ قاتتىق ھودۇقتى. جەۋدەتنىڭ دوســتلىرى «يولداشـــلار قانغا قـــان، جانغا جان ئالىمىز» دەپ تـــوۋلاپ جەڭ مەيدانىدا ھۇررا! دەپ دۈشـــمەن تەرەپكە ھۇجۇمغـــا ئۆتتى. ئـــۇرۇش مەيدانىدىن بىرىنچى شېھىد جەۋدەتنىڭ جەســـىتىنى ئېلىپ قايتقاندا خەلققە بەكمۇ ئېغىر قايغۇ بولۇپ بىلىندى. زىننەتتۇللا مۇئەللىم ئۆزىنى يوقاتقاندەك بولدى. ئازادلىق ئۇرۇشىدا بىرىنچى قۇربان بولۇپ قايتقان شېھىد بولغانلىقتىن جىنازا بـــەك چوڭ بولدى. غۇلجـــا خەلقى قوپۇرۇلـــۇپ كەتكەندەك بولـــدى. جىنازە يەرلەنگەندىن كېيـــن زىننەتتۇللا مۇئەللىم ئوغلىنى قۇچاقلىغاندەك ئۇنىڭ قەبرىســـىنى قۇچاقلاپ يۈرەك ئوتىنى بېسىش

ئۇچۇن مۇزدەك يەرگە گەۋدىسىنى قويۇپ ئولتۇردى.

دۇنيادا ئاتا – ئانا ئۇچۇن بالىلىرىنىڭ قايغۇسىدەك ئېغىر نەرسە بارمۇ؟ ئىككى ئوغلىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئۇنىڭ ئۇچۇن بەكمۇ ئېغىر كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن زىننەتتۇللا مۇئەللىم كۆپ ئۇزۇن ياشماستىن ۋاپات بولۇپ، غۇلجا شەھرىدە ئوغلىنىڭ يېنىدا ياتتى. مەريەم بىكە ئابىستاي ئەللىك نەچچىنچى يىلى «سىيلىنا» بىلەن قازاقىستانغا كېتىپ ئالمائاتا شەھرىدە ياشاپ، ئالمائاتا شەھرىدە ئۆلگەنلىكىنى ۋە قىزلىرى، نەۋرىلىرى شۇ ئالمائاتا شەھرىدە ياشىغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

40 – يىلى 3 – ئۆكتەبىر، هاۋا سوغۇق، شىۋىرغان چىقىپ دەرەخلەردىكى ئاخىرقى قالغان يوپۇرماقلارنى ئۇچۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئاچچىق ئاۋازى بىلەن هۇۋلايتتى. يامغۇر ئارىلاش قار يېغىپ پۈتۈن ئەتراپ پاتقاق بولۇپ مىچىلداپ مېڭىش بەكمۇ تەسلەشتى. ئادەملەر ئاۋايلاپ ماڭسىمۇ، پاتقاقتا تېيىلىپ كىيىملىرىنى لاي قىلىپ خاپا بولۇشاتتى. كوچىلار بوش، كىشىلەر سوغۇقتىن قېچىپ تالاغا چىقمىغان بولسا كېرەك. ئەتراپ شۇنچىلىك كۆڭۈلسىز ئىدى. ئادەمنىڭ ئۆت قالاپ ئىسسىق ئۆيدە ئولتۇرغۇسى كېلەتتى. مانا شۇ پەيتتە ئاپام تۇغۇتنىڭ ئاچچىق ئازابى ئىچىدە قىينىلىۋاتاتتى. ئۇ دەۋردە پۈتۈن ئاياللار دوختۇرخانا يوق ئۆيدە تۇغۇتنى قوبۇل قىلىپ قىينىلىپ، بەزىلىرى دوختۇر ياردەمسىز دۇنيادىن كېتەتتى. شۇنىڭدەك ئاپامۇ ئۆيدە تۆت ئايال تۇغۇت قوبۇل قىلىش ئۇچۇن كېلىپ، تۇغۇتقا ياردەم دەپ ئاپامنىڭ قورسىقىنى بېسىپ ئۇنى تېخىمۇ قىينايتتى. (تۇغۇتتىن كېيىن شۇ سەۋەبتىن ئاپام ئۆمۈر بويى ئاشقازان كېسىلى بىلەن ئازابلىنىپ ياشىدى).

قىرىشــقاندەك دەل شــۇ كۈنى تاغدىن سۇقۇم ئۈچۈن ھەم بازارغا چىقىرىپ ســېتىش ئۈچۈن ماللار كەلدى. ھويلىغــا كەلگەن قوي – كالىلار مەرەپ – مۆدەپ، يايلاقتا ئۆگەنگەن جانىۋارلار شــەھەرنى يات كۆرۈپ قىچىپ ئاۋارىچىلىق چىقاردى. ماللارنىڭ ئاياغ ئاســتىدا چەيلەنگــەن ھويلىنىڭ ھەممــە تەرىپى پاتقاققــا ئايلاندى. ئۇلارنى ئورۇنلاشــتۇرۇپ، مالچىلارغا تاماق بېرىۋاتقــان ئالدىراش بىر پەيتتە مەن دۇنياغا كەلدىم. ھاياتنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىقىنى سەزگەن بوۋاق قورققىنىدىن چىقراپ يىغلاشــقا باشلىدى. بوۋاقنىڭ دۇنياغا كەلگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر خۇشال بولۇپ، بارلىق تۇغقان – تونۇشلارغا «خۇش خەۋەر»، «سۈيۈنچى» ئېيتىشتى.

تۇغۇتنىڭ ئاچچىــق ئازابىنى چەككەن ئاپام يــۈز – كۆزلىرىدىن مۇنچــاق – مۇنچاق تەرلەر ئېقىپ تۇرســىمۇ بوۋاقنــى قولىغا ئېلىپ مېھرى – مۇھەببەت بىلەن بالىنى باغرىغا بېسىپ يۇمشاق يۈزلىرىدىن سۆيدى ھەم ئانا بولۇش ھاياجىنى بىلەن كۆزىدىكى ياشلار يۈزىدىكى تەرلەرگە قوشۇلۇپ ئاقتى، ئەمما ئۆزى كۈلەتتى.

مەن ئانا بولدۇممۇ دەپ ســورايتتى. باشــقىلار بىر قىزىڭ بولدى، مۇبارەك بولسۇن دەپ تەبرىكلەشتى.

بوۋاقنــى يۆيۈپ يۆگەككە ئالغاندىــن كېيىن ھەممە ئادەم قولدىن – قولغــا ئېلىپ پــۇراپ «نېمىدېگــەن چىرايلىق قىز» دەپ ســۆيۈپ يېڭى دۇنياغا كەلگەن مېھماننى باغرىغا باســاتتى. بوۋاق بولســا ئۇلار بىلەن تونۇشــماقچى بولغاندەك بىر كۆزىنى يۇمۇپ بىر كۆزىنى ئېچىپ قارايتتى.

مەن ئىككى دوســتنى تۇغقانچىلىققا باغلىغان بىرىنچى نەۋرىسى

بولۇپ دۇنياغا كەلدىم.

دادام ئىبراھىم ۋەلىنىڭ كىچىك ئوغلى سالىخ ۋەلىنى ئاپام ئەخمەت نەجىپنىڭ ئۈچىنچى قىزى فاتىمە ساخى دادام بىلەن ئاپام تام قوشنا ھويلىدا تۇغۇلۇپ، بىللە ئويناپ چوڭ بولغان. ئۇلارنىڭ دەپ بەرگىنىگە قارىغاندا ئاپام تۆت ياشقا كەلگەندە دادام دەرۋازىغا كېلىپ «فاتىمە ئوينايمىز» دەپ تووۋلاپ ئېلىپ چىقىپ بىللە ئوينايدىكەن. ئاپام ئېتىكىدە توپا توشۇپ دادام لاي ياساپ (دادام ھويلىدا ئىشلەۋاتقان ياغاچ ئۇستىگە ئېتىپ سەرەڭگە قېپىدىن يوغانراق كېسەك قېلىپىنى ياساتقۇالغان ئىكەن) شۇ قېلىپ بىلەن كېسەك قويۇپ چىقىپ ئۇنى قۇرۇتۇپ شۇ كېسەكلەر بىلەن ئۆي سېلىپ ئاندىن ھويلا ياساش ئۈچۈن ئاپامنىڭ پۈتىدىكى بېتىنكە باغلىرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ ياغاچلارنى باغلاپ ھويلا ياساپ ئوينايدىكەن. ئاپام بولسا ئەتىگەن كىيىپ كەلگەن پاكىزە كىيىملىرى بەلگىچە لاي بولۇپ ھەم بېتىنكە باغلىرى يوق بەتىنكىسىنى پالاقلىتىپ سۆرەپ كىيىپ كەلگىنىنى كۆرگەن مومام:

- نېمىشقا بۇنداق كىيىملىرىڭنى پاسكىنا قىلدىڭ؟ دېسە ئاپام كۈلۈپ «بىز قىزىق ئويىندۇق، كېسەكلەر قويۇپ ئۆيلەر سالدۇق» دەپ ئىشلىگەن ئىشلىرىدىن ماختىنىپ خۇشال سۆزلەپ بەرگىنىنى كۆرگەن مومام بالىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتقىسى كەلمەي، يەنە قانداق ئويۇنلار ئوينىدىڭلار دەپ سورىدى. بۈگۈن سالىخ مېنى مۆرىسىگە دەسسىتىپ «تامدىكى تۆشۈككە قولۇڭنى تىقىپ ئىچىدىكى نەرسىنى ئال» دېدى. قولۇمنى تىقسام مىدىرلىغان يۇمشاق نەرسە بار ئىكەن، مەن قورقتۇم.

ئالمايمەن دېدىم.

سالىخ شۇنى قورقماي ئال دەيتتى.

مەن قورققاندىن چىرقىراپ كەتتىم. مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلاپ سالىخنىڭ ئاپىسى يۈگرەپ چىقىپ بىزلەرگە ئۇنىداق قىلماڭلار قۇشلارنىڭ بالىلىرىنى ئالساڭلار يامان بولىدۇ. بالىلىرى ئۆلۈپ قالسا ئۇلارنىڭ ئاپىلىرى يىغلايدۇ، ئۇگال ئەمەسمۇ؟ ئۇلارمۇ ياشاش كېرەك دەپ ئېيتتى. بىز ھەم بۇنىڭدىن كېيىن ئالمايمىز، دېدۇق دېدى. مومام دوستۇم توغرا دەيدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن قۇشلارغا ئازار بەرمەڭلار دېدى. دادام بىلەن ئاپام كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغانلىقتىن ئۇلار بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ ھايات بۇلارنى ئايرىلىپ كېتەلمەيدىغان دەرىجىدە يېقىنلاشتۇردى. ئاپام يەتتىنچى سىنىپنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئاپامنىڭ ئاتا – ئانىسى ئاپامغا:

- ئەمدى سەن چوڭ بولدۇڭ بالاغەتكە يەتتىڭ بۇرۇنقىدەك سالىخ بىلەن كۆرۈشۈپ بىر يەردە بىللە ئويناپ يۈرۈشۈشكە بولمايدۇ. بىر تەرەپتىن گۇناھ، يەنە بىر تەرەپتىن كىشىلەر كۆرسە سۆز بولىدۇ. بۇنى سەن ئۆزۈڭمۇ ياخشى بىلىسەن كوچىلارغا چىقىپ يۈرمە دېدى.

مانا شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىسىنىڭ بۇرۇنقىدەك كۈنىگە بىر – ئىككى مەرتىۋە بولسىمۇ كۆرۈشۈپ تۇرىدىغان پۇرسەت يوقالدى.

لېكىن ئۇلار بۇنىڭغىمۇ ئامال تاپتى. دادام ئۆگزىگە چىقىپ كىشىلەرگە كۆرۈنمەي ئاپامنىڭ تالاغا چىقىش پۇرسىتىنى كۈتۈپ ئۇلار يوشۇرۇن ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان بوپتۇ. مۇمكىن بولمىغاندا بوۋام ئەخمەت نەجىپنىڭ بېقىۋالغان ئوغلى ئىبراھىم بۇلارنىڭ يازغان خەتلىرىنى ئوتتۇرىدا توشۇپ بەرگەن ئىكەن. ئاتا – ئانىلارمۇ ھېچ قارشىلىقسىز ئۇلارنىڭ تويىنى قىلىپ ئۆيلەنگەنلىكىنى بىزلەرگە سۆزلەپ بەردى ۋە بىزنىڭ ناخشىمىز دەپ:

يارىم بىلەن ئىككەيلەن،

بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان.
باشتا ۋەدىمىز شۇنداق،
ئايرىلماسقا دوست بولغان.

دېگەن ئۇيغۇرچە ناخشــىنى ئېيتىپ بېرەتتى. قولىغا مۇزىكا ئالسا بىرىنچى بولۇپ مۇشۇ ناخشىنى ئېيتاتتى.

بــوۋاق تۇغۇلــۇپ ئۈچ كۈندىــن كېيىن يوغان ئــۈچ ئېغىز ئۆينى توشــقۇزۇپ مېھمــان چاقىرىپ بوۋاققا ئىســم قويــۇش «ئات تويى» ئۆتكۈزۈلدى.

ئاپام ماڭا هامىلــدار ۋاقتىدا ئۆيىنىڭ ئىشــك ئالدىدىكى يوغان دەرەخكە بىر ئاق بۈركۈت كېلىپ قونۇپ، ئاندىن ئۇ بۈركۈت يولۋاســقا ئايلىنىــپ ئۇلارنىڭ ئۆيىگــە كىرىپ كېتىپ چۈش كــۆرۈپ، چۆچۈپ ئويغىنىدۇ. بۇ چۈشــنى ئاڭلىغاندا دادام بۇ بىر مۆجىزە چۈش ئىكەن. بۇنىڭغا قارىغاندا ئالالاھ تەئالا بىزگە باتۇر ئوغۇل بېرىدىغان ئوخشايدۇ. بۈركۈت ئۇچار قۇشــلارنىڭ ئىچىدىكى باتۇر، كۈچلۈك قۇش، يولۋاس يەردە ياشــايدىغان هايۋانلارنىڭ باتۇرى. بۇ بىر ياخشى بىشارەتتىنكى چۈش. چوقۇم ئوغلىمىز بولىدۇ دەپ ئويلايمەن دېدى. ئۇلار خۇشــال بولۇشتى. ئوغلىغا قويىدىغان ئاتنى ئويلاشتى. ئەڭ ئاخىرىدا ئاپامنىڭ ئىســمىنىڭ باش تەرىپىدىكى ئىككى هەرىپنى دادامنىڭ ئىســمىنىڭ كەينىدىكــى ئىككى هەرىپنى ئېلىپ «فاتىخ» بولســۇن دەپ ئىســم تەييارلاپ قويدى. شۇنىڭدەك بوۋاق ئۈچۈن پەقەت ئوغۇل بالىغا لازىم بولغان نەرسىلەردىن ئېلىپ هازىرلاندى. لېكىن بوۋاق ئوغۇل ئەمەس، قىز بولۇپ دۇنياغا كەلدى. ئاپام بۇ قانداق بولغىنى بىز ئوغۇل كۈتتۈق بىراق قىز بولدى. چۈشۈمدىكى كۆرگەنلىرىم نېمە بولدى دەپ هەيران بولدى. دادام ئالالاھقا شــۈكرى قىزىمىز بولدى. قىزىمىنىڭ ئىســمىنى

مەن قوياي، ئىسمىنى سۈيۈنگۈل قويايلى، ئۇ پۈتۈن ئۆمرى ئىچىدە كۆڭلى سۆيۈنۈپ (خۇشال) ياشىسۇن دەپ مېنىڭ ئىسمىمنى سۈيۈنگۈل بولسۇن دېدى. تاتار تىلىدا «گۈل» دېگەن سۆز ھەر ۋاقىت، دائىم دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئات تويدا بوۋاقنى كۆتۈرۈپ شاكىر ئىمامنىڭ قولىغا بەرگەندە ئىمام قىزىمىزنىڭ ئىسمى كىم بولىدى؟ دەپ دادامغا قارىغاندا دادام سۈيۈنگۈل دەپ ئېيتسا شاكىر ھەزرەت بىلەلمەي دادامغا مەن نەدىن بىلەي، ئۆزۈڭ ئېيتساڭچۇ دەپ دادامدىن سوراپتۇ. ئۇ ۋاقىتتا ئۇرۇمچىدە سۈيۈنگۈل ئىسىم قويۇلۇپ كۆرۈلمىگەن ئىكەن. ئىمام سۈيۈنگۈل دېگەن سۆزنى سىن بىل (سەن بىل) دەپ ئاڭلاپ كۈلۈشكەن ئىكەن. ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىسىم تاللاپسىلەر بۇ ئىسىم ئارقىلىق بالىغا تىلەك – تىلىنىدىكەن، بەختى بولسۇن دەپ ھەممە ئادەم دۇئا قىلىپ ئىسىم تويى كۆڭۈللۈك ئۆتكەن ئىكەن.

## تاتارىستاندىن كەلگەن خەت

ئەخمەت نەجىپ ئۇزۇن يىللار ئائىلىسى بىلەن خەۋەرلىشەلمەي يۈرەتتى. ئۇ پوچتىدىن بىر خەت ئالدى.

ئەخمەت خۇشاللىقىدىن خەتنى ئاچماستىن كۆزلىرىدىن ياشلار تۆكۈلۈپ، خەتنى پۈراپ باغرىغا بېسىپ كەتتى. خۇددى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشكەندەك ھېسسىياتتا بولۇپ كۆڭلى بۇزۇلدى. ساجىدەمۇ ئالدىراپ ئەخمەت خەتنى ئاچساڭچۇ؟ دەپ ھاياجان ئىچىدە خەۋەر كۈتەتتى.

خەتنى ئېچىپ ئەخمەت ئوقۇشقا باشلىدى. خەتتە چوڭ ئۇكىسى

نەقىبنى ئائىلىسى بىلەن سىبىرگە سۈرگۈن قىلغانلىقى ۋە رەقىپ، رەئۇف دېگەن ئۇكىلىرىنى سالداتقا ئېلىپ كېتىپ سوقۇشتا ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاتقان قارا خەتنى ئالغانلىقىنى يېزىپتۇ ھەم ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئوغۇللىرى سوقۇشقا كېتىپ قايتالماستىن قايغۇلۇق خەۋەرنىڭ كەلگەنلىكىنى يازغان ھەمدە ئۇلار ياشىغان ئارپاياز - كوكمارا ئەتراپىدىكى ئاۋۇللار (يېزا)دىن نۇرغۇن ئائىلىلىكلەرنى سۈرگۈن قىلىپ سىبىرىيىگە ئەۋەتىپ، شۇ يەردىكى يەرلىك خەلق ھەم مۇڭغۇللارنىڭ ئارىسىغا بىر ياكى ئىككى ئائىلە قىلىپ بولۇپ تارقىتىۋەتكەنلىكىنى، شۇنداقلا بۇ كەتكەن ئائىلىلىكلەرنىڭ ئورنىغا رۇس ئائىلىلىكلەرنى كۆچۈرۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشتۇرغانلىقىنى يېزىپتۇ.

يەنە ئۇ خېتىدە ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ياندۇرغان ئېغىر ھەسرەت پۈتۈن ئاۋۇللاردىن 17 ياشتىن 70 ياشقىچە بولغان بارلىق ئەرلەرنى ئۇرۇشقا ئېلىپ كېتىپ ئۇلارنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كېلىپ ئەتراپ ماتەم قايغۇسىغا چۆمگەنلىك ھەققىدە يېزىپتۇ. قىسقىسى، پۈتۈن خەلق قايغۇلار ئىچىدە ئوتتا يانغاندەك ئېغىر ھاياتىدا ياشاۋاتىدۇ. بارلىق سانائەت، زاۋۇت، يېزا ئىگىلىك بىچارە ئاياللارنىڭ قولىغا قالدى.

شۇ ئېغىر كۈنلەردە بىچارە ئاياللار ئىشلەپچىقىرىشنى ئاخساتماي كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەپ كېتىپ بارىدۇ، دەپ كۆز ياشلىرى بىلەن داغلانغان خەتنى ئوقۇپ ئەخمەت نەجىپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. ساجىدەمۇ ئەخمەت بىلەن تەڭ يىغلاپ ئۆينىڭ ئىچى ماتەم قايغۇسى بىلەن كۆڭۈلسىز بولۇپ قالدى. ئەخمەت نەجىپ ئۆزىنى توختىتىپ خەتنى ئېلىپ «مەن كانتورغا بېرىپ كېچىكمەي قايتىمەن» دەپ چىقىپ كەتتى.

ئەخمەت كانتورغا بارغان ئىدى. ئۇ يەردە ئادەملەر يوق. ئىش بىلەن

ســـىرتقا چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەخمەت ئابدۇللا «پارتـــۋي» (كىيىم تىككۈچى)نىڭ دۇكىنىغا بـــاردى. دۇكاندا بىرقانچە كىشـــىلەر كىلىپ ئۆزئارا ئاڭلىغان خەۋەرلىرى ئۈســـتىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار «ئەخمەت نەجىپ كەل» دەپ سالاملىشـــىپ بولۇپ، نېمە بولدى بەك كۆڭۈلســـىز كۆرۈنىســـەن بىر ئىـــش بولدىمۇ، دەپ سوراشتى.

خەتتىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلارمۇ بەك كۆڭۈلسىز بولدى.

ئابدۇللا پارتۋي (3 – دوختۇرخانىدىكى رەقىپ دوختۇرنىڭ دادىسى بولۇپ، بۇ ئادەم ئۇستا تىككۈچى، ئۇ بىرىنچى بولۇپ كاستۇم تىكىشنى ئېلىپ كەلگەن ئادەم، ئۇنىڭغا ئوخشاش ھېچكىم كاستۇم تىكەلمەيتتى) ئۇنىڭ تىككەن كىيىملىرىنى كىشىلەر ياخشى كۆرۈپ كىيەتتى. ئابدۇللا پارتۋي قولىدا تىكىپ ئولتۇرغان كاســـتۇمنى بىر چەتكە ئېلىپ قويۇپ شۇنداق جىددى قىياپەتتە «ئېھ بىزنىڭ يۇرتلارغا نېمە بولۇپ كەتكەندۇ، بۇنىڭغـــا قارىغاندا بۇ ئەھۋاللار بىزنىڭ يەرلىرىمىزدىمۇ بولدى دېگىن، كىملەر ئۆلـــۈپ، كىملەر قالدىكىن بىچـــارە خەلقىمىزگە بىر تىنچلىق بولمىدىغۇ، دەپ تاماكىســـىنى ئېلىپ تۇتاشتۇردى. ئەخمەت نەجىپ، قالدى دېگەن سۆز يوق، كەتكەنلەردىن قايتىپ كەلدى دېگەن خەۋەر يوق دېدى.

مۇبارەكشـــەباباي: دەرتلىنىپ تـــۆت يۈز يىلدىـــن بۇيان بىزنىڭ خەلقىنىڭ بېشـــىغا كەلمىگەن كۈن قالمىدى. قەيەردە ئۇرۇش بولســـا خەلقىمىزنى ئۇرۇشـــقا ئېلىپ بېرىپ ئۆلتۈرۈپ يوق قىلدى. قىزلىرىمىز پۈتۈن ئۆمرىنى يالغۇز ياشـــاپ ئۆتكۈزدى. ياۋۇز ئىۋان مەملىكىتىمىزنى باستۇرۇۋالغاندىن كېيىن، خەلقىمىزنىڭ ئىنسانى ھوقۇقىنى دەپسەندە

قىلىپ ئۆزى خالىغانچە باشقۇردى. خەلقلەرنى مەجبۇرى چوقۇندۇرۇپ ھەر بىر ئۆيگە كىرىس تاختاي بىلەن ئىيسا پەيغەمبەرنىڭ سۈرىتى دەپ ھەيكەللەر تارقاتتى. «ئۇستەل ئۇستىگە تىزىپ قويۇپ شۇنىڭغا ئىبادەت قىلىپ چوقۇنىسىلەر» دەپ ئۇقتۇردى. رۇس پاپازى كېلىپ نىكاھ ئوقۇمىسا ئىمامنىڭ ئوقۇغان نىكاھىنى «قانۇنسىز» دەپ بىرقانچە بالىلىرى بولسىمۇ ئۇلارنى مەجبۇرى ئاجرىتىپ ۋە باشقا بىرسىگە نىكاھ قىلىپ قوشۇپ قويدى. نىكاھلار ئىنسانلارنىڭ تىلەكلىرى بويىچە بولماستىن، ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشى بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. نېمىدېگەن ئېغىر زامانلار بولغان ئىكەن دېگىنە، ھەتتا بىزنىڭ چىرايلىق قىزلىرىمىزنى رۇسلارغا نىكاھلاپ قوشتى.

ئادەملەر ئۆلسە ئىمامنىڭ جىنازە ئوقۇشىغا رۇخسەت يوق، رۇس پاپازى كېلىپ چوقۇندۇرۇپ جەسەتنىڭ مەيدىسىگە كىرىس بەلگىسىنى قويۇپ كۆمۈش كېرەك دەپ ئۇقتۇردى، ئەگەر ئۇلار دېگەندەك كۆمۈلمىسە جەسەتنى قايتا چىقىرىپ چوقۇندۇرۇپ كىرىسلارنى قويۇپ كۆمدى. بەزى ئورۇنلاردا كىرىستىن تامغا ياساپ قىزدۇرۇپ كىشلەرنىڭ كۆكسىگە تامغا قىلىپ باساتتى دېدى. پىيماكات ۋافىت ئابىزى سۆزگە قوشۇلۇپ:

بىزنىڭ خەلقىمىز دۇنيادا ھېچكىم كۆرمىگەن كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. ھايۋان ئورنىدا خار بولۇپ ياشىدى. بىچارە ئاتا – بوۋىلىرىمىز كۈننىڭ يۈزىنى كۆرمەي دۇنيادىن كەتتى، دەپ كۆزىگە ياش ئالدى. غىلمان ئوتتۇرا بويلۇق ئاق سېرىق ، قوي كۆزلۈك ئادەم بولۇپ، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۇنىڭ چىرايىدىن ئۈمىد ۋە خاتىرجەملىك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا قارىغاندا ئادەمنىڭ كۆڭلى تىنچلىنىپ قالاتتى. ئۇ سۆزگە قوشۇلۇپ:

- شـــۇنداقتىمۇ بىزنىـــڭ خەلق ئۆزىنى يوقاتمـــدى. ھەركىم ئۆز ئۆيىنىڭ تاختاي ئاســـتىنى كولاپ ئۆي ياســـاپ چىقىپ شۇ ئۆيلەردە يوشـــۇرۇن نامازلىرىنى ئوقۇپ ۋە شـــۇ ئۆيلەرنى مەكتەپ ئورنى قىلىپ باللارنى يوشۇرۇن ئوقۇتۇپ، تەربىيەلەپ كەلدى. پاپازلار كىشلەرنى تەكشـــۈرگىلى كەلگەنـــدە خەلقنىـــڭ خەۋەرچىلـــرى ئالدىـــن ئات چاپتۇرۇپ «رۇس پاپازلـــرى كېلىۋاتىدۇ» دەپ خەۋەر يەتكۈزگەندىن كېيىن، كىشلەر كۆمۈرخانىغا چىقىرىپ قويغان كىرىس ۋە ھەيكىللىنى چاققانلىق بىلەن ئېلىپ چىقىپ ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ ئۆلگۈرەتتى. ئـــۇ ۋاقىتدا ئادەملەر ئىنتايىن ئېھتىياق ھەم ھۇشـــيار بولۇپ ياشـــاپ كەلگەن ئىكەن دېدى.

بىزنىڭ كورچى ئاۋۇلدا (قوشنا يېزىدا) شۇنداق بىر ۋەقە يۈز بەرگەن ئىدى. ھۆكۈمەتنىڭ ئادەملىرى كېلىپ خەلققە «ئۆلۈكلىرىڭىزنى پوپىسىز كۆمۈشكە قەتئىي رۇخسەت يوق، ئەگەردە كىمدە – كىم بۇ ئۇقتۇرۇشقا بويسـۇنمايدىكەن، قانـــۇن بويىچە ئېغىر چـــارە كۆرىمىز ۋە جەرىمانە تۆلەيـــدۇ» دەپ ئۇقتۇرۇش قىلدى ۋە خەلقتىـــن ئاڭلىدىڭلارمۇ دەپ ھەيۋە بىلەن ســـورىغاندا خەلق «بولىدۇ بىز شـــۇنداق قىلىمىز» دەپ قوبۇل قىلىپتۇ.

ئۇقتۇرۇشـــتىن كېيىن ئۆلگەن ئادەمنى يەرلەش ئۈچۈن جىنازىنى ئوقۇغۇلـــى كەلگەن پوپنى ئۆلۈك بىلەن بىللە چىقىرىپ تۇرۇپ «قانۇن شـــۇنداق ســـىنمو بىللە كۆمۈش كېرەك» دەپ كۆمگەن ئىكەن. بۇنى يۇقىرىدىكى ئىش باشـــقۇرۇپ تۇرغان ھۆكۈمـــەت ئادەملىرى ئاڭلاپ بـــۇ قانداق ئىش؟! كىم قىلدى؟ دەپ خەلققە ۋارقىراپ بېســـم قىلىپ ئادەملەرنى قىســـتىغاندا جامائەت «تەخســـر ئۆتكەنـــدە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ «ئۆلۈكلىرىڭىزنى پوپىسىز كۆممەڭلار» دەپ ئېلان قىلغاندىن

كېيىن، بىز شــۇ بۇيرۇققا ئاساســەن ئۆلۈكىمىزنى پــوپ بىلەن بىللە كۆمــدۇق. قانۇننى بۇزۇشــقا بىزنىــڭ ھەققىمىز يــوق» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ھۆكۈمەت ئادەملىرى ئۆزئارا غۇلغۇلا قىلىشــىپ بىرەر ســائەتتىن كېيىن، خەلققە «بۇنىڭدىن كېيىــن بۇنداق ئىش يۈز بېرىلىدىكەن ئۇ ئادەملەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ» دەپ كىشىلەرنى قورقۇتۇپ پوپوزا قىلىپ كېتىپتۇ. شــۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يېزىغــا جىنازا ئوقۇش ئۈچۈن پوپلار قورقۇپ كەلمەس بوپتۇ دەپ كۈلۈشتى.

مانا شــۇ ۋاقىتــلاردا ھەممە جايــلاردا مەســجىدلەرنى بۇزۇپ مۇنارلىرىنــى يىقتى. بۇ خەلق ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش بولۇپ، خەلقنىڭ يۈرىكى پارچىلاندى. كىشــىلەر كۆزياشلىرىنى تۆكۈپ مەسجىد بىلەن خوشلاشتى. بىزنىڭ يېزىدىكى چوڭ مەسجىدنىڭ مۇنارىسىنى  بۇزغاندا مېنىڭ بوۋام شۇ مەيداندا ۋاپات بولدى. ئۇ تېخى ئەللىك ئالتە ياشتا، ساغلام ئادەم ئىدى. بۇ ئىشلارنى ئۇنىڭ يۈرىكى كۆتۈرەلمىدى.

بــۇ ھەرىكەت بىلــەن يېزىلاردا بىرمۇ مەســجىد قالمىدى. قازان شــەھرىدە شــۇنچە جىق مەســجىدلەردىن بىر قانچىسى ساقلىنىپ قالدى. لېكىن ئۇ مەسجىدلەردىمۇ ناماز قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمىدى، دېدى.

ھۈسەيىن ئابىزىمۇ ســۆزگە قوشــۇلۇپ ھەممىدىن ئېچىنارلىقى ئاتمىش مىليون تاتاردىن ھازىر ئالتە مىليون خەلققە چۈشۈپ قالدى. شۇنداق چوڭ بايلىققا ئىگە كەڭ يېزىمىزنى پارچىلاپ رۇس ئۆلكىلىرىگە قوشــۇپ بــەردى. بىر ئۇۋۇچــى قازاقىســتانغا چېگرا بولغــان گۈزەل يېزىمىزنى پارچىلاپ پەقەت قازان شەھىرى ئەتراپىدىكى ئالقاندەك بىر

پارچە يەر قالــدى. خەلقىمىزنى قوغلاپ مەجبۇرى چوقۇندۇرۇپ، يەر، سـۇ، ئۆيلىرىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، بىزنىـڭ خەلقىمىز چېگراداش مەملىكەتلەرگە ۋە باشقا ئۆلكىلەرگە كېتىشكە مەجبۇر قالدى. بىچارە خەلقىمىز ئافغانىستان، پاكىستان، فىللاندىيە، خىتاي، كورىيە، ياپون، شــەرقىي تۈركىســتان ھەتتا ئەرەبىســتان، ئامېرىكا قىتئەلىرىگىچە كەتتــى. ئۇ يەرلــەردە كۆپلىگەن قىيىنچىلىقلارغــا ۋە بەزى ئورۇنلاردا قىرغىنچىلىقلارغا ئۇچراپ ۋەيران بولدى.

رۇس ھۆكۈمىتى خەلقىمىزنى «سىلەر تۈركىي مىللەت، سىلەرنىڭ يېرىــڭلار تۈركىيە، تۈركىيەگە كېتىــڭلار» دەپ قوغلىغاندا خەلقىمىز كېتىشكە مەجبۇر قالدى. نۇرغۇن ئائىلىلەر تۈركىيەگە كەتتى. شۇنىڭ بىلــەن چەتكە كەتكــەن بارلىق خەلقىمىز ئۆز تىلىنــى ۋە مىللىتىنى يوقاتتــى. نېمىدېگەن ئېغىر ئەھۋاللار، ئويلىســاڭ يۈرىكىڭ ئاغرىيدۇ، دەپ ھۆســەيىن ئابىــزى كۆزىگە ياش ئالدى. ئەختــەم غەلى ئابىزى سۆزىنىڭ ئاخىرىنى تولۇقلاپ:

- مانا شــۇ ۋاقىتدا ئابدۇللا توقاي «كەتمەيمىز» دېگەن شېئىرىنى يېزىپ چىققاندىن كېيىن خەلق «ھېچ يەرگە كەتمەيمىز، ۋەتەن بىزنىڭ، بىز ئۆز يېرىمىزدە ياشايمىز» دەپ كېتىشتىن توختىدى، دېدى.

غەليوللا ئابىزى توغرا ســۆزلۈك، كەسكىن ئادەم ئىدى. بولۇنغا بۇ سۆزلەر ئۇنى تەسىرلەندۈرۈپ ھاياجانغا سالغاندەك جىددى قىياپەتتە ئورۇندۇقنــى ئاچچىق بىلەن تاراقلىتىپ يۆتكــەپ بېرىپ ئولتۇردى. بىلەمىسلەر ھەممىدىن يامان بولغىنى شۇ كوممۇنىزىم – سوتسىيالىزىم سىياسەتلىرىنىڭ كىرىپ كېلىشى بولدى. بەش يۈز يىل خەلققە بېسىم ئىشــلىتىپ ئەمەلگە ئاشــۇرالمىغان ئىشــنى كوممۇنىزىم سىياستى ئەمەلگە ئاشــۇردى. كوممۇنىزىم بىلن دىن يوقالدى، خەلق دىنىســىز

قالدى. بۇ بىزنىڭ ئۈچۈن چوڭ قورقۇنچلۇق ئەھۋال بولدى.

مىللى «تاتار تىل» مەكتەپلىرىمىز يوقالدى، پۈتۈن بالىلار رۇس مەكتەپلىرىدە ئوقۇشقا مەجبۇر قالدى. كىچىك يېشى تۇغۇلغان بالىلىرىمىز «بالىلار باغچىلىرى»دا ھارام - ھالال يەپ ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى بىلمەي رۇس تىلى بىلەن چوڭ بولدى. تاتار تىلى بىلەن سۆزلەش چەكلەندى. ئەگەر بىرەر ئادەم تاتار تىلى بىلەن سۆزلەشسە، ھەر تەرەپتىن ھاقارەت تىللار بىلەن ۋارقىراپ خەلقنى ئۆز تىلى بىلەن سۆزلەشكە يول قويماي، خەلقنى رۇسلاشتۇرۇپ، مىللەتنى يوقاتتى. خەلق كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆزىنى تاتار دەپ ئېيتىشتىنمۇ قورقتى. چۈنكى تاتارلارغا بىلىمىڭ بولسىمۇ ئىش يوق. تاتارىستان دەپ قالدۇرۇلغان ئالقاندەك يەرگە رۇسلار كېلىپ ئولتۇراقلاشتى. تاتارىستانىنىڭ تاتار خەلقنى سىبىرىيەگە سۈرگۈن قىلىپ يەرلىك خەلقنىڭ ئىچىگە بىر - ئىككى ئائىلىدىن بولۇپ تارقىتىپ يوق قىلدى. يەرلىرىمىزنى بۆلۈپ رۇس ئۆلكىلىرىگە قوشۇپ خەلقىمىزنى سۈرگۈن قىلىپ تۈگەتتى. بۇ نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق ئېغىر ئەھۋال.

بىزنىڭ يېشى ئۆسۈپ كەلگەن قاۋۇل چىرايلىق يىگىتلىرىمىزنى ئون سەككىز ياشقا كىرىشى بىلەن ھەربىيلىككە ئېلىپ كېتىپ ئۇرۇش مەيدانىنىڭ ئالدىنقى سېپىدا دۈشمەن تەرەپتىن ئۆلتۈرۈلسە، قالغان ياشلار جەڭچىلەر ئاكوپلاردا ئاچلىقتىن ھەم قىشنىڭ قاتتىق سوغۇقىدا توڭلاپ ئۆلۈپ يۇرتقا قايتالمىدى. ئۆلۈم خەۋەرنى بىلدۈرگەن ماتەم قارا خەتلىرى كەلدى.

شۇ دەۋردىكى قىزلىرىمىز يىگىتلىرىنى جەڭگە ئۇزىتىپ، قېلىپ بىر ئۆمۈر ھاياتىنى يالغۇز ياشاپ ئۆتكۈزدى. كوممۇنىزىم شىددەتلىرى سوۋېتلەر سايۇزىدىكى تۈركىي مىللەتلەر ئۈچۈن ئاپەت بولۇپ كەلدى،

دىــدى. ئۇ يۈرىكىدىن چىقىرىپ شــۇنداق تەســىرلىك ســۆزلىدىكى ســۆھبەتتە بىللە بولغــان بارلىق ئادەملەرنىڭ يۈرەك ھەســرەتلىرى ئۇلارنىڭ كۆزىدىن ياش بولۇپ ئاقتى.

ئۇلار مانا شــۇنداق سۆزلەر بىلەن دەرتلىشــىپ ھەسرەت بىلەن كــۆز ياش قىلدى. ئۇلار ئۆز يەرلىرىنى خەلقنى، ئۇرۇق – تۇغقان، ئەل يۇرتنى سېغىنىســمۇ، ئۇزاتســا قولى، ماڭســا يولى يەتمەي، سۆزلىسە ئاۋازلىرى ئاڭلانماس شۇنداق بىر چارىسىز ھالدا ياشاپ كەلدى. ئۇلار شۇ سېغىنىشلىرىنى ئۆزى بىلەن قەبرىگە ئېلىپ كەتتى. ھېچقايسىسى يۇرتقا قايتالمىدى.

## بوۋام ئەخمەت نەجىپنىڭ ۋاپاتى

ئەخمەت نەجىپ ئائىلىســىدىن كەلگــەن خەتتىن كېيىن روھى چۈشــۈپ ئاســان يىغلايدىغــان بولۇپ قالــدى. ئۇ شــۇنداق چوڭ يوقىتىشلارنىڭ ئۆزىنى توشقۇزالماي ئۆزىنى ئاجىز روھسىز ۋە كۈچسىز ھېس قىلاتتــى. يۈرىكىنى مۇجۇپ تۇرغان بۇ قايغۇلار ئۇنىڭ ھاياتىنى كۆڭۈلسىز قىلاتتى. ئۇ كۆپ ئۆتمەستىن ئاشقازان ئاغرىقى بىلەن ئاغرىپ ئــۇزۇن ۋاقىت قىينىلىپ يۈردى. 44 – يىلى 10 – مايدا 74 يېشــىدا دۇنيادىن كەتتى.

ئەخمــەت نەجىپ ئۆلۈش ئالدىدا ئۆزىنى مۇســاپىرلارنىڭ يېنىغا قويۇشنى ئېيتقان ئىدى.

يەنى شــۇ يىللىرى (41 – 42 – يىللىرى) قەشــقەر شەھىرىدىن قاۋۇل ساغلام يىگىتلەرنى «ئۇرۇمچىگە ئوقۇشقا ئاپىرىمىز» دەپ ئېلىپ كېلىپ ئۇرۇمچى شــەھىرى ئەتراپىدىكى كۆمۈر خاڭلىرىدا ياتار ئورۇن

ۋە تاماقتىن باشــقا ئىش ھەققى بەرمەستىن قاتتىق ئىشلىتىپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نەدە ۋە نېمە قىلىۋاتقىنىنى ئائىلىسىگە خەۋەرمۇ قىلالماي چارىسىز قېينىلىپ ئىشلەپ يۈرگەندە بۇلارنىڭ ئارىسىغا «تېيىپ» سۆزەك كېسىلى تارقىلىپ بىرسىمۇ ساق قالماستىن ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

بۇلارنىڭ ئارىســىدا مومام ساجىدەنىڭ ئۇكىســى ھەمدۇللانىڭ ئوغلــى ھەۋەيدۇللامۇ بار ئىكەن. ئۇ ئىش ئۈســتىدە بىر ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ شۇ ئادەمگە «ئۈرۈمچى ياڭخاڭ مەسجىدىگە بېرىپ ئەخمەت نەجىپ دېگەن ئادەمگە يولۇقســاڭ ئۇ شۇ يەردە. مېنىڭ ئەھۋالىمنى ئېيتىپ خەۋەر قىلىپ قويســاڭ» دەپ ئــۆز ئەھۋالىنى ئاڭلىتىپتۇ. بۇ خەۋەرنــى ئاڭلىغان ئەخمەت نەجىپ ھەۋەيدۇللانى ئىزدەپ بارســا ئاخشام ۋاپات بولدى دەپ ئېيتقاندىن كېيىن، بوۋام ئەخمەت نەجىپ ھەۋەيدۇللانى ئېلىپ كېلىپ تاتار مەســجىدىدە جىنازىســىنى قىلىپ كۆمگەن ئىكەن. بۇ ئەھۋالنى مەســجىد ئاھالىسى ئاڭلاپ ئۇ ياشلارغا ئىگە بولۇپ، ھەممىســىنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىپ (ھازىرقى رادىئو ئىستانسىسىنىڭ) ئورنىدىكى قەبرىســتاننىڭ بىر چېتىگە «مۇساپىرلار قەبرى» دەپ بەلگە قويۇپ كۆمدۈرگەن ئىكەن. بوۋام ئەخمەت نەجىپ ئۆلەر ئالدىدا بالىلىرىغا مېنى ئاشــۇ «مۇساپىرلارنىڭ يېنىغا قويۇڭلار» دەپ ۋەســىيەت قىلىپ بوۋام ئەخمەت نەجىپمۇ شۇ مۇساپىرلار يېنىدا يېتىپ قالدى. بوۋام ئەخمەت نەجىپنىڭ تۆت قىز، بىر ئوغلىدىن ھازىر يۈزدىن ئوشــۇق نەۋرە - ئەۋرىلىرى بار، ھەتتا بەشــىنچى، ئالتىنچى ئەۋلادلىرى دۇنياغا كەلدى.

خەلىمە 49 - يىلى 8 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھرىدە ۋاپات بولدى. ئۇنىــڭ ئۈچ ئوغۇل، بىر قىزىدىن يۈزدىــن ئارتۇق ئەۋلادى ئۈرۈمچىدە ياشاۋاتىدۇ.

مومام ساجىدە 1960 - يىلى بىرىنچى يانۋار ئايىدا كىچىك قىزى غەيشە بىلەن قازاقىستانغا كېتىپ 68 – يىلى يانۋارنىڭ 14 – كۈنى ئالمائاتا شەھىرىدە 86 – يېشىدا ۋاپات بولدى.

بوۋام ئەخمەت نەجىپ بىرىنچى قېتىم قازانغا بارغاندا ئىككى ئايدىن كېيىن ھەج ۋاقتى بولۇپ، بوۋام ئەخمەت نەجىپ مەككىگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن تەييارلىنىپ يولغا چىقىدۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا باشقا قاتناشلار قۇلايلىق بولمىسا كېرەك، پاراخوت بىلەن دېڭىز ئارقىلىق يولغا چىقىدۇ. بىر پاراخوت ھەج قىلىدىغان ئادەملەر ئىھرام باغلاپ پۈتۈن يولبويى ئەزان، ناماز، تەكبىر – زىكىرلەر بىلەن شۇنداق كۆڭۈللۈك كېتىپ بارغاندا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىر ئادەم ۋاپات بولۇپ كېتىپ، پۈتۈن ئادەم بەك كۆڭۈلسىز بولۇشقان. شۇنىڭ بىلەن قۇرغاقلىققا چىقىش ئۈچۈن خېلى ئۇزۇن يول بار ئىدى. ياز ۋاقتى كۈن ئىسسىق، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەمنى جىنازىسىنى ئوقۇپ شۇ ئىھرام باغلىغان پېتى دېڭىزگە تاشلاپ يولنى داۋام قىلغان ئىكەن. ئارىدىن ئون مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئۆلگەن ئادەم تىك دەسسەپ تۇرغان ھالدا پاراخوتنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئۇچقاندەك كېلىۋاتقىنىنى پۈتۈن سەپەرداشلىرى كۆرۈپ ھەيران بولۇپتۇ ھەم يىغلىشىپتۇ. ئۇلار بۇ بىچارە ھەرەمگە دەپ يولغا چىقىپ ھەج تاۋاپ قىلالماي ئۆلگىنى ئۈچۈن بىزدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي ئەگىشىپ كېلىۋاتسا كېرەك دەپ ئېچىندى. شۇ مېڭىش بىلەن پاراخوتنىڭ كەينىدىن بىر كۈنلۈك يولغا قەدەر بىللە ئەگىشىپ كېلىپتۇ. بۇ ئەھۋال يولۇچىلارنى بەكمۇ كۆڭۈلسىز قىلدى. قارىساڭ ئىھرام باغلىغان بىر ئادەم دېڭىز يۈزىدە ئاپئاق بولۇپ، پاراخوت بىلەن تەڭ ئۇچقاندەك كېلىۋاتىدۇ، دەپ ھېس قىلىسەن. يەنە بىر قارىغاندا شۇنداق چوڭ دېڭىز يۈزىدە چۆكمەي

تــــك تۇرۇپ كېلىۋاتقان ئادەم بۇ قانداق؟ ســۇدا چۆكمەي كېلىۋاتىدۇ ئاجايىـــپ دەپ قورقۇپ كېلىدۇ. ھەم ئىچىنىشــلىق ھەم قورقۇنچلۇق بىر كۆرۈنۈش ئىدى دەپ ئاپام بىزلەرگە ســۆزلەپ بەردى. بۇ ســۆزنى ئاڭلىغان باللار قورقۇپ نېمىشــقا ئۇ ئادەم ســۇغا چۆكمەي ئۆلگەن ئادەم يۈگرەپ يۈرىدۇ دەپ ســورىدى. ئاپام ھەرەمگە دەپ بىللە يولغا چىققان ئۇ بىچارە (دادام ئۇنىڭ ئىسمىنى سەپەر دەپ ئېيتىپ بەرگەن ئىدى) ســەپەر ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالمايمەن دەپ ئەگىشــىپ كەلسە كېرەك دېدى.

ســىڭلىم قانداقلارچە ئۇ ئادەم سۇغا چۆكمىدى، مەن ھەيرانمەن دېدى.

مەن ئۇ ئادەم پاراخوتنىڭ كەينىدىن ســۇغا تاشــلىغان بولسا شۇ چۆشــكەن پېتى پاراخوتنىڭ سۇنى يېرىپ ماڭغان دېڭىزنىڭ كۆپچلۈك دولقۇنــى ئۇنى ئىتتىرىپ بارغاندۇر دېدىم. ئاپام بۇنىڭ ھەممىســنى ئالاھنــىڭ قــۇدرەت - ھېكمىتــى دەپ بىلىمىــز ، بىز بىر نەرســە دېيەلمەيمىز. ئۇ شۇنداق بولغان ئىكەن، بىزمۇ دادام ئېيتىپ بەرگەندە ھەيران بولۇشقان ئىدۇق، دېدى.

ئىنىــم ھە ئۇ ئــادەم ھەرەمگىچــە بىللە بارالىغانمىــدۇر؟ دەپ سورىدى.

ئاپام ياق پاراخوتنىكىلەر بىر كۈندىن كېيىن ئۇنى سۇدىن چىقىرىپ ئېلىپ پۇتىغا تاش باغلاپ كىمگە ســېلىپ پاراخوتنى يىراق ئاپىرىپ ســۇغا تاشلاپ، ســەپەر ســۇغا چۆككەندىن كېيىن قايتىپ كەلگەن ئىكەن دېدى.

بــوۋام ئىككىنچى قېتىــم قازانغــا بارغاندا ھــەج ۋاقتى بولۇپ

تاتارىستاندىن بىرقانچە ئادەم ئەرەبىستانغا بېرىپ ھەج تاۋاب قىلىش ئۈچۈن ھازىرلىنىۋاتقان ئىكەن. ئارپا ياز ئاۋۇلى (يېزا)دىن ھاجىغا ماڭىدىغان گۇرۇپپىنى ئۇقۇشۇپ تېپىپ بوۋام ئەخمەت نەجىپ يول خىراجەتلىرىنى ھازىرلاپ دادىسىنى ھەج تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن مەككىگە ئېلىپ بارىدىغان مەسئۇل ئادەملەرگە تاپشۇرۇپ، ئۇلارنى ھەرەمگە ماڭدۇرغاندىن كېيىن، بوۋام ئەخمەت نەجىپ ئارپا ياز ئاۋۇلىغا (يېزا) بىر چوڭ مەسجىد سالدۇرۇپ چىقىپ، شۇ مەسجىدكە ئۆزىنىڭ ئۇكىسى ئەخمەت نەقىپنى ئىمام قىلىپ قايتىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بوۋام ئەخمەت نەجىپ يۇرتىغا قايتىپ كېلەلمىدى. بۇ ئاخىرقى كېلىشى بولۇپ قالدى.

## تاتار مەكتەپ

ياڭخاڭ (تاتار) مەسجىدىنىڭ يېنىدىكى ئۈچ ئېغىز ئۆيدە تاتار مەكتىپى باللارنى ئوقۇتاتتى. بۇ ئۆيلەر ئۆز ۋاقتىدا مەسجىدنىڭ مەدرىسە سىنىپى بولۇپ، زىننەتئۇللا مۇئەللىم ۋە مەھمۇد قارى ئىككىسى ئوغۇللارنى ئوقۇتقان ئۆي ئىكەن.

تاتار مەكتىپىدە بىرىنچى سىنىپتىن ئۈچىنچى سىنىپقا قەدەر بولغان باللارغا دەرس ئۆتۈلەتتى. مەكتەپ مۇدىرىمىز مەھمۇد ئوسمانوف ۋە ئىككى ئوقۇتقۇچى بار كىچىك بىر مەكتەپ بولۇپ ئوقۇتۇپ كەلدى.

مەكتەپ مۇدىرىمىز مەھمۇد ئوسمانوف دەرس ئۈستىدە بىزلەرنى «يېڭى ئوقۇتقۇچىمىز كەلدى چىقىپ قارشى ئېلىڭلار» دەپ ئوقۇغۇچىلارنى باشلاپ تالاغا ئېلىپ چىقتى. ھەممىمىز قىزىقىپ «يېڭى ئوقۇتقۇچىمىز كىم ئىكەن قېنى؟ كىم؟ نەدە؟» ھاياجان ئىچىدە

كۆتــۈپ تۇرغاندا، دەرۋازىدىــن بىر ئادەم يوغان بىــر ئاتنى يېتىلەپ كىردى. ئاتنىڭ ئۈســتىدە يوغان داخا پالتو كىيگــەن (ئۇ دەۋرلەردە ئۈنــداق داخا پالتونى بىــر ياكى ئىككى ئادەم كىيمىســە ھېچكىمدە يــوق ئىدى) بىزلەر كۆرۈپمۇ باقمىغان ئىدۇق. قولنى تىقىپ يۈرىدىغان يەڭلىك خالتىســى بولۇپ (ئۇ سومكا رولىنى ئۆتەيتتى) ياشقىنا ئايالنى ئاتقا مىندۈرۈپ ئېلىــپ كىردى. بۇ ياش ئايال ئاتقا مىنىپ كۆرمىگەن بولسا كېرەك، ئىگەرنىڭ بېشىنى مەھكەم تۇتۇپ يىقىلىپ چۈشۈشتىن قورقــۇپ تۇرغىنى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شــەھەر ئىچىدە بىرەر ئادەمنىڭ ئاتقا مىنىپ يۈرگىنىنى كۆرمىگــەن ئوقۇغۇچىلار ھەيرانلىقتا ۋارقىراپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ زامانلاردا ئاياللار گىرىم قىلىپ كالپۇكلىرىغا قىزىل سۈرتۈپ يۈرمىگەنلىكتىن باللار ئوقۇتقۇچىنىڭ گىرىم قىلغىنىنى كۆرۈپ قېتىپ قالدى. مەھمۇت ئوسمانوف:

- مۇئەللىمنى قارشى ئېلىپ چاۋاك چېلىڭلار، ئەسسالام مۇئەللىم دەڭلار دېگەن ئىدى، باللار «ئەسسالام مۇئەللىم» دەپ بىردەك تووۋلاپ قارشــى ئېلىپ چاۋاك چالدى. ئارىمىزدىكى شوخ ئوغۇللار ئىسقىرتىپ تووۋلاشتى. مەھمۇد ئوسمانوف مۇئەللىم:

- ســىنىپقا كىرىڭلار! دەپ كوماندا بەردى. ئوقۇغۇچىلار سىنىپقا كىرىپ جايلاشتى. يېڭى كەلگەن مۇئەللىمنىڭ ئىسمى رەخىلە مۇئەللىم دەپ تونۇشتۇردى.

رەخىلە ئاپپاي 20 ياشلاردىكى ياپونلۇق تاتار قىزى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتا – ئانىســى شەرقىي تۈركىستاندىن ســودا بىلەن بارغان، رەخىلە ئاپپايدىن چوڭ باللىرى بار ئادەم بولســىمۇ مۇنۇپ ئاكىنى مۇسۇلمان ئىكەن، قىزىمىز مۇسۇلمان يەرلىرىدە مۇسۇلمان بولۇپ ياشىسۇن دەپ بەرگەن ئىكەن.

رەخىلە ئاپپــاي مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، مەكتەپ تەربىيەسى ۋە ئوقۇشنىڭ سۈپىتى ئۆسۈپ چوڭ ئىلگىرىلەشلەر بولــدى. پۈتــۈن ئوقۇغۇچىلار رەخىلــە ئاپپاينــى ھۆرمەتلەيتتى. ئۇ «بالــلار!» دەپ ئېيتــش بىلــەن پۈتۈن ئوقۇغۇچــلار جىم بولۇپ، ئۇنىڭ ســۆزىنى ئىككى ئېيتقۇزماي بىجا كەلتۈرەتتى. بىز 4 – سىنىپقا چىققاندىن كېيىن، مەكتەپ دائىرىســى كەڭلەپ بۇ مەكتەپ كىچىك كەلگەنلىكى ئۈچۈن ھازىرقى قازاق باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ھويلىسىغا كۆچۈپ كەلدۇق.

بىز بــۇ مەكتەپكــە كەلگەندىن كېيــن مەكتــەپ مۇدىرلىقىغا رەخىلە ئاپپاي بولدى. مەھمۇد ئوسمانوفنى سوۋېت كونسۇلخانىسىغا تەرجىمان كېرەك بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمىتى مەھمۇد ئوسمانوفنى ســوۋېت كونسۇلخانىسىغا تەرجىمانلىققا تەيىنلەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ ئېلىپ كەتتى.

62 – يىلى چېگرا ۋەقەســدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاندىكى پۈتــۈن كونســۇلخاندىكى بارلــق ســوۋېت خادىملــرى كېتــپ كونســۇلخانىلار تاقالدى. ســوۋېت كونسۇلخانىســغا ئائىت بولغان ئورۇنلاردا ئىشــلىگەنلەرنى قولغا ئالغاندا، بىزنىڭ مەكتەپ مۇدىرىمىز مەھمۇد ئوســمانوفنىمۇ 62 – يىلى قولغــا ئېلىپ كەتتى. مەدەنىيەت ئىنقىلابــى ۋاقتــدا 68 – يىللىرى ئەتراپىدىمىكىن ئېســمدە ئېنىق ئەمەس، مەھمۇد مۇئەللىمنىڭ تۇغقانلىرىغا «مەھمۇد يۈرەك كېسىلى بىلەن ئۆلدى، ئۇنىڭ نەرســلىرىنى ئېلىۋېلىڭلار» دەپ ئۇقتۇرغىنىنى ئاڭلىدىم. بىچــارە مۇئەللىم ئۆمرىنىڭ ئاخىرقــى ۋاقىتلىرىنى قاراڭغۇ تۈرمىلــەردە ئۆتكۈزۈپتۇ دەپ ئېچىندىم. ياخشــى ئوقۇتقۇچى ئىدى، ئىمانى يولداش بولسۇن! ئامىن! 60 – يىللىرى مەھمۇد مۇئەللىمنىڭ

ئائىلىسى سـوۋېتكە كەتكەندە كونسۇل خادىمى مەھمۇد مۇئەللىمگە ھازىر بىزگە ساڭا ئوخشىغان تەرجىمان كېرەك بىز سېنى ئائىلەڭنىڭ كەينىدىـن چىقىرىپ بېرىمىز دەپ ئېلىپ قالغان ئىكەن. ئاخىرى ئۇلار ئۆز جېنىنى ئاران ئېلىپ قاچالىغان ئوخشايدۇ.

## كۆرگەزمە

50 – يىلـى يەكشـەنبە كۈنـى ئەتىگەنلىك چاي سوپراسـىدا ئولتۇراتتۇق. ئىشـىكنى بىرسـى شـۇنداق قاتتىق ئۇرغان ئىدى. مەن يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىشـىكنى ئاچتىم. مەھەللـە جۇرنى ئايال جىددى قىياپەتتە مېنى ئىتتىرىپ كىرىپ كەلدى. ئۆيدىكىلەرمۇ ھەيران بولۇپ «كېلىنىڭ چايغا ئولتۇرۇڭ» دەپ ئورۇن كۆرسەتتى.

ياق ۋاقتىم يوق، رەھمەت. بۈگۈن شـەھەردە چوڭ كۆرگەزمىخانا ئېچىلىدۇ، ھەممە ئادەم بېرىپ كۆرۈشـى كېـرەك. كېيىن كۆرگەزمە ھەققىدە مۇزاكىرە بولىدۇ. قالماي بېرىڭلار، مەن بىزنىڭ مەھەللىدىكى بارلىق كىشـىلەرگە خەۋەر قىلىمەن دەپ ئالدىراپ ئىشـىك تۈۋىدە تۇرغان ماڭا قارىماسـتىن جىددى قىياپەتتە خۇددى پۈتۈن ئىشـنى ئوقۇۋاتقاندەك تارىس – تۇرۇس دەسسەپ چىقىپ كەتتى.

مەن ھەيران بولۇپ دادام بىلەن ئاپامغا قارىدىم. ئۇلارمۇ جۇرۇننىڭ كەينىدىن ئەجەبلىنىپ قارىشىپ تۇراتتى.

نېمىدېگەن تەربىيەسـىز خوتۇن، مەن ئىشـىكنى ئېچىپ قارشى ئېلىپ تۇرسـام سـالاممۇ يوق، مېنى ئىتتىرىپ كىرىپ كېتىپ بارىدۇ، دېدىم.

مېنىڭ گېپىمگە ئاپام – دادام كۈلۈپ كەتتى. سەن تېخى ئۇنىڭدىن

ھۆرمەت كۆتۈپ ئولتۇرۇپسەندە، ئۇ سىنى ئادەم بار دەپمۇ بىلمىدى، دېدى.

دادام دۇنيانى بۇزىدىغان مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قارا قورساق نادان ئادەملەر دېدى.

ئاپام ئۇ نېمە كۆرگەزمىدۇر، ھەرھالدا بىر جىددى سىياسى قىياپىتى باردەك كۆرۈنىدۇ، دەپ تۇرۇشىغا تاغامنىڭ ئايالى مەخفۇزە ھەدە كىرىپ كەلدى.

سالاملىشىپ بولۇپلا مەھەللە جۇرنى سىلەرگىمۇ كىردىمۇ دەپ سورىدى.

ھەئە شەھەردە كۆرگەزمىخانا ئېچىلىپتۇ، بىر ئادەم قالماستىن بېرىشى كېرەك دەپ چىقىپ كەتتى، دېدى ئاپام.

ئادەمنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ كۆرگەزمە دېگەن نەرسىنى تېپىپ چىقىپتۇ، نېمە كۆرگەزمە ئىكەن كۆرۈپ باقايلى دەپ تاغامنىڭ ئايالى مەخفۇزە ھەدە بىلەن ئاپام ئىككىسى كەتتى.

ئىككى سائەتتىن كېيىن ئۇلار قايتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ كۆڭۈلسىز قايتقىنىنى كۆرۈپ دادام نېمە كۆرگەزمە ئىكەن دەپ سورىدى.

ئاپام نېمە كۆرگەزمە بولاتتى، ئادەملەرنى كۆرگەزمە قىلىپ ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى دەپ قاتار تىزىپ ھەرقايسىسىنىڭ ئۇستىدىن يالغان - ياپىۋاقنى توقۇپ چىقىپ ئادەم ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان ھەرتۈرلۈك تۆھمەتلەرنى يېزىپ ۋە رەسىملەر سىزىپ تاملارغا چاپلاپ توشقۇزۇۋېتىپتۇ. مەسئۇد جۇشى، جانىم قان، ئوسمان باندىت (باتۇر) قاتارلىق نۇرغۇن كىشلەرنى تىزىپ قويۇپتۇ، ھەممىسى مالىخايلىرىنىڭ

قۇلاقلىرىغا چۈشۈرۈپ چۆكۈرۈپ كېيىۋاپتۇ. ئۈچىسىدا ئۇزۇن چاپان، قوللىرىغا تۆمۈر كىشەن سېلىپ قويغان ئىكەن. كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ئاغزىلىرىدا پىچىرلاپ توختىماستىن ئوقۇپ تۇراتتى. مەن ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە مەخفۇزەگە گەپ قىلغان بولۇپ:

- «ئاللاھ ياردەم قىلسۇن سىلەرگە» دېگەن ئىدىم، كۆزلىرىنى ئېچىپ بىزلەرگە قاراپ بېشىنى چايقاپ قويدى. بىز ئۇلارنى كۆرۈپ يۈرىكىمىز چىدىماستىن تېز چىقىپ كەتتۇق، دېدى.

مەخفۇزە ھەدە:

- بۇلار يېڭى كەلگەندە بەكمۇ يۇۋاش كىشىلەرگە ياردەم قىلىپ كوچىلارنى سۈپۈرۈپ يۇك كۆتۈرۈپ ماڭغان ئادەملەرگە ياردەملىشىپ يۈكلىرىنى توشۇشۇپ، قېرىلارنى كۆرسە يۆلەپ دېگەندەك ياخشى ئىشلارنى قىلىپ يۈرەتتى. كىشىلەر بۇلارنى كۆرۈپ، بۇلار ياخشى خىتايلار ئىكەن دەپ ئۇلاردىن خۇشال بولغان ئىدى. ئەمدى قارىسام بىگۇناھ ياخشى ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى. بۈگۈن بۇلارنى كۆرۈپ ئىچىم ئاغرىدى، دېدى.

دادام ئويلانغان ھالدا تۆۋەن ئاۋاز بىلەن ئەگەر بۇلار سوتسىيالىزىم – كوممۇنىزىم سىياستىنى بىزگە يۈرگۈزسە سوۋېت ھۆكۈمىتىدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارغا قارىغاندا تېخى ئالدىمىزدا نۇرغۇن ئېغىر ئەھۋاللار بولىدۇ. بۇ تېخى باشلانغۇچ بىرىنچى قەدەم. كولاكلار دەپ بايلارنى، بۇرژۇئازلار دەپ ئوقۇغان كۆزى ئوچۇق كىشىلەرنى، خىيانەتچى دەپ خىزمەتچىلەرنى يوق قىلىدۇ. بۇلارنىڭ «پرولېتارىيات دېكتاتورىسى» دېگەن بىر چوڭ تايىقى بىلەن ئۇرۇپ ھەممىنى رىجىمغا چۈشۈرۈپ رەتكە سالالايدۇ. دادام ئاپامغا كوممۇنىزىمدا «دىن» يوق، ئۇلار دىنغا

قارشى ھەرىكەت قىلغاندا، دىنى خادىملارنى «دىكتاتور تايىقى بىلەن ئــۇرۇپ يىقىتقاندا ئۇ تاياقنىڭ ئۇچــى «ناماز ئوقۇدۇڭ» دەپ بىزگىمۇ تىگىدۇ. خۇدايىم شۇ ئاپەتتىن بىزلەرنى ساقلىسۇن دىگەن» دىدى.

مەخفۇزە ھەدەمنىڭ كۆزلىرى قورققىنىدىن ئالقاندەك بولدى.

نىمە دەيسىز ســالىخ ئابىزى، ئۇ چاغدا دادامنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار، ئۇلارنى ئۆلتۈرەرمۇ؟ دەپ ئەنسىرەپ ئۆزىنى باسالماي قالدى.

ئاپــام، ياق مەخفــۇزە، ســالىخ ســوۋىتتىكى ئەھۋاللارغا قاراپ سۆزلەۋاتىدۇ. بۇ يەردە ئۇنداق بولماس، ئالدىن شۇملانمايلى ئاللاھ ئۇ ئاپەتتىن بىزلەرنى ئۆزى ساقلىسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ ئاستا سۆزلەشكەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ مىنىڭمۇ يۈرىكىم چۆچىدى.

مەن دادامنىڭ «پۇرۇلتارىيات دىكتاتورىســى» دىگەن نەرسىنىڭ بەكمۇ قورقۇنچلۇق يامان نەرســە ئىكەنلىكىنى ئــاڭلاپ ئۇ تاياقمۇ؟ قامچىمۇ؟ نىمدۇر دەپ ھىچ ئىچىمگە ســىغدۇرالماي ئاســتا بىرىپ دادامدىن «دادا ســىز دىگــەن ھىلىقى ئــادەم ئۆلتۈرىدىغان نىمە ئۇ قامچىمۇ، تاياقمۇ؟ مەخفۇزە ھەدەم دادامنى ئۆلتۈرســە قانداق قىلىمىز دەپ قورققانغا قارىغاندا ئۇ ئادەملەرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدىغان نەرسىمۇ؟» دەپ سورىدىم. دادام كۈلۈپ قىزىم «پۇرۇلتارىيات دىكتاتورىسى» دىگەن ئۇ بىر سىياسەت، سەن بۇ سۆزلەرنى ئويلىما ھەم ھىچكىمگە سۆزلەپ يۈرمە بولامدۇ. باشقىلار ئاڭلىسا ياخشى بولمايدۇ. سەن چوڭ بولغاندا ئاڭلايســەن دىــدى. ئوقۇتقۇچىمىز رەخىلە ئاپپــاي 51 – يىلى تاتار مەكتەپكە مۇدىرلىككە تەيىنلەندى.

رەخىلــە ئاپپاي يــاش بولســىمۇ ھەقىقەتەن ئىنتايىن ياخشــى ئوقۇتقۇچى بولۇپ چىقتى. ئۇ ئەخلاقلىق، تەربىيەلىك، ئىنســانپەرۋەر،

كىچىك پېئىل، خۇش خۇي، گۈزەل تەبىئەتلىك ئايال ئىدى. بۇ مەكتەپكە زىلەيخە، رەئىسە مىرسەلىنۋا، مۇرشىدە ئاپپاي قاتارلىق بىرقانچە ياش ئوقۇتقۇچىلار كېلىپ مەكتەپ دائىرىسى كەڭلەپ، ئوقۇغۇچىلار كۆپىيىپ، مەكتىپىمىز ئىنتايىن كۆڭۈللۈك بولۇپ كەتتى. ئوقۇش سۈپەتلىرىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

بىز 4 – سىنىپنى تاماملىغاندىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەكتەپ ئىچىشىغا رۇخسەت قىلماي تاتار مەكتىپى يېپىلدى.

رەخىلە ئاپپاي 60 – يىلىغا قەدەر باللار باغچىسىدا كىچىك ئۆسمۈرلەرنى تەربىيەلەش خىزمىتىدە بولۇپ، 60 - يىلى ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىنىڭ «يېزىغا چۈشۈش» دولقۇنىدا رەخىلە ئاپپاينىڭ ئائىلىسىنى غۇلجا تۇرپان يۈزگە سۈرگۈن قىلىپ ئۇلار شۇ يەرگە جايلاشقان ئىكەن. يولدىشى مۇنۇپ ئەپەندى بۇرۇن شاڭخەيچى دەپ بۇ ئىككى ئارىلىقتا سودا قىلىدىغان چوڭ سودىگەر بولغاندىن كېيىن، كوممۇنىستلار پارتىيىسى كېلىپ ئۇلارنىڭ شاڭخەي بىلەن ئارىلىقدا ئېلىپ بېرىلغان سودا ئىشلىرىغا يول قويۇلماي ئېغىر باجلار سېلىپ پۈتۈن سەرمايىلىرىنى يوقىتىپ ئىشسىز قالغان ئىكەن. گۇڭشىغا چۈشكەندىن كېيىن 62 – يىلى ۋاپات بولۇپ، رەخىلە مۇئەللىم يالغۇزلۇق، يېقىرلىق بىلەن ئېغىر كۈن كەچۈردى. 79 – يىلى راك كېسىلى بىلەن ئاغرىغاندا شۇ يېزىدىكى دوختۇرنىڭ خەلقلەرگە راك «راك كېسلى يۇقۇملۇق ئارىلاشماڭلار» دېگەنلىكى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى ھاياتى يالغۇزلۇق، يېقىرلىق (يوقسۇزلۇق) ھەم ئاغرىقنىڭ ئازابى بىلەن قاتتىق قىينىلىپ 80 – يىلى 50 يېشىدا ۋاپات بولغىنىنى ئاڭلاپ، بەكمۇ ئېچىندىم. ئىمانى يولداش بولسۇن ئامىن! دۇنيادىكى

ئەڭ يامان نەرسە نادانلىق ھەم قاراڭغۇلۇقتۇر.

## گۈزەل يايلاق ۋاقتى مېنىڭ بالىلىق چاغلىرىم

ئۈرۈمچى شـــەھىرىدىكى بىر قىســـىم ئائىلىلىكلەر بالىلارنىڭ دەم ئېلىشىغا چىقىش بىلەن نەنسەنگە (جەنۇبىي تاغ) كېتەتتى. ئۇ يەردە كىگىز ئۆيلەرنى تىكىپ نەنسەننىڭ گۈزەل ساپ ھاۋالىرىدا 6 – ئايدىن 9 – ئايغا قەدەر ئۈچ ئاي تۇرۇپ قايتاتتى.

نەنســـەن يەنى تەڭرىتاغ ئېتەكلىرى ھەقىقەتەن دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل يەرلەرنىڭ بىرى ئىدى. تاش تاغ چوققىسىدىكى ئاپئاق قاردىن ســـەللە كىيگەن ســـالاپەتلىك قىياپىتى بىلەن يىـــراق – يىراقلاردىن كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ تـــاش تاغنىڭ ئېتەك تەرەپلىرىدىكى تاغ تىزمىلىرىنىڭ كۈنگەي (كۈن نۇرى ياخشـــى چۈشكەن تەرىپى) يېشىل مايسا ئارىســـىدەك گۈل چىمەنلىك تۈرلۈك شـــەكىل ۋە تۈرلۈك رەڭ ھـــەم يېقىملىق خـــۇش پۇراقلىرى بىلەن تەبىئەتنـــى گۈزەل قىلاتتى. تەرىســـكەي (كۈن نۇرى ياخشى چۈشـــمەيدىغان) تەرەپلىرىدە تاغنىڭ چوققىســـىدىن ئېتەكلىرىگە قەدەر ئۆسكەن قەيسەر قارغاي ۋە تۈرلۈك رەڭدىكى گۈللەر بىلەن نەنسەن خۇددى جەننەتتەك گۈزەل كۆرۈنەتتى. يىراق - يېقىندىن سايراۋاتقان كاككۇك، ھۆپۈپ، بوزتورغايغا ئوخشاش تۈرلۈك قۇشـــلارنىڭ سايراشـــلىرى ھەم ساي ئوتتۇرىســـىدا شارقىراپ ئېقىۋاتقان شېرىن، تاتلىق، سۈزۈك سۇلارنىڭ ئاۋازىغا قوشۇلۇپ جانغا ھۇزۇر بېرىدىغان يېقىملىق مۇزىكىغا ئوخشـــاش كىشىلەرنىڭ جېنىغا راھەتلىـــك بېرەتتى. نېمىدېگەن گۈزەل، ئاللاھ بۇ يەرلەرنى ســـاي – سالا تاغلىرىنى شۇنداق چىرايلىق ئورۇنلاشتۇرغان دەپ ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتماي تۇرالمايسەن.

شـــەھەردىن كەلگەن ئادەملەر ساي ئۈتتۈرىســـىدىكى ئىبقۋاتقان سـۈنىڭ ئەتراپىغا كىگىز ئۆيلەرنى بىر – بىرىگە يېقىن قىلىپ تىكىپ ھەر كۈنى ئۇلار بىرلىشىپ پاقلان گۆشى بىلەن قىمىز ئىچىپ كۆڭۈللۈك ۋاقىت ئۆتكۈزەتتى. بالىلار بولســا تايلارغا مىنىپ تاغ ۋە سايلاردا ئات چاپتۇرۇپ ئويناىتتى.

دادام ھـــەر يىلى مەن ئۈچۈن بىر ئاتنى تەييــارلاپ بېرىپ مەنمۇ باشقا بالىلار بىلەن ئات چاپتۇرۇپ ئويناىتتىم. بەزىدە ئاتنىڭ بويىدىن بەزىــدە تاغقا چىققانــدا ئاتنىڭ كەينىدىن چۈشــۈپ قىلىپ، پۇت – قوللىرىمىزنى ئاغرىتىۋالســاقمۇ ئات مىنىشتىن ھېچ توختىماستىن ئات چاپتۇراتتــۇق. كېيىن – كېيىن ئات مىنىشــكە ماھىر بولۇپ، ئىككى پۇتىمىزنــى بىر تەرەپكە قىلىپ ئاندىن ئاتقــا تەتۈر مىنىپ چاپتۇرۇپ مۇسابىقىگە چۈشەتتۇق. ئاخىرقى ۋاقىتىدا ئاتنىڭ ئۈستىدە ئۆرە تۇرۇپ چاپتۇرۇشقا باشلايتتۇق. لېكىن بۇ ۋاقىتىدا يىقىلىپ چۈشۈش ھادىسىسى كۆپ بولاتتى. ئەمما ئۆيدىكىلەر بىلمەيتتى. ئۇلارغا دېيســەك بىزلەرنى ئاتقا مىنىشتىن توسىدۇ، دەپ قورقاتتۇق.

مەن ئۈچۈن ھېچقانداق قىيىن نەرســە يــوق، ھەر قانداق قىيىن ۋە ئېغىر نەرســىلەرنى قىلالىشــىمىز كېرەك دېگەن شەرتنى ئۆزۈمگە قوياتتىم ۋە ئۆگىنىشكە تىرىشاتتىم.

بىر كۈنى بالىلار بىلەن ســاينىڭ يۇقىرىســىدىكى كۆك تاش تاغقا چىقماقچى بولۇپ باردۇق. ھەقىقەتەن ئۇ تاغقا چىقماق ئىنتايىن تەس ئىدى. يوغان تاشلاردىن قورالغان ئىگىز ھەم تىك تاغ ئىدى. قورقۇنچ بىر تاش يۇمۇلاپ كەتســە ئۇ تاشــنىڭ ئاستىدىن ســاق چىقىشىمىز مۇمكىن ئەمــەس ئىدى. بالــلار قورقۇپ تاغنىڭ ئېتــەك تەرىپىدە بىــر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، توختاپ قالدى. مەن ئۈســتىگە چىقمەن

دېگەن قارار بىلەن شۇنداق تەسلىكتە يىقىلىپ – سۈرۈنۈپ ئاياغ – قوللىرىمنى كۆكەرتىپ، قانىتىپ يۈرۈپ ئىككى سائەتتىن ئوشۇق ۋاقىت مېڭىپ دېگەندەك ئاران دېگەندە كۆك تاش تاغنىڭ ئۈستىگە يېتىپ چىقتىم. خۇشاللىقىمدىن «مەن چىقتىم، مەن تاغنىڭ ئۈستىگە چىقتىم» «ئوھو!» دەپ قاتتىق توۋلىدىم. مېنىڭ ئاۋازىم ئەتراپتىكى تاغلارغا ئۇرۇلۇپ يىراق – يېقىندىن ياڭراپ ئاڭلاندى. مەن توختاپ ۋارقىرىماي جىم تۇرغۇنۇمدا ئۇزۇن ۋاقىتقىچە ئاۋازىم ئاڭلىنىپ تۇردى. تۆۋەندە مېنى ساقلاپ ئولتۇرغان بالىلار چاۋاك چېلىپ ۋارقىراشتى.

قازاق قېرىنداشلاردىن ئاتقا مىنىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئىككى ئادەم بالىلارنى كۆرۈپ:

- «ھەي بالىلار مىندا نىغىپ جورسىڭدەر، تاۋدان تاش دومالاسا مىجىلىپ ئۆلمەيسىڭلارمى؟!» (ھەي بالىلار بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسىلەر، تاغدىن تاش يۇمىلاپ چۈشسە يانچىلىپ ئۆلمەمسىلەر) دەپ بالىلارغا توۋلىغان ئىدى، بالىلار:

- تاغ ئۈستىدە بىر بالا بار ئۇ كەلسە كېتىمىز، دېدى.

ئويباي مىنە جىندى باش بالىلاردىن قاراچى تاۋدىڭ ئۈستىنە چىغىپدا ئالىپتى. ئۇسى كونگە دەي بىر ئادەم ئۇسى توسدان چىقماغان ئىدى. يول جىردەن قورقىباي قانداي چىقدىڭلار يەغنى تىك چىقىش خەتەرلىك دىمەكچى (ۋاي ماۋۇ شوخ بالىلارنى قاراڭلار تاغنىڭ تۆپىسىگىچە چىقىۋاپتۇ. بۇ تىك ئورۇندىن بىرمۇ ئادەم چىقىپ كۆرمىگەن قورقماستىن قانداق چىقتىڭلار، دەپ ۋارقىراپ بالىلارغا:

- تېز كېتىڭلار، تاش يۇمىلايدۇ، دەپ قورقۇتۇپ كېتىپ قاپتۇ.

بىز قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۆيگە ئاران يېتىپ كەلدۇق. ئۆيدىكىلەر

بىزلەرنى ئىزدەپ بارمىغان يېرى قالماپتۇ. بىز كۆك تاغقا چىققىنىمىزنى دەپ بەرگەن ئىدۇق، بۇنداق قارامىلىق قىلغىنىڭلار ياخشى بولمىدى، بىرەر ھادىسىگە ئۇچرىساڭلار قانداق قىلىمىز دېدى. ياق بىز ئۇنداق ھادىسىگە ئۇچرىماسىقا تىرىشىمىز، بىز ئۆزىمىزنى كۈچلۈك قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىمىز دېدۇق.

ھەر كۈنى گۈلخان يېقىش ئۈچۈن ئوتۇنلارنى ھازىرلاپ كېچىلىرى ئوت يېقىپ ئۇنىڭ چۆرىسىدە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ چوڭلارنىڭ پەيغەمبەرلەر ھەققىدىكى ھېكايىلىرىنى بىزگە ئاڭلاتقان ئەقلانى تەربىيە سۆزلىرىنى ۋە بالىلارغا خاس ھېكايىلىرىنى ئاڭلايتتۇق. بالىلار ھەم ئۇلارغا مەكتەپتە ئۆگەنگەن ئابدۇللا توقاينىڭ شېئىرلىرىدىن ئېيتىپ بېرەتتۇق.

مەن كىچىك چېغىمدا بىر - ئىككى قېتىم رامىزان ئايغا دۇچ كەلدۇق. بۇ مېنىڭ كۆڭلۈمگە چوڭقۇر ئولتۇرۇپ قالغان گۈزەل ۋاقىت ئىدى. پۈتۈن ئادەم روزا تۇتۇپ ئىپتار ۋاقتىنى بەكمۇ كۆڭۈللۈك قارشى ئالاتتى. ئىپتار ۋاقتىدا بىر ئادەم شۇنداق چىرايلىق ئازان ئېيتاتتى. بىزلەر چۇقۇرۇشۇپ سوپىرا ئەتراپىغا تىزىلىپ ئولتۇراتتۇق. مېزىلىك تاماق، يەل - يېمىشلەر بىلەن سوپىدا چىنە سىغقۇدەك يەر قالمايتتى. شۇنچە كۆڭۈللۈك خۇشال – خۇرام غىزالانغاندىن كېيىن كۆك مايسىنىڭ ئۈستىگە كىگىز گىلەملەرنى يېيىپ ناماز ئوقۇلاتتى.

ھەر كۈنى تەرەۋى نامىزىغا يىراق – يېقىندىن قازاق قېرىنداشلار ۋە ئەتراپتىكى بارلىق ئادەم توپلىشىپ ئەتراپقا گۈلخان ۋە پەنەر يېقىپ تەرەۋى نامازى ئوقۇلاتتى. كۆپچىلىك ئوقۇغان سالاۋاتنىڭ چىرايلىق ئاۋازى جىمجىت تاغ ئارىسىدا قۇۋۋەتلىنىپ تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ ئاڭلىناتتى. دادامنىڭ قۇرئان ئوقىغاندا ۋە ئەزان ئېيتقاندىكى ماقامى

بەكمۇ چىرايلىق ئىدى. ئۆزىنىڭ ئاۋازىمۇ «ئوتتۇرا تاۋۇش»دا بولغانلىقى ئۈچۈن شــۇنداق چىرايلىق ئاڭلىناتتى. دادام تۇرۇپ – تۇرۇپ ئاۋازىنى چىقىرىپ «ئامانەررەســۇل» سۈرەسىنى شــۇنداق چىرايلىق ئوقۇيتتى. مەن ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ كۆڭلۈم يۇمشاپ كۆزۈمگە ياش كېلەتتى.

بىــز بالىلارمــۇ تاھارەتلەر ئېلىــپ جامائەتنىڭ ئــەڭ كەينىدە تــۇرۇپ تەرەۋى نامىزىنى ئوقاتتــۇق. رامىزاننىڭ 15 تىن كېيىن قازاق قېرىنداشــلارنىڭ ياش يىگىتلىرى ئاتلارغــا مىنىپ كېلىپ تەرەۋىدىن كېيىن ھەربىر ئۆيلەرگە بېرىپ «جارا پازان» ئېيتىپ كېلەتتى.

جارا پازان ئېيتىپ كېلدىم ئىشىكىڭگە

قوشقاردای بالا بىرسى بېشىگىڭگە

دەپ تاخماقلاپ ئېيتاتتى. مېنىڭ يادىمدا شــۇ ئىككى مىسراســى قاپتۇ. ئۇلارغا ھەركىم ئۆزىنىڭ ھازىرلىغان نەرسىلىرىنى بېرەتتى.

ھېيت – بايرام كۈنى پۈتۈن ئادەم تونۇشــۇن – تونۇمۇشۇن بارلىق ئــۆي – ئۆيلەرگە كىرىپ بايرامنى تەبرىكلــەپ ھېيتلاپ چىقاتتى. بىز بالىلارمۇ يىتىــپ بارالىغۇدەك يەرلەرگە بېرىــپ ھېيتلاپ كېلەتتۇق. ھېيتلارنى ھەممە ئادەم شــۇنداق كۆڭۈللۈك قارشــى ئالاتتى. چوڭلار بالىلارغا ھېيتلىق بېرەتتى. بالىلارمۇ شۇنىڭدىن خۇشال بولاتتى.

بىز بالىلار ھــەر كۈنى ئىككى تەرەپتىكى تاغقــا ئاز دېگەندە بىر مەرتىۋە چىقىپ چۈشــۈش بىز ئۈچۈن ۋەزىپە ئىدى. بىزلەر ئىككى تاغ ئوتتۇرىسىدىكى سايدا ئولتۇرغىنىمىز ئۈچۈن، بالدۇر قاراڭغۇ چۈشۈپ، قۇياش بىزدىن كەتكەندىن كېيىن، بالىلار قۇياشــنى ئۇزىتىپ قالىمىز دەپ شۇ ئىگىز (گول تىكشە) تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قۇياش ئۇزاقلاپ پاتقاندىن كېيىن يۈگۈرۈشــۈپ ئۆيگە قايتاتتۇق. بۇ بىزنىڭ كۈندىلىك

ئادىتىمىز بولۇپ قالدى. ئۆيدىكىلەرمۇ بىلەتتى. «بۇلار قۇياشنى ئۇزىتىپ كەتتى» دەپ كۈلۈشەتتى. بۇ بىزنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرگەن ئىشىمىز ئىدى.

كۈز كىرىپ بۆلدۈرگەنلەر پىشقاندا ھەممىمىز ئات ھارۋىنىڭ ئۈستىگە كىگىز - كۆرپىلەرنى سېلىپ بۆلدۈرگەن تېرىشقا باراتتۇق. يول بويى باللار ھارۋىدىن چۈشۈپ يۈگۈرۈشۈپ چورقىرىشىپ مېڭىپ، ھېرىپ قالساق ھارۋىغا چىقىپ ئولتۇرۇپ ناخشا ئېيتىپ خۇشال كۆڭۈللۈك ۋاقىت ئىچىدە يېتىپ كەلگىنىمىزنى سەزمەي قالاتتۇق. ئاپاملار سايدا سۇ بويىدا ئوت قالاپ چۈشلۈك تاماقنى ھازىرلايتتى. بىز باللار دادام باشلىق ھەممىمىز قوللىرىمىزدا بىردىن چىلەك ئېلىپ بۆلدۈرگەن تېرىش ئۈچۈن سايدىن تاغ ئۈستىگە قاراپ ماڭغاندا تاغ باغرىدىكى بۆلدۈرگەنلەر يوغان قىپقىزىل بولۇپ پىشىپ يوپۇرماق ئاستىدا پۈتۈن تاغ باغرىنى توشقۇزۇپ تۇرغىنىنى كۆرىسەن. ئۇنىڭ گۈزەل شېرىن ھىدى ئادەمنىڭ يۈرىكىنى راھەتلەندۈرەتتى.

ساي – سالاغا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ چىلەكلىرىمىزنى توشقۇزۇپ قايتاتتۇق. ئۇ بۆلدۈرگەنلەردىن ئاپام ۋەرىنىلەر قاينىتىپ چولمەكلەرگە سېلىپ قىشلىق ئۈچۈن ھازىرلاپ ئالاتتى.

قارقات تېرىش ئۈچۈن چوڭلار ئاتقا مىنىپ تاش تاغلارغا بېرىپ تېرىپ كېلەتتى. ھەممە ئادەم بۇ ئۈچ ئاي ئىچىدە كۆڭۈللۈك ۋاقىتلار ئۆتكۈزۈپ دەم ئېلىش بىلەن قارقات، بۆلدۈرگەن ۋەرىنىلىرىنى ۋە سۈتتىن رىس قاينىتىپ، سېرىق ياغ ھەتتا قىشلىق سوقوملىرىنىمۇ ھازىرلىشاتتى.

## شەرقىي تۈركىستانغا كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ كېلىشى

كوممۇنىستىك پارتىيىسى شەرقىي تۈركىستانغا باستۇرۇپ كىرگەندىن كېيىن ياڭ خاڭ كوچىسىغا يەنى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى چوڭ كوچىلارغا «تاش يول» ياسىمىز دەپ خەلقلەرگە ئالۋاڭ سېلىپ ئىقتىسادى يېتەرمۇ - يوق؟! دېگەنگە قارىماستىن كىشىلەرگە ئېغىر سېلىق سالغانلىقى ئۈچۈن خەلق قولىدا بار نەرسىلەرنى سېتىپ تۆلەشكە مەجبۇرى قالدى.

چوڭ دادام زەكى جىڭلىغا سالغان ئالۋاڭنى تۆلەش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بار بولغان ماللىرىنى ۋە چوڭ ئاكىسىنىڭ ئىككى بالىسىغا قالدۇرغان مىراس ماللىرى ھەم موماسىنىڭ مىراسقا تەككەن ماللىرىنى، شۇنداقلا بىزنىڭ يەنى دادامنىڭ ماللىرىدىن تۆت كالا بىر ئاتتىن باشقا پۈتۈن نەچچە يۈزلىگەن چارۋا - ماللارنى تاش يولغا ئۆتكۈزدۇق. تاش يول ياساش ھەرىكىتى بىزنىڭ ئائىلە ئىقتىسادىمىزنى يىقتى. ئادەملەر بۇ يوقىتىشنى سىڭدۈرەلمەي تۇرغاندا «كورىيە ئۇرۇشى» بولدى. چاۋشەنگە ياردەم كېرەك دەپ خەلقلەرگە مەجبۇرى زايوم سېتىش ئىشىنى باشلاپ خەلق قولىدىن يەنە بىر قۇر ئىقتىسادنى يىغىۋالدى. زايوم ساتقاندا ئاپام خاپا بولۇپ، بىر پارچە قەغەزنى زايوم دەپ نۇرغۇن پۇلىمىزنى يىغىۋالدى. بۇ قەغەز نېمىگە كېرەك بولۇر. بىر كۈنى كەلگەندە بۇ قەغەز ھېچنېمىگە يارىماستىن پۇلىمىزنى يوق قىلىۋېتەرمۇ؟ بۇلار كەلگەندە «پۇرۇلتارلار بىز سىلەرنىڭ تۇرمۇشىڭلارنى ياخشىلاپ خەلق تۇرمۇشىغا باراۋەر قىلىپ چىقىمىز» دېگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشنى ئۆستۈرۈپ باي قىلىپ ياخشىلايمىز ئەمەس ھەممە خەلقنى بۇلاپ - تالاپ سىلەر بىلەن تەڭ قىلىمىز دېگەن سۆزى ئوخشايدۇ، دەپ نارازىلىق ھېسسى قوزغالدى.

دادام ئاستا ئاۋازدا ئاپامغا بۇنداق سۆزلەرنى سۆزلىمە ئاڭلاپ قالسا

يوق بىر نەرسىنى باھانە قىلىپ ئەپ چىقىپ ئېتىۋاتقىنىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ دېدى. ئاپام دېگەندەك مەجبۇرى زورلاپ ساتقان ئۇ زايۇم قەغەزلەرنى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئەپ چىقىپ كەتتى. كۆيدۈردىمۇ نەگە كەتتى بىلمەيمىز يوقاتتى.

ئۇششاق سودىگەرلەرگە بولسا كىرگەن كىرىمدىن نەچچە باراۋەر ئارتۇق باج سېلىپ خەلق باجنى تاپشۇرالماي دۇكانلىرىنى تاقاپ كېتىشكە مەجبۇر قالدى.

51 – يىلىغا كەلگەندە ئۇچكە، بەشكە قارشى ھەرىكەت باشلىنىپ نۇرغۇن ئادەملەرنى «خىيانەتچى»، «ئەكسىلئىنقىلابچى» دەپ تۈرلۈك قالپاقلار بىلەن قولغا ئېلىپ ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىندى.

مانا شۇ ۋاقىتىدا دادامنىڭ ئاكىسى زەكى جىگلىنى توسەنگۇڭسى (سودا شىركىتى)نىڭ جىگلىسى بولغانلىقى ئۈچۈن شۇ ۋاقىتىدا ھاكىمىيەت ۋە سىياسەتتە ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، سودا شىركىتىدە نۇرغۇن جىنايەتلەر چىقىپ زەكى چوڭ دادام شىركەتنىڭ باشلىقى دەپ جاۋابكارلىق چوڭ دادامنىڭ ئۈستىگە ئارتىلىپ زەكى چوڭ دادام خىيانەتچى بولۇپ چىقتى. ئۇ خىيانەتنى تۆلىمىسە قولغا ئېلىنىپ چارە كۆرۈلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. ئۇنى تۆلەش ئۈچۈن ھېچقانداق ئارتۇق ئىقتىساد قالمىغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن تۇغقانلار سۆزلىشىپ ئاتىدىن قالغان مىراس ھويلىنى ئىجارىگە بېرىپ شۇ ئارقىلىق تۆلەشنى ئويلاشتى.

بوۋىمىز ئىبراھىمدىن قالغان ھويلىنىڭ ئالدىنقى تەرىپىدە ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ پىشايۋانلىق، يوغان دېرىزىلىرى بار، چوڭ چىرايلىق ئۆيلەرنى دادامنىڭ ئىككى ئاكىسى بالدۇر توي قىلىپ چىققانلىقى ئۈچۈن ئىككى

ئاكىسىغا بەرگەن ئىكەن. چۈنكى دادام بوۋام ئۆلگەندە 14 يېشىدا كىچىك يېتىم قالغان ئىكەن. شۇڭلاشقا دادام ئاكىلىرىنى دادىسىنىڭ ئورنىدا كۆرۈپ ھۆرمەتلەپ كەلدى. دادام كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن ھويلىنىڭ كەينىدىكى باغدا ئۆرۈلۈپ كېتىشكە تۇرغان ئۈچ ئېغىز ئۆي بىلەن باغلىق يەر دادامغا مىراس بولۇپ تەككەن. دادام ئۈچ يىل ئاۋۋال ئەسكى ئۆيلەرنى بۇزۇپ ئورنىغا ئۈچ ئېغىز ئۆينى ئىقتىسادى يەتمەي كۆپ قىيىنچىلىقلار بىلەن سېلىپ چىقىپ كۆچۈپ كىرگەن ئىدى. مەن كىچىك بولسامۇ ئاپام - دادامدىن سوراپ بىلىپ ياردەملەشكىم كېلەتتى.

ئۆي سېلىنىۋاتقان شۇ قىيىنچىلىق ۋاقتىمىزدا مېنىڭ گۈلدەك چىرايلىق ئۆتكۈر ساغلام سىڭىللىرىمغا «قىزىل» چىقىپ بىر تەرەپتىن دوختۇر يوق، يەنە بىر تەرەپتىن ئىقتىسادى قىيىنچىلىق بىلەن داۋالىتالماي ئىككى سىڭلىم 15 كۈن ئىچىدە ۋاپات بولدى. بۇ بىزگە ھەممىدىن ئېغىر قايغۇ بولدى. ئەمدى ھويلىنىڭ ئالدىنقى تەرىپىدىكى چىرايلىق قىلىپ سېلىنغان 11 ئېغىز ئۆي ھەم ئىككى دۇكاننى سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ «سافىكت مېتال» دېگەن ئىدارىغا ئىجارىگە بېرىپ زەكى چوڭ دادىلار بىزنىڭ يېڭى سالغان ئۈچ ئېغىز ئۆيگە كۆچۈپ كىردى.

دادام بىلەن ئاپام ئاكىسى زەكى جىڭلىنىڭ مۇشۇ ئېغىر كۈندىن قۇتۇلۇپ چىقىش ئۈچۈن ھەرقانداق قىيىنچىلىق بولسىمۇ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشقا تىرىشاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزلىرىگە قانچىلىك قىيىن كەلسىمۇ نەنسەندىكى ياغاچ ئۆيدە قىشلاشقا رازى بولدى. بۇ ئۆيلەرنى «سافىكت مېتالغا »غا سەككىز يىللىق كېلىشىم بىلەن ئىجارىگە بېرىلگەن ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىز سەككىز يىل نەنسەندە قېلىشقا توغرا كەلدى.

زەكى چوڭ دادامنىڭ كېيىنكى ۋاقىتىدا تەكشۈرۈشلەردە خىيانىتى يوق بولۇپ، خاتا باشقۇرۇلغان دەپ تولۇقتۇپ ئالغان ماللاردىن قايتۇرۇپتۇ دەپ ئاڭلىدىم.

## ئىككىنچى قىزلار ئوتتۇرا مەكتەپ

مەن 5 - سىنىپقا چىققاندا ئۆيدىكىلەر نەنسەندە قىشلايدىغان بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن مېنى ئىككىنچى قىزلار ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا بەردى. ئىككىنچى قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى شەرقىي تۈركىستان (شىنجاڭ) ئىنىستىتۇتى بىلەن 3 - دوختۇرخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا شۇنداق چوڭ يەرگە ئورۇنلاشقان مەكتەپ ئىدى. مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىشتىكى سول قول تەرەپتە بىر كىچىك ئۆستەڭ سۇ ئېقىپ كىرىپ كوچا تەرەپ تامنى ياقىلاپ سىرتقا چىقىپ كېتەتتى. بۇ ئۆستەڭنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئۆسكەن يوغان ياغاچلار مەكتەپنى گۈزەل كۆرسىتەتتى. دەرۋازىدىن كىرىشتە سول قول تەرەپتە سىنىپلار جايلاشقان بولۇپ، بۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە 5 - سىنىپتىن 7 - سىنىپقىچە باللار ئوقۇپ، بۇ مەكتەپ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ھېسابلىناتتى. دەرۋازىدىن كىرىشتە ئۇدۇل يەنى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كادىرلار ئىشخانىسى جايلىشىپ بۇ مەكتەپ ھويلىسىنى ئىككىگە بۆلۈپ تۇراتتى. ئەمدى دەرۋازىدىن كىرىشتە ئوڭ قول تەرەپتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاق بىنالىرى جايلاشقان ۋە كادىرلار بىناسى بىلەن ياتاق بىناسىنىڭ تۆرىدە بىر چوڭ كۆلۈب بار ئىدى.

سىنىپ بىناسى بىلەن كادىرلار بىناسىنىڭ يۇقىرىسىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاماقخانىسى جايلاشقان.

مەن ئاتا – ئانام نەنسەندە قىشلاپ قالغانلىقى ئۈچۈن مەكتەپ ياتىقىدا يېتىپ ئوقۇشقا توغرا كەلدى. ياتاق ئۆيى شۇنداق چوڭ يىگىرمىدىن كۆپ ئوقۇغۇچى بىر ياتاقتا ئورۇنلاشتۇق. ئۆينىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاختاي سوپىنىڭ ئۈستىدە قىزلار قاتار بولۇپ ئورۇن ئالدى.

مەن كىچىكىپ كەلگەچكىمۇ ئورنۇم ئىشىك تۈۋىگە توغرا كەلدى. مەن بۇ مەكتەپكە ئۆيدىن ئايرىلىپ كىچىك كەلگەندىن كېيىن، كۆپ قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدىم. تىل مەسىلىسىنىمۇ تېز ئارىدا ئۆگەندىم، ئوقۇغۇچىلار بىلەن يېقىن بولۇپ دوستلىرىممۇ كۆپەيدى.

ئەڭ قىيىن ئىش قىش كۈنى ياتاق ئورنىمىز بولدى. بىر تال تۆمۈر مەشنى ياتاقنىڭ تۆرىگە ئورنىتىپ بىر كۈندە پەقەت بىر داس كۆمۈر بېرەتتى. مەشنىڭ ئىسسىقى تۆردە ياتقانلارنى ئىسىتسىمۇ بىزگە ئىسسىقى كەلمەيتتى. ئۈنىڭ ئۈستىگە كۆپچىلىك قىز - ئوغۇللار كىرىپ چىققاندا ئىشىكنى ياخشى ياپماي ئىشىككە مۇز توڭلاپ ئىشىك يېپىلماي قالاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشىك تۈۋىدە ياتقانلار توڭلاپ ئۇخلىيالمايتتۇق. بەزى قىزلار سوغۇققا چىدىماستىن يىغلاپ چىقاتتى. ئىشىك تۈۋىدە ياتقان بەش قىز بىر يوتقان ئاستىغا كىرىپ بىرىمىزنىڭ پۇتىغا بىرىمىز بېشىمىزنى كەلتۈرۈپ بەش يوتقان ياپساقمۇ سوغۇقتا توڭلاپ ئۇخلىيالمايتتۇق. بۇ ۋاقىتتا مەكتەپ شارائىتى ياخشى ئەمەس ئىدى. يۈز يۇيىدىغان سۇمۇ يوق. قىش كۈنى ئۆستەڭ توڭلاپ ئۇنىڭدىن سۇ ئالالمايتتۇق. تالادىكى پاكىز قار بىلەن يۈزىمىزنى يۇيۇشقا توغرا كېلەتتى.

دادام ھەر ئايدا بىر مەرتىۋە كېلىپ مېنىڭ كىيىم – كېچەك، يوتقان كىرلىكلىرىمنى ئېلىپ كېتىپ يۇيۇپ كېلەتتى. ياتاقتا پەقەت

يىراق يەرلەردىن كېلىپ ئوقۇغان ۋە ئۆيى مەكتەپكە يىراق بولغان ئوقۇغۇچىلار يېتىپ ئوقاتتى.

## يەر ئىسلاھاتى

بىر كۈنى بىزلەرنى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن مەجلىس بار دەپ شەرقىي تۈركىستان ئىنىستىتۇتىنىڭ (شىنجاڭ داشۆ) كەينىدىكى كەڭ مەيدانغا ئېلىپ باردى. كىشىلەر كۆپ ئىدى. مەھەللە ئاھالىلىرى شەرقىي تۈركىستان ئىنىستىتۇتى ۋە قىزلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ، نۇرغۇن ئادەم توپلانغان ئىدى. مەيداننىڭ ئالدىنقى تەرىپىنى ئېگىز قىلىپ سەھنىگە ئوخشاش ياساپ چىقىپتۇ. مانا شۇ سەھنىدە يەر ئىگىلىرى دەپ بىرقانچە ئادەمنى تىزىپ قويۇپتۇ. قارىسام تاغامنىڭ ئايالى مەخفۇزە ئاپپايىنىڭ دادىسى مۇتەلىجان ئاكىمۇ تۇرىدۇ. ھەيران بولدۇم. مەخفۇزە ئاپپاينىڭ «كوممۇنىزىم تۈزۈمى كەلسە مېنىڭ دادامنىمۇ ئۆلتۈرەرمۇ» دېگەن سۆزى يادىمغا كەلدى. مەخفۇزە ئاپپاي قورققاندەك بۈگۈن بۇ يەردە مەخفۇزە ئاپپاينىڭ دادىسىمۇ تۇرىدىغۇ ئەمدى ئۇلارنى ئۆلتۈرەمدۇ؟ دەپ ئەنسىرىدىم ۋە بەك كۆڭۈلسىز بولۇپ بۇيەردىن كېتىشنى ئويلىدىم. بەلكى مەخفۇزە ئاپپاي قانداق بولغاندۇر دەپ يۈرىكىم ئاغرىدى.

سەھنىنىڭ ئالدىغا شەرقىي تۈركىستان ئىنىستىتۇتىنىڭ يېنىدىكى جاڭزا (يەر) ئىگىسىنى چىقىرىپ كۈرەش شۇ ئادەم ئۈستىدە ئىدى.

بىرقانچە ئەر – ئاياللار چىقىپ ئۇ ئادەم ئۈستىدە شىكايەت قىلىپ «بىزنىڭ ھەققىمىزنى بەرمەي قاتتىق ئىشلەتتى. بىزلەرنى ئۇرۇپ قىينىدى» دەپ شىكايەت قىلسا بىر ئايال چىقىپ ماڭا زورلۇق قىلىپ

ئاياغ ئاستى قىلدى دەپ ۋارقىراپ يىغلاپ ئۇ ئادەمنى ئۇرۇپ كەتتى. ھېچگەپ قىلماي تۇرغان پومشىچىك «تـوۋا دېگىن تۆھمەت قىلما! توۋا خۇدايىم توۋا» دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

مەجلىس باشقۇرۇۋاتقان بىرقانچە ئادەم كېلىپ ئاغزىڭنى يۇم دەپ ۋارقىراپ ئۇ پومشىچىكنى ئۇرۇپ يىقىتتى.

يېنىمدا تۇرغان ئاينىسا توۋا نېمىدېگەن يامان ئادەم شۇنداقمۇ قىلامدۇ؟ دەپ ھەيران بولدى.

سەرۋەر تۇرۇپ راست دەمدۇ يالغانمۇ شۇنچە قىينالغىچە كەتسە بولمامدۇ، دېدى.

مەن ئۇ ئادەملەرنىڭ ئۆزى ئەخمەق، پۇل بەرمەي ئىشلەتمەك بىلەن ئۇرۇپ - سوقۇپ ئىشلەتسە مەن بولسام تۇرماي كېتەتتىم. باشقا يەردىن ئىش تېپىپ ئىشلىسە بولمامدۇ دېدىم.

رابىيە:

راست دەيسەن دوستۇم مەن بولسام ئىشلىمەي كەتكەن بولاتتىم، دېدى.

ئاينىسا ئاۋۇ خوتۇن كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئىزا تارتماي سۆزلەۋاتقىنىنى دېمەمسەن، دېدى. بىزلەركۈلۈشتۇق.

يېنىمىزغا ئوقۇتقۇچىمىز يۈگۈرۈپ كېلىپ «مەجلىس تەرتىپىنى بۇزماي تىنچ تۇرۇڭلار دېدى.

مەجلىس تەرتىپى بويىچە پومشىچىكنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش تېمىسىغا كۆچتى. پومشىچىكنىڭ بارلىق يەر - سۇ ۋە ئۇنىڭغا ئائىت ھەممە نەرسىلىرىنى مۇسادىرە قىلىمىز دەپ يەر ئىگىسى بولغان

ئادەمنى سۆرەپ ئۆرۈپ – سوقۇپ ئېلىپ كەتتى. پۈتۈن ئادەم جاگزىنغا قاراپ كەتتى.

سەھنىدە پەقەت مۇتەلجان ئاكا بېشىدىكى مالخاينى چۆكۈرۈپ كىيىپ ئىڭەك ئاستىدىن باغلىۋاپتۇ. ئۈستىگە قارا ئۇزۇن چەكمەن چاپىنى، پۇتىدا مەسە ئۆتۈك، قولىدىكى ھاسا تاياققا يۆلىنىپ كۆزىنى چىك يۇمۇپ تۇرغان پېتى يالغۇز قاپتۇ. بۇ ئادەم خۇش چاقچاق، ئوچۇق، ھەممە ئادەمگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىپ كىشىلەرنى كۈلدۈرۈپ يۈرىدىغان قىزىقچى ئادەم ئىدى. ھازىرقى ئەھۋالىغا قاراپ ئىچىم ئاغرىدى.

مەن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇتەلجان ئاكىنىڭ يېنىغا كەلدىم.

مۇتەلجان ئاكا ھەممە ئادەم كەتتى دېدىم.

ھە دەپ كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپقا بىر قاراپ قويۇپ چاققان مېڭىپ كېتىپ قالدى.

كىشىلەر مۇسادىرە قىلىش ئالدىراشچىلىقىدا ئۇ ئادەمنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ.

بىز مۇسادىرە قىلىنغان پومشچىكنىڭ جاگزىسىغا باردۇق. بۇ پومشچىكنىڭ ئۈستىدە شىكايەت قىلىپ ۋارقىراپ يۈرگەن ئادەملەر ئۆيدىن نەرسىلەرنى سۆرەشتۈرۈپ ئېلىپ ماڭدى. ئۇ پومشچىكنىڭ پۈتۈن يەرلىرى، ئۆيلىرى مۇسادىرە قىلىنغانلىقىنى ئېلان قىلدى ھەم ئۆيلىرىگە ۋە نەرسىلىرىگە مۇسادىرە قىلىندى دەپ پېچەت قەغەزلەرنى چاپلاشتۇرۇپ قويدى. ئۇلارنىڭ بالا – چاقىلىرى ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا شۈمشىيىپ تۇرۇپ قالدى. مەن ئويلىدىم دادام دېگەن

كوممۇنىزىم دېگەن نەرسە كەلگەن ئوخشايدۇ. بۇلارنىمۇ پۇرۇلتارىيات دېگەن نەرسىلىرى بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرسە كېرەك دەپ كۆڭلۈمگە بىر قورقۇنۇچ كىردى. يېنىمدىكى قىزلارغا مۇجەزىم يوق تېز كېتەيلى دەپ قايتىپ كەلدۇق.

## يولۋاس تۇتۇش

بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن مەكتەپ مەجلىس زالىغا يىغىلدۇق. مەكتە تەشكىلىي تەرەپتىن ئوقۇغۇچىلارغا دوكلاد قىلىندى.

پارتىيە مېنى ئۈچكە قارشى بەشكە قارشى ھەرىكەتنى ئېلىپ بېرىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش قىلدى دەپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاڭلاتتى. بىز ئۇلارنى ئاڭلاپمۇ يېتەلمەيتتۇق.

شۇ ئارىدا رابىيە ئايۇپ «ئۇۋە» دەپ ئىچىگە تارتىپ رەڭگى ئاقىرىپ كەتتى. مەن لېكسىيىگە دىققەت قىلالماي قالدىمىكىن ئاڭلىماپتىمەن.

نېمە بولدى دوستۇم؟ دەپ ھەيران بولۇپ سورىدىم. ئاۋازلىرى تىترەپ «ئاڭلىمىدىڭمۇ مەكتەپتىن ئىككى يولۋاسنى تۇتتۇق. ئۇ يولۋاسلارنى ھازىر مەكتەپتە سولاپ قويدۇق» دەيدۇ. بىزنى يەپ كەتسە قانداق قىلىمىز دېدى.

مەن چۆچەنمەي سەرۋەرگە قارىدىم.

سەرۋەر راست مەكتەپتە يولۋاس چىقتى، تۇتتۇق دەيدۇ. يولۋاس دېگەن يامان ھايۋان ئادەمنى يەپ كېتىدىغان يوغان كۈچلۈك ھايۋان دەيدۇ. مەنمۇ ھەيران بولدۇم. نەدىن كەلگەن يولۋاس ئىكەن، يولۋاس

دېگەن جاڭگالدا بولىدۇ. ئۇ بىچارىلەر ئادىشىپ كېلىپ تۇتۇلۇپ قاپتۇ – دە، دەپ كۈلدۈم.

رابىيە ئايوپ كۈلســەنغۇ، قورقىۋاتىمەن، مەن ئەتىدىن باشــلاپ مەكتەپكە كەلمەيمەن. يولۋاس چىقىپ كەتسە ياتاققا كىرىپ كېتىشى مۇمكىن دېدى.

بىزدىــن يىراقتا تۇرغان تۇرســۇن هوشــۇر يېنىمىزغا كېلىپ جىم تــۇرۇۋېلىپ، مەجلىس تەرتىپىنى بۇزماڭلار، «هەر ۋاقىت ســىلەر تىنچ تۇرمايسىلەر» دەپ كەتتى.

تۇرســۇن هۇشۇر ئېگىز بويلۇق، كەســكىن بىزلەردىن چوڭ ئايال ئىدى. بىزنىڭ سىنىپقا توي قىلىپ ئوقۇيالماي قالغان ئايالاردىن بىر قانچىســى كېلىپ بىز بىلەن ئوقۇۋاتاتتى. مەجلىستىن كېيىن سەرۋەر يۈگۈرۈپ كېلىپ:

- يولۋاسلار نەدىلىكىنى بىلدىڭلارمۇ؟

بىز ياق، بىلمىدۇق نەدە ئىكەن؟ دەپ سورىدۇق.

ســەرۋەر قورققــان قىياپەتە جىددىيلىشــىپ ئۇلارچــۇ كادىرلار ئىشخانىســىنىڭ دەرۋازىســىدىن كىرىشــىدە ئىككى ئۆيدە سولاقلىق ئىكەن. ئىشكتە يوغان قۇلۇپلار ســېلىپ قويۇپتۇ، دەپ سۆزلىگەندە ئۇنىڭ قوي كۆزلىرى ماڭا يوغان كۆرۈنۈپ كەتتى. ســەرۋەر قوي كۆز، قوڭۇر چاچ، قاشلىرى قېلىن، ئاپئاق، ئۇماق ئۆزبېك قىز ئىدى. (رابىيە، ســەرۋەر ئۈچىمىز كۆڭلىمىز يېقىن ۋە ئۆزىمىزمۇ يېقىن دوســتلاردىن ئىــدۇق) رابىيە قارا كۆز، قاراچاچ، بۇغدا ئۆڭ چىرايلىق قىز بولۇپ، بىز ئۈچىمــز هېچ ئايرىلماي بىللە ئىدۇق. بىــز هەممىمىز قورققاندىن ئۇ ئۆينىڭ يېنىغا بارماستىن يىراقتىن ئايلىنىپ ماڭىدىغان بولدۇق.

رابىيە ئايۇپ ئەجەبلىنىپ نېمشــقا بۇ يولۋاسلارنىڭ ئاۋازى ھېچ ئاڭلانمايدىغۇ، دەپ بىزگە قارىدى.

ســەرۋەر ئۇنداق دېمە خۇدا ساقلىسۇن يولۋاسلارنىڭ ئاۋازى بەك يامــان بولىدۇ، دەيدۇ. بىــر ۋارقىرايدىغان بولســا يۈرىكىمىز يېرىلىپ كېتەر دېدى.

مەن بۇ يوۋاش يولۋاس بولســا كېرەك، شۇڭلاشقا قولغا چۈشۈپ قالغان ئوخشايدۇ، ئاۋاز چىقىرىشتىنمۇ قورقۇپ ئولتۇرامدىكىن دېدىم.

بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇ يولۋاســلاردىن پوستا تۇرۇپ قارايدىغان ۋەزىپىنى ئېلان قىلدى. كېچىدە ياتاقتــا ياتقانلار قارايدىغان بولۇپ، تىزىمنى يېزىپ چىقتى. مەن بىلەن رابىيە ئايۇپ ئىككىمىز كىچە سائەت 12 دىن 2 گە قەدەر ۋاقتىدا بىز پوستا تۇرىدىغان بولدۇق. رابىيەنىڭ يۈرىكى يېرىلدى. بۇ قاراڭغۇ كېچىدە يولۋاســنى كۆزەت قىلىمىز. مەن بەكمۇ قورقىۋاتىمەن. مەن ئادەتتە كىچىدە تالاغا چىقىشتىن قورقىمەن، مەن قىلالمايمەن دېدى.

قورقما دوســتۇم ئىككىمىز بىللــە تۇرىمىز. توڭلىســاق ياتاقتىن يوتقانلىرىمىز ئېلىپ چىقىپ يۆگىنىپ ئولتۇرىمىز. قورقســاق بىز بىلەن بىللە تۇرغان مۇئەللىملەر بار بىزنى يالغۇز قويماس دېدىم.

بىز پوســقا چىقســاق، ئەر مۇئەللىم بار ئىكەن. ئۇ بىزگە ئۇخلاپ قالمــاڭلار، ئۇلار چىقىپ قاچمىســۇن، دىققەتلىك بولــۇڭلار. بۇلارنى تاشــلاپ كەتمەڭلەر، ئەگەر بىرەر ئەھۋال بولۇپ قالسا مەن بۇ ئۆيدە ماڭا دەڭلەر دەپ كەتتى.

رابىيەنىــڭ كــۆزى ئالقانــدەك بولــۇپ مــاڭا قارىــدى. مەنمۇ قورقىنىمدىن بۇ قانداق گەپ دەپ رابىيەگە قارىدىم.

ئۇ زامانلاردا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھۆرمىتى چوڭ بولۇپ، ئۇلارغا قارشى بىر ئېغىز سۆز قىلالمايتتۇق. «بىز مۇئەللىمگە بىز قورقىمىز، قىلالمايمىز» دېيەلمىدۇق. ئوقۇتقۇچى كەتكەندىن كېيىن رابىيە يولۋاسلار چىقىپ قاچسا بىز قانداق قىلىمىز دەپ ئەنسىرەپ ھودۇقۇپ كەتتى.

مەن يولۋاسلار قاچسا بىز ئۇلاردىن بۇرۇن قاچىمىز. بىز ئۇلارنى تۇتالامدۇق؟ بۇلار ئاجايىپ قىزىق سۆزلەيدۇ، ھە؟ بىزنىڭ بۇ كىچىك جېنىمىز بىلەن نېمىگە كۈچىمىز يېتىدۇ. كېچىنىڭ قاراڭغۇسىدا بۇ ئاچچىق سوغۇقتا پوستا تۇرۇشىمىز بىزگە يەڭگىلمۇ؟! بىزنى بۇنداق ئاۋارە قىلغۇدەك يولۋاسلارنىڭ بۇ مەكتەپتە نېمە كېرىكى بار. يولۋاسنىڭ گېپى چىققاندىن بۇيان كېچىسى قورقۇپ ئۇخلىيالمايمىز دېدىم.

رابىيە ئەقلىم ھەيران، كىچىككىنە قىزلارنى نېمشقا پوسقا قويىدۇ؟ دېدى.

مەن ئەتراپقا قاراپ چىقىپ بىز بىلەن پوستا تۇرىدىغان مۇئەللىمىمىز نەگە كەتتى دېدىم.

رابىيە مۇئەللىممۇ ئىشخانىغا كىرىپ كەتتى، دېدى.

مەن بىزگە تاشلاپ بېرىپ قاچقان بولمىسۇن يەنە دەپ كۈلۈشتۇق.

ھاۋا شۇنداق سوغۇق، شېرىن ئۇيقۇدىن تۇرۇپ چىققاچقىمۇ توڭلاپ تىترەشكە باشلىدۇق.

رابىيە بەك توڭلاپ كەتتىم. قانداق قىلىمىز چىدىغۇدەك ئەمەسمەن دەپ تېشى - تېشىغا تىگىپ جاقىلدايتتى.

سەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ، تۇرغىن. مەن يوتقانلارنى ئېلىپ چىقاي.

يۆكۈنۈپ ئولتۇرساق بىر ئاز ياخشى بولار دېدىم.

رابىيــە ياق، مەن يالغــۇز قالالمايمەن، ھەم يالغــۇز بارالمايمەن، ئىككىمىز تەڭ بېرىپ ئېلىپ كېلەيلى دېدى.

مەن يولۋاســلار قېچىپ كەتســە قانداق قىلىمــز، دەپ چاقچاق قىلدىم.

رابىيە قاچسا قېچىپ كەتسـۇن، بىز قۇتۇلاتتـۇق دەپ كۈلدى. يۆگــۈرۈپ كىرىــپ ئىككىمــز يوتقانلارنى ئېلىپ چىقتۇق. قارىســاق يولۋاســلاردىن ھېچقانــداق بىر ئەھۋال يوق، ئۇلار تىنىچ ئۇخلاۋاتســا كېرەك.

ئىككىمــز ئورۇندۇقلىرىمىزنــى يېقىن قويــۇپ يوتقاننى يېپىنىپ ئولتۇرغان ئىدۇق جان كىرگەندەك بولدى.

ئاللاھقا شــۈكۈر ئەمدى بىر ئاز ئىسســىنغاندەك بولدى، دېدىم. رابىيە يوتقان يېپىنىش يادىمىزغا كەلمەپتۇ، ئەمەسمۇ دەپ تۇرۇشىغا:

يولۋاسلار سولانغان ئۆينىڭ ئىشىكى تاراقلاپ ئۇرۇلغاندەك بولدى. بىزگە ئىشىكنى بۇزۇپ يولۋاسلار چىقىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

ئىككىمىز تــەڭلا قاتتىق ئاۋاز بىلەن چىرقىــراپ مۇئەللىم كىرىپ كەتكەن ئىشــخانىنىڭ ئىشــىكىگە كېلىپ ئىككىمــز ئىككى قولىمىز بىلەن «مۇئەللىم – مۇئەللىم» دەپ قاتتىق ئاۋازدا ۋارقىراپ ئىشــىكنى ئۆرىۋەتتــۇق. خۇددى يولۋاســلار چىقىپ بىزنى يــەپ كېتىدىغاندەك بولدى.

لېكىــن مۇئەللىمنىــڭ ئىشخانىســى جىمجىت ئىــدى. بىزنىڭ قاتتىق ئۇرۇشــىمىزدىن ئىشــك ئېچىلىپ كەتتى. ئىشخانىغا قانداق

كىرگىنىمىزنىمۇ بىلەلمەي قالدۇق. قارىساق ئىشىخانىدا ھېچكىم كۆرۈنمەيدۇ. ھېلىقى بىز بىلەن پوستا بىللە تۇرىدىغان مۇئەللىم يوق كېتىپ قاپتۇ.

قانداق قىلدۇق، دەپ ئىككىمىزنىڭ قورقىشىمىز تېخىمۇ ئاشتى. بىز شۇنداق چىرقىراپ يىغلاپ كەتتۇق. قورققاندىن ئۆزىمىزنى يوقاتقان ھالغا كېلىپ قالدۇق. بىرىپ ئىشىكنى بېسىپ ئىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدۇق.

شۇ ئارىدا تالادىن بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى. چاققان ئىشىكنى يېپىۋالايلى دەپ ئاستا ئىشىك تۈۋىگە كەلدۇق. تالادا بىر ئادەمنىڭ مېنىڭ ھەم رابىيەنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

رابىيە ئاڭلىدىڭمۇ بىر كىم بىزنى «سۆيۈنگۈل، رابىيە» دەپ توۋلاپ چاقىرىۋاتىدۇ. توختاپ ئاڭلايلى، دېدى. قۇلۇپ سېلىنغلىق يولۋاسلار ئۆيدىن «قىزلار قورقماڭلار مەن سىلەرنىڭ مۇئەللىمىڭلار مۇرات ئاغا مەن» دەپ بىزگە سۆزلەۋاتقىنىنى ئاڭلىدۇق.

مۇرات ئاغا بىزنىڭ تارىخ ئوقۇتقۇچىمىز ئىدى. ئۇنىڭ مىللىتى قازاق بولغانلىقتىن ئوقۇغۇچىلار ئۇنى «مۇرات ئاغا» دەپ ئاتايتتى. مۇرات ئاغانىڭ ئايالى سەغەدەت ئاپپاي بىزلەر بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇيتتى.

سەغەدەت ئاپپاي تاتار قىزى بولۇپ، ئاچارچىلىق يىللىرى سوۋېتتىن سىڭلىسى گۈلزادە بىلەن ئالتاي تەرەپكە ئۆتكەن ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئېغىر كۈنلىرىدە مۇرات ئاغا ئۇلارغا ياردەم قولىنى ئۇزىتىپ قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇلدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر – بىرىنى ئاڭلىشىپ ئاخىرىدا سەغەدەت ئاپپاي بىلەن مۇرات ئاغا ئۆيلىنىدۇ.

شىكىسسىــــەي ۋاقتىدا بۇرھان شـــەھىدىنىڭ ئائىلىسىنى ئالتايغا سۈرگۈن قىلغاندا ئۇلار مۇرات ئاغانىڭ ئائىلىسى بىلەن تونۇشۇپ يېقىن ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇرھان شەھىدى ئۇلارنى ئۈرۈمچىگە ئالدۇرغان دەپ ئاڭلىدىم.

سەغەدەت ئاپپاي بىز بىلەن ئوقۇپ يۈرگەندە ئۇلارنىڭ «باۋرجان» دېگەن ئوغلى بولۇپ، مانا مۇشـــۇ يولۋاســـلار دەۋرىـــدە ۋاپات بولۇپ كەتتى.

مــۇرات ئاغا قىزىقچى ئادەم ئىدى. دەرس ئۆتكەندە شـــۇ تارىخى دەۋرلەردە بىللـــە بولۇۋاتقاندەك قىزىق قىلىپ ســـۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، ئادەمنىڭ مېڭىسىدە ئۇتۇرۇپ قالاتتى.

ھوي مۇرات ئاغاغۇ دەپ كۆڭلىمىز بىر ئاز تىنچلاندى.

مەن ســـىلەرنىڭ مۇئەللىمىڭلار مۇرات ئاغا. مەندىن قورقماڭلار، مەن ھاجەتخانىغا بارغىم كەلدى. نېمشقا بۇنچىۋالا قورقۇپ كەتتىڭلار دەپ سورىدى.

مۇرات ئاغا يولۋاسلار نەدە سىزگە چېقىلمىدىمۇ؟ قورقماي قانداق تۇرىســـىز؟ ئىشكنى ئاچســـاق چىقىپ بىزگە ئېسىلسا قانداق قىلىمىز دەپ رابىيە ئاۋازلىرى تىترەپ ئاران سۆزلىدى.

ھەي قىزلىرىم بۇ يەردە يولۋاس يوق. يولۋاس بولســـا بىزنىمۇ يەپ كەتمەمدۇ، ئۇلار بىزلەرنى «يولۋاس» دەيدۇ. يولۋاس دېگەن جاڭگالدا بولماستىن بۇ يەردە نېمە قىلسۇن، دېدى.

توۋا بىزگە مەكتەپتىن ئىككى يولۋاســـنى تۇتتۇق دېدى ئەمەسمۇ، نېمە ئۈچۈن بىزگە ئۇنداق يالغان ســـۆزلەيدۇ، بىز راســـتتىن يولۋاس

تۇتۇپتۇ دەپ بىلىپ بەك قورقتۇق. مۇرات ئاغا بىز يۈرەك كېسەللىكى بولۇپ ئۆلگىلى تاس قالدۇق. يۇت – قوللىرىمىزدا جان قالمىدى. سىز بولمىسىڭىز بىز ئۆلەر ئىدۇق دەپ تىترەپ ئاران سۆزلىدۇق.

ئىشىكنى ئاچقان ئىدۇق، مۇرات ئاغا چىقىپ ئىككىمىزنىڭ مۈرىسىدىن قۇچاقلاپ سىلەرنىڭ ئاۋازىڭلارنى ئاڭلاپ مەن يۈرەك كېسىلى بولغىلى تاس قالدىم دېدى.

مۇرات ئاغاغا بىر پەنەرنى بەردۇق ئۇ ھاجەتخانىغا بېرىپ كەلدى.

ئەتىسى مەن ھەم رابىيەمۇ دەرىسكە چىقالمىدۇق. چۈنكى ھالىمىزدىن كېتىپ كېسەل كىشىدەك بولۇپ قالدۇق. چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدا سەرۋەر ياتاققا كىرىپ نېمە بولدۇڭلار دەپ ھال سورىدى. بىز ئاخشامقى بولغان ئىشنى سۆزلەپ بەردۇق. يولۋاس دېگىنىمىز بىرسى مۇرات ئاغا بىرسى ئاشخانىنىڭ ئىقتىسادىنى تۇتقۇچى سەيپىدىن ئاكا ئىكەن. بىزنىڭ يۈرىكىمىزنى يېرىپ يولۋاس سۆزىنى نەدىن تېپىپ چىقتى دېگىنە يەنە كىچىك قىزلارنى يېرىم كېچىدە پوستا قويۇپ، مۇئەللىمىمىز قېچىپ كەتتى. مۇرات ئاغا بىزنى چاقىرىپ ئاڭلاتمىسا ئۆلگەن بولاتتۇق. بىزمۇ ئەخمەق يولۋاس دېسە راست يولۋاس ئىكەن دەپ ئىشىنىپ قاپتۇق. بىز بىلەن بىللە پوستا تۇرىدىغان مۇئەللىمىمىزنىڭ قېچىپ كەتكىنىنى كۆرمەمسەن. بىز ھازىرغىچە ئەكسىمىزگە كېلەلمىدۇق، دېدىم.

مەكتەپ ئاشخانىسىنىڭ ئىقتىسادىنى تۇتۇپ كەلگەن سەيپىدىن دېگەن ئادەمنى خىيانەتچى دەپ سولاپ ئاخىر قولغا ئېلىپ كەتتى. چۈنكى ئۇ ئادەم مەكتەپ ئاشخانىسىنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا دەپ بەرگەن

تاماق پۇللىرىدىن خېلى جىق ئىقتىسادقا خىيانەت قىلغان ئىكەن. ئۇ كەتكەندىن كېيىن ئاشخانىنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا بېرىدىغان گۆرۈچىگە ئۇششاق ئاق تاش قوشۇپ خىيانەت قىلغان ئۇ گۆرۈچنى بىر يىلغا يېقىن يىدۇق. ئۇ گۆرۈچنى چايناش ھېچ مۇمكىن ئەمەس. ئاغزىمىزدا ئۇياق – بۇياققا يۇمۇلۇتۇپ چاينىماي يۇتۇشقا توغرا كەلدى. ئاخىرىغا كەلگەندە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاشقازان كېسىلى بولۇپ تاماقنى يېمەس بولدۇق. ئۇنىڭغا بېرىلگەن بۇ جازا ئىنتايىن توغرا بولدى دەپ ھەممە ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭدىن خاپا بولۇپ يۈردى. نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار سالامەتلىكىدىن ئايرىلىپ ئاغرىقچان بولۇپ قالدى.

## ستالىننىڭ ئۆلۈمى

مارت ئېيىنىڭ تەخمىنەن 3 – كۈنى دەرستە ئولتۇرساق ھويلىدا شۇنداق سۈرلۈك يېقىمسىز ماتەم مۇزىكىسى ئاڭلاندى. ھەممىمىز نېمە بولدى، نېمىشقا ماتەم مۇزىكىسى چېلىنىۋاتىدۇ، دەپ ھەيران بولۇپ، بىر – بىرىمىزگە قارىشىپ تۇرۇشىمىزغا تالادىن بىر ئوقۇتقۇچىمىز كىرىپ بارلىق ئوقۇغۇچىلارنى تالاغا چىقىڭلار دەپ بىزلەرنى باشلاپ ئېلىپ چىقتى.

تالادا دەرۋازىدىن كىرىشتىكى كادىرلار ئىشخانىسىنىڭ ئۆگزىسىگە ئورۇنلاشتۇرغان يوغان ئۈچ دانە مىكروفوندىن سۈرلۈك، يېقىمسىز ماتەم مۇزىكىسى چېلىنىۋاتاتتى. بىز نېمە بولدىكىن دەپ ھەيرانلىقتا تۇراتتۇق. مىكروفوندا سۈرلۈك ئاۋاز بىلەن ئۇلۇغ داھىمىز ستالىن قاتتىق ئاغرىقتا دوختۇرخانىدا تەجرىبىلىك چوڭ دوختۇرلارنىڭ ياردىمى بىلەن داۋالىنىۋاتىدۇ، دەپ ستالىننىڭ قان بېسىمى، يۈرەك سوقۇشىنى ھەم بەدەن ھارارىتىنىڭ يۇقىرى – تۆۋەنلىكىنى ئاڭلاتتى.

سەرۋەر، ئۆلمەيتتىغۇ ئۇنىڭغا نېمىشقا ماتەم مۇزىكىسى چالىدۇ، دېدى.

رابىيە بەك قورقۇپ كەتكەن ئىدىم. بىرسى ئۆلدىمىكى دەپ يۈرىكىنى تۇتتى.

مەن ئاستا ئاۋاز بىلەن نېمىدىن قورقسەن بىزنىڭ بىركىمىز ئۆلمەيدۇ. ئاۋۇ موسكىۋادىكى بىر ئادەم ئۇ بىزدىن كۆپ ئۇزاقتا، دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن ھەر ئادەمنىڭ ئۆلمىكى بار دەيدۇ. بىز كۈلۈشتۇق. تۇرسۇن ھوشۇر يەنە بىزنىڭ يېنىمىزغا يۈگۈرۈپ كەلدى. مۇشۇ سەن ئۈچۈنىڭ مەجلىستە گېپىڭ تۈگىمەيدۇ، تىنچ تۇرۇڭلار دېدى.

بىر كۈن مىكروفوننىڭ تۈۋىدە ئولتۇردۇق. يېرىم سائەتتە بىر مەرتىۋە دوختۇر تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئاڭلىتاتتى.

ئەتىيازلىق جۇدۇن ۋاقتى ھاۋا سوغۇق چىديالماستىن توڭلاپ كەتتۇق. سىنىپقا كىرىپ ئىسسىنىپ چىقايلى دەپ سىنىپقا قاراپ يۈگۈرۈپ كېتەتتۇق. تالادىن توڭلاپ تىترەپ كەتكەن ئامىنە كىرىپ ھەجەپ ئۆلەلمەي كەتتى. ئۇنى كۈتۈپ بىزلەر بۇ يەردە توڭلاپ ئۆلۈشكە تاس قالدۇق دېدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى ۋە سۆزىگە قاراپ بىز قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتۇق. ئارقىدىن قورقۇپ تىنچ ئاڭلاپ قالمىسۇن دەپ قولىمىز بىلەن ئاغزىمىزنى يېپىۋالدۇق. 5 – مارت كۈنى مۇزىكا تېخىمۇ سەتلىشىپ پۈتۈن ئادەم يىغلاۋاتقاندەك ئاۋاز چىلىنىشقا باشلىدى. بىز تالاغا چىقىشىمىز بىلەن سۈرلۈك يىغى ئارىلاش ئاۋاز بىلەن:

- «ئۇلۇغ داھىمىز ستالىن ئۆلدى» دەپ ئۆلگەن سائەت مىنۇتلىرىغىچە ئاڭلاتتى. بۇ خەۋەردىن كېيىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قىسمى يىغلاشتى. بىر قىسمى تۈكۈرىكى بىلەن كۆزىنى ئۇگىلاپ

يىغلالمىسمۇ يىغلىغاندەك كۆرۈنۈشكە تىرىشاتتى.

رابىيە مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ ماۋۇ ئارتىسلارنى قارا يىغلىغۇسى كەلمىسىمۇ كۆزىنى تۈكۈرۈك بىلەن نەملەپ ئۇگۇلاپ ئۆزىنى يىغلىغاندەك كۆرسىتىۋاتىدۇ، دېدى. مەن تىنچ باشقىلار ئاڭلاپ قالسا يوق يەردىن بالا تېرىمىسۇن دېدىم.

شەرقىي تۈركىستاننى كوممۇنىستىك پارتىيە ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىدە «جۇڭگو سوۋېت دوستلۇق ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلۇپ، بىردىن باشقا چوڭ كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلارنى شۇ ئۇيۇشمىغا ئەزا قوبۇل قىلىشۋالدى. ئۇلارنى ھەپتىدە بىر قېتىم ئېلىپ بېرىپ رۇس كۇلۇبىدا بىكارغا كىنو قويۇپ بېرەتتى. بۈگۈن شۇ ئوقۇغۇچىلارنى ئېلىپ ئوقۇتقۇچىلار سوۋېت كونسۇلىغا ستالىن ئۆچۈن تەزىيىگە كەتتى. ستالىننىڭ ئىش - ئىزلىرىنى بىلدۈرۈپ كۆرگەزمە ۋە ستالىننىڭ ئۆلگەندىن كېيىن ساندۇقتا ياتقان رەسىمنى چوڭلىتىپ ئوتتۇرىغا بىر ساندۇققا چاپلاپ ھەممە ئادەم شۇ ساندۇقنى ئايلىنىپ ماتەم بىلدۈرۈپ كەپتۇ. ئوقۇغۇچىلار تەزىيىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاڭلىتىپ بىزلەرگە لىكسىيە قىلدى.

## رابىيە ئايۇپنىڭ ۋاپاتى

مەن يازلىق تەتىلدە نەنسەنگە كەتتىم. مەكتەپكە قايتىش ئالدىدا تۇرغىنىمدا شەھەردىن ئەنۋەر ئاكا كەلدى. ئۇ ماڭا:

سەرۋەر، ئامىنە دېگەن دوستلىرىڭ سېنى ئىزدەپ كەلدى. ئۇ قىزلار ساڭا كۆپ سالاملار دېدى. سېنى سېغىنىدۇق دەپ، سېنىڭ بىر رابىيە دېگەن دوستۇڭ بار ئىكەن.

مەن ھە دەپ خۇشـــال بولۇپ، مەنمۇ ئۇلارنى سـىـېغىنىدىم دېدىم. ئەنۋەر ئاكا:

توختاپ تۇر شـــۇ رابىيە دېگەن دوستۇڭ ئەنەنچۇدىن كېلىۋاتقاندا ھارۋىسـى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە شـۇنداق يوغان تاشقۇن سـۇ كېلىپ، ئۇ قىز سـۇغا چۈشـۈپ كېتىپتۇ. ھەممە ئادەم ئۇ قىزنى قۇتۇلـدۇرۇش ئۈچۈن قانچە تىرىشســمۇ لېكىن ئۇنىڭ جەســتىنى ئېلىپ چىقىپتۇ. قىزلار ساڭا دەپ قويي دېدى.

مەن ئۆزۈمنىـڭ قانچىلىك يامان بولغانلىقىمنى دېيەلمەيمەن. كۆزلىرىمدىن يامغۇردەك ئاققان كۆز ياشـلىرىم يۈزۈمنى يۇيۇپ ئاقتى. ئۆزۈمنـى تۇتالماي ئاۋاز چىقىرىپ يىغـلاپ كەتتىم. ئاپام بىلەن دادام مېنى ھېچقانداق قىلىپ بەزلىيەلمەيتتى. ئۇلار ماڭا ۋەدە قىلدى.

بىز ھازىرلىق قىلىپ سـېنى مەكتەپكە ئېلىپ بارايلى، ئۇ قىزنىڭ ئۆيىنى ئۇقۇشۇپ ئادرېسـنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇلار نەدە بولسىمۇ، سـېنى ئېلىپ بېرىپ ئاتا – ئانىسىغا كۆڭۈل ئېيتىپ قايتىمىز شۇنداق قىلساق بولامدۇ، دېدى.

مەنمۇ بەك خۇشـال بولـۇپ، ئۇلارغا رەھمەتلـەر ئېيتىپ ئاتا – ئانامنى قۇچاقلىدىم.

دېگەنـدەك كانىكولدىن بىر ھەپتە بۇرۇن شــەھەرگە كەلدۇق. بارلىق قىزلار بىلەن ئۇچراشـتىم. ئۇلارمۇ ماڭا ئوخشـاش كۆڭۈلسىز قايغۇلۇق ئىدى. لېكىن ھېچكىم رابىيەنىڭ ئۆي ئادرېسىنى بىلمەيتتى. رابىيەنىڭ ئائىلىسى ئەنەنچۇيلۇك دەپ ئاڭلىدۇق. لېكىن ئۇ يەردىكى ئادرېســنىمۇ بىلمەيمىز، كېيىن ئاتا – ئانامۇ رابىيەنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئادرېســنى ئىزدەپ تاپالمىغاندىن كېيىن، ئامالسىز نەنسەنگە قايتىپ

كەتتـــى. مەن رابىيە ئايۇپنىڭ ئاتا – ئانىســـنى، ئۆيىنى ۋە رابىيەنىڭ قەبرىســـنى بىلمەي بارالمىغىنىمغا كۆڭۈلسىز بولدۇم. لېكىن ئۇ ھەر ۋاقىت مېنىڭ كۆڭلۈمدە، مېنىڭ يېنىمدا ئىدى. ئۇ كىچىدىكى قورقۇنچ مىنۇتلارنى ئەســلەپ شۇنچە قىســقا ئۆمرىدە ئۇ بىچارىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئېغىرچىلىقلارنى ئويلاپ ئېچىندىم. بىللە ئۆتكەن ھەر مىنۇت بىزلەرنى يېقىنلاشتۇرۇپ رابىيەنى سېغىناتتىم.

مەن ئۈچ يىل قىزلار مەكتىپىدە ياتاقتا يېتىپ قانداق قىيىنچىلىق بولسىمۇ يېگىپ ئوقۇدۇم.

54 – يىلىغــا كەلگەندە خــاڭ چىڭ كۆلۈبىنىــڭ ئۇدۇلىدىكى كەڭ يەرگە ئىككىنچـــى قىزلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ چوڭ ئىككى قەۋەت چىرايلىق بىناسى سېلىنىپ چىقتى. بىز شۇ مەكتەپكە كۆچۈپ كەلدۇق.

ســـنىپلار يورۇق، كەڭ ئازادە بىر ســـنىپتا ئۈچ يوغان دېرىزە بار، ئاستى قويۇق ســـېرىق رەڭدە بويالغان تاختايلىق ئىدى. كارىدورلارمۇ كەڭ ۋە يورۇق ئىدى. پەلەمپەيلەرمۇ چىرايلىق ياســـالغان بولۇپ، بىز مۇئەللىمىمىزنى ۋارقىرىتىپ پەلەمپەيدىكى راشــاتكىنىڭ ئۈســـتىدىن سېرىلىپ چۈشۈشنى ياخشـــى كۆرەتتۇق. مۇئەللىملەر بىزنى يىقىلىپ چۈشســـلەر دەپ تۇرســـىمۇ لېكىن بۇ ئادەتنى ھېـــچ قويمىدۇق. بۇ مەكتەپ بىناســـى شۇ دەۋردە ســـېلىنغان بىنالارنىڭ ئەڭ سۈپەتلىك ھەم چىرايلىقى ئىدى.

بىرىنچـــى مەرتىۋە قىزلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 8 – ســـنىپى ئېچىلدى. 5 – ســـنىپتىن 7 – سىنىپقا قەدەر تولۇقسىز ئوتتۇرا، 8 – سىنىپتىن 10 – سىنىپقا قەدەر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ، ئوقۇش

باشلاندى.

شۇ يىلى شەرقىي تۈركىستان ئىنىستىتۇتىدىن بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، بىزنىڭ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولۇپ كەلدى. ئوقۇتقۇچىلار تولۇقلىنىپ مەكتىپىمىزنىڭ ئوقۇش سۈپىتىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئېچىلغىنىغا پۈتۈن ئوقۇغۇچىلار ۋە ئاتا – ئانىلار خۇشال بولدى. مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىشتىكى ئوڭ قول تەرەپتە قىزىل خىشتىن سېلىنغان ئىككى ئېغىز خەۋەرلىشىش بىناسى بولۇپ، بۇ بىنادا مەخسۇس ئىككى كىشى مەكتەپكە كىرىپ - چىققان ئادەمدىن خەۋەر تېپىپ تۇراتتى. مەكتەپنىڭ تۆمۈر رىشاتكىسىدىن ئۈچ مېتىر ئېگىزلىكتە دەرۋازا ۋە يان تەرەپتە كىشىلەر كىرىپ - چىقىدىغان كىچىك ئىشىكى بار ئىدى. سىرتتىن كىرگەن ھەربىر ئادەم خەۋەرلىشىش بۆلۈمىگە تىزىملىتىش شەرت ئىدى. مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىشتە ئوڭ قول تەرەپتە مەكتەپنىڭ ئۇ بېشىغا قەدەر سېلىنغان، كادىرلار ئىشخانىسى، ئوقۇغۇچىلار ياتاق بۆلۈمى ھەم ئوقۇغۇچىلار تاماقخانىسى ئورۇنلاشقان ئىدى. ياتاقلارمۇ شۇنداق ئازادە بىر قىزغا بىر كارۋاتتىن قويۇپ ياتاقلار چىرايلىق رەتلەنگەن بولۇپ، كارىدور ئارقىلىق ياتاقلارغا كىرىلەتتى. بىرىنچى يىلى تۆمۈر مەشتە ئوت قالاپ قىينالغان بولساقمۇ، ئىككىنچى يىلىغا كەلگەندە پارۋايلار ئارقىلىق ياتاق سىنىپلار ئىسسىتىلىپ، پاكىزە ھەم چىرايلىق بولۇپ كەتتى.

قىزلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغاندىن كېيىن ئاشخانىغا پۇل تۆلەپ تاماق يېيىشكە توغرا كەلدى. بىزنىڭ ئائىلىنىڭ ئىقتىسادى ئېشىنىپ مېنىڭ تاماق پۇلۇمنى كۆتۈرەلمەي قالدى.

55 – يىلىغا كەلگەندە ئاپامنىڭ ئانىسى (مومام) مەن تۇرغاندا

ھېــچ يەردە قىينىلىپ يۈرمە! مېنىڭ يېنىمغا كەل دەپ مېنى ئۆزىنىڭ يېنىغا كۆچۈرۈپ ئېلىــپ كەلدى. مەن بىر ئاز ئەركىنلەپ «ئۇف»دەپ قالدىم.

54 – يىلى ئۈرۈمچى شــەھىرىگە قارا پاختىلىق شــىم چاپان ۋە ئاياغ كىيىۋالغان ئوغــرى – بۇلاڭچىدەك ئادەملەر يامراپ كەتتى. بىز ئوقۇغۇچىلار بىر - بىرىمىز بىلەن شــۇ ئادەملەر توغرىســىدا قورقۇپ سۆزلىشــەتتۇق. نەدىــن كەلگــەن خەنــزۇلار ئىكــەن دەپ ھەيران بولۇشاتتۇق.

بىر كۈنى ئەتىگەن مەكتەپكە كېلىپ تۇرۇشــۇمغا تالادىن رەيھان ئۆمەر ھاسىراپ بەكمۇ ھاياجان ھالدا سىنىپقا كىرىپ كەلدى.

قىزلار بىلەمســىلەر ھېلىقــى قارا چاپانلىقلار بارغــۇ ئۇلار ئوغرى بۇلاڭچىلار ئىكەن.

ئاخشــام ئاكام دوختۇرخانىغا بىرسىنى يوقلاپ بېرىپ كەچ قايتتۇ. ســائەت ئونلار بىلەن يولدا كېلىۋاتسا نەدىن چىققانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئاكامنىڭ يېنىغا تۆت ئادەم يۈگۈرۈپ كېلىپ ئاكامنى ئۇرۇپ مىجىغىنى چىقىرىپ ئۇچىســىدىكى بىر ئىشتاندىن باشــقا بارلىق كىيىملىرىنى ۋە قولىدىكى سائەتنى ھەم مىنىپ كېلىۋاتقان ۋېلسىپىتىنى بۇلاپ ئېلىپ كېتىپتۇ. ئۇ چالا ئۆلــۈك بولۇپ ياتقاندا، ھويلىنىڭ ئىشــىك ئالدىدا بولۇۋاتقان ۋاراڭ – چۇرۇڭنى ئــاڭلاپ چىققان ئادەم ئاكامنى كۆرۈپ ئۇنى كۆتۈرۈپ ئۆيگــە ئېلىپ كىرىپ، يارىلىرىنى تېڭىپ، ئۇچىســىغا كىيــىم كىيگۈزۈپ تاڭغا يېقىن بىزنىڭ ئۆيگــە ئېلىپ كېلىپ قويدى. ئۆيدىكىلەر شۇنداق قورقۇپ ساخچىلارغا بېرىپ دېسە ئۇلار:

- ئەمــدى ئۇ رەڭدىكى ئادەملەرنــى كۆرگەندە دىققەت قىلىڭلار

كىچىلىرى تالالاغا چىقىپ كەچ قىلىپ يۈرمەيدىكەن. سىزگە ئوخشاش بۇنداق ئەھۋاللارغا ئۇچراپ يۈرگەن ئادەملەر كۆپ. چۈنكى بۇلارنىڭ قارا كىيىمگە قارىغاندا تۈرمىدىكى ئادەملەر ئوخشايدۇ. بۇلارنى شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتىپ قۇتۇلايلى دەپ مۇشۇ يەرگە سۈرگۈن قىلىپ يوللىۋەتكەندەك تۇرىدۇ، دەپ ئېيتىپتۇ دېدى. شۇ دەۋردە بىر ۋېلىسىپىت بىر ماشىنىدەك قىممىتى بار. سائەتمۇ بەكمۇ باھالىق ئىدى. رەيھان ئاكىسىنىڭ شۇ نەرسىلىرىگە ئېچىنىپ سۆزلەپ كەتتى.

قىزلار قورقىنىدىن كىچىلىرى يالغۇز قايتمايلى، بىللە يۈرۈپ بىللە قايتايلى دەپ پىلانلار تۈزۈشتى. سىنىپىنىڭ ئىچى سۈرلۈك بولۇپ كەتتى. سەرۋەر بىزنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى جىنايەتچىلەر تۇرىدىغان يەر دەپ ئويلامدىكىن، كىمگە كىرەك ئۇ بۇلاڭچىلار دېدى. بىزنىڭ تىنچلىقىمىزنى بۇزۇپ بۇ بۇلاڭچىلارنى نېمىشقا بۇ يەرگە ئەۋەتىدۇ دەپ پاتىگۈل خاپا بولدى. بۇ ئەھۋالغا نارازىلىق قىلىپ پۈتۈن قىزلار ۋارقىراپ سۆزلەپ تۇراتتۇق، مۇئەللىم كىرىپ كەلدى. سىنىپ مەسئۇلىمىز ھۆرلىقا ئاپپاي بىزنىڭ جىددى سۆزلەشكەن سۆزىمىزنى سورىدى. رەيھانە ئۆمەر ۋە بارلىق ئوقۇغۇچىلار «قارا چاپان» كىيگەن خىتاي ئۆلكىلىرىدىن كەلگەن خەنزۇلارنىڭ «بۇلاڭ – تالاڭ» قىلىپ شەھەر تىنچلىقىنى بۇزغانلىقىنى سۆزلىدۇق. مۇئەللىم بىزگە دىققەت قىلىڭلار قاراڭغۇدا كوچىلاردا يۈرمەڭلار دېدى. قىزلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇش سۈپىتى يۇقىرى، بېرىلگەن تەلىم – تەربىيە ئارقىلىق ھەر تەرەپتىن مۇكەممەل يېتىلگەن ئوقۇغۇچىلار بولۇپ چىقتى.

56 – يىلى ئىككىنچى قىزلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى بىرىنچى مەرتىۋە ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. 56 – يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن بارلىق ئوقۇغۇچىلار خىتاي ئۆلكىلىرىنىڭ ئالىي

مەكتەپلىرىگە ئوقۇۋاتقانىدى. 57 – يىلى بىزنىڭ سىنىپ ئىككىنچى قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئىككىنچى مەرتىۋە ئوقۇش تاماملىغان ئوقۇغۇچىلىرى ئىدۇق. بىزلەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىدىتسىنا ئىنىستىتۇتى، شىنجاڭ ئىنىستىتۇتى، تىل ئىنىستىتۇتلىرىغا ئوقۇشقا بۆلۈنۈپ كەتتۇق.

## نەنسەن

بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر نەنسەندە قىشلاپ قالغان يىلى «يەر ئىسلاھاتى» ھەرىكىتى باشلىنىپ بولۇپ، بىر يىل «يەر ئىسلاھاتى» دولقۇنىدا قايناپ ئۆتۈپتۇ. ئىككىنچى يىلى كېتىشنى ئويلاپ تىرىشىپ كۆردى، لېكىن مۇمكىن بولمىدى. يەنە بىر يىل قىشلاشقا توغرا كەلدى. مەن ئۆيدىكىلەرنىڭ شەھەرگە قايتىپ كېلىشىنى شۇنچە ئۈمىد قىلساممۇ بولمىدى.

يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن ئۆيدىكىلەر دېھقانچىلىق گۇرۇپپىسىدىن ۋاز كېچىپ، چارۋىچىلىق گۇرۇپپىسىغا يۆتكىلىشۋالدى. چۈنكى چارۋىچىلار ئەركىن ئۆزىنىڭ چارۋا مېلىنى ئۆستۈرۈپ يۈرۈش ئىمكانىيىتى بار ئىدى. لېكىن تەلەيگە قارشى، ئۇ يىلى چارۋىچىلاردا «كوپىراتسىيەلەشتۈرۈش» ھەرىكىتى باشلىنىپ خەلقنىڭ قولىدىكى بارلىق ماللارنى يىغىۋالدى. خەلق قولىدا سىغىپ ئىچىدىغان كالا ۋە بىرەر ئاتتىن باشقا ئارتۇق مالنى قالدۇرمىدى. قىسقىسى، خەلق قولىدا ھېچقانداق بايلىق قالمىدى.

شەھەردە ئۈچكە، قارشى بەشكە قارشى ھەرىكەت، يېزىلاردا «يەر ئىسلاھاتى» ۋە چارۋا رايونلاردا «كوپىراتسىيەلىشىش» ھەرىكىتى

ئېلىپ كېتىپ باراتتى. بىچارە يۇۋاش خەلق قورققىنىدىن قارشىلىق كۆرسەتمەستىن بويۇن سۇنۇپ ياشاشقا توغرا كەلدى.

59 – يىلى ھويلىنىڭ «سافىكىت مىتال» ئىدارىسى بىلەن تونۇرگەن كېلىشىم ۋاقتى توشقان ئىدى. مانا شۇ پەيتتە ئۇرۇمچى شەھىرىدە بىر كۈندە تۇيۇقسىز پۈتۈن شەھەر بويىچە ھۆكۈمەت ھويلىلارغا «سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش» ھەرىكىتى باشلىۋەتتى. ياشلار ئوقۇغۇچىلار ۋە ئاھالىدىن ئاكتىپ (ئەخمەقلەرنى) يىغىپ، تۈركۈم – تۈركۈم ئادەملەرنى ھويلىلارغا كىرگۈزۈپ پۈتۈن ئۆيلەرگە «سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىردى» دېگەن سۆزنى يازغان قەغەزلەرنى چاپلاپ ئۆزگەرتىش قىلدى.

ئۆي ئىگىلىرى ئىشقا كەتكەن ياكى ئۆيدە بولمىغان بولسا ئۇ ئۆيلەرگىمۇ «سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىردى» دەپ قەغەز چاپلاپ، ئۆي ئىگىلىرى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئىككى يىل ئىجارە تۆلەپ ئولتۇردى. بىزنىڭ شۇنداق چوڭ ھويلىدىن زەكى چوڭ دادامىلارنىڭ ئولتۇرغان بىزنىڭ ئۆيىنى ئۇلارغا قالدۇرۇپ پۈتۈن ھويلىدىكى ھەممە ئۆيلەرگە «سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش» كىرگۈزۈپ ھۆكۈمەت قولىغا ئۆتتى.

بىزلەرگە ھەم دادامنىڭ چوڭ ئاكىسىنىڭ ئىككى بالىسىغا ھېچنەرسە قالمىدى. قولىمىزدا قالغان بىر ئىقتىسادىمىز بولغان ھويلىمىزنىمۇ تارتىۋالدى. پۈتۈن ئادەم بۇ سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشكە قارشى بولسىمۇ لېكىن بىر ئادەم بۇنىڭغا ئۆزىنىڭ نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ بىر ئېغىزمۇ سۆزلىيەلمەيتتى.

60 – يىلى مەن بۇ ئەھۋاللارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ بۇلاڭچىلىق ھەرىكىتىگە ئىچىم قايناپ توختىماستىن «بۇلاڭچىلار

– بۇلاڭچىلار» دەپ تووۇلغىم كەلدى. كۆڭۈلسىز بولدۇم، قولىمىزدا قالغان بىر ئىقتىسادىمىز شۇ بىر هويلا ئىدى. ئەمدى ئۇمۇ كەتتى. قولىمىزدا نېمە قالدى؟ دەپ ئويلايتتىم.

شۇ ئارىلىقتا تەتىل ۋاقتى بولۇپ ئۆيگە كەتتىم. ئۇلار قانداق قىلىۋاتقاندۇ. بۇ ئەھۋاللارنى ئاڭلىغانمىدۇ، دەپ ئويلاپ بارسام، ئۇلار تېخىمۇ بەتتەر ئىېغىر كۈندە ئىكەن. ئۆيگە كىرىپ هەيران بولدۇم. ئۆيىمىز پۈتۈنلەي يالىڭاچ، ئۆيدە بىر نەرسە يوق. بۇ قانداق ئىش مەن ئىېلىپ كەلگەن شۇم خەۋەردىن بۇلارنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ يامان ئوخشىمامدۇ، دەپ ئويلاپ ئەجەبلەندىم.

مەن سالاملاشقاندىن كېيىن، بىرىنچى سۆزۈم نېمە بولدى؟ ئۆيدە هېچنەرسە يوققۇ! ئوغرى كىردىمۇ، دەپ سورىدىم.

ئاپام «بىز يالىڭاچ پۈرۈلتار بولدۇق» قازاق قېرىنداشلار دېگەندەك «تاقركىدەي» بولدۇق. پۈرۈلتارلارنىڭ قازان – چۆمۈچ، قاچا – قۇمۇچ، چۆگۈنلىرى بار ئۆيلىرىدە تاماق پىشۇرۇپ يەيدۇ. بىزدە ئۇمۇ يوق. بىلەمسەن كامۇنا قۇرۇلدى. «مېنىڭ» دېگەن نەرسە يوق. «سىنىڭكىمۇ مېنىڭكى» بولدى. چوڭ قازانغا قاراپ قالدۇق. بىزگە تالادىكى ئوت – چۆپلەرنى قايناتىپ بېرىدۇ، ئۇنىمۇ تويغۇدەك قىلىپ بەرمەيدۇ. نېمە دەيسەن، قولىمىزدىكى ماللارنى هەتتا ئۆردەك، غاز، توخۇلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىشتۇرۇپ «كامۇنانىڭ» دەپ ئىېلىپ ماڭدى. ئەمدى شۇ خەلقتىن ئىېلىپ كەتكەن ماللار هەم ئۆردەك، غاز، توخۇلار نەگە كەتتى، هېچ كىم بىلمەيدۇ.

كامۇنا قۇرۇلۇش بىلەن بىزنىڭ كىشىلىك هوقۇقىمىزنىمۇ يوق قىلدى. سايلاپ قويغان بىر تۈركۈم ئادەملەر بەكمۇ ئىېشىپ كەتتى.

ئادەملەرنىڭ ھۆرمىتى قالمىدى. داڭخور، دۇڭخور ئىشىكتىن ئۆسۈپ كىرىپ بىزنىڭ نەرسىلىرىمىزنى بىزدىن سورىماستىن ئېلىپ چىقىپ كېتىدىغان بولدى. بىزمۇ بىر نەرسە دېيەلمەيمىز. چۈنكى «كوممۇنالىشىش» ھەربىكىتىگە قارشى چىقتى دەپ سۆرەپ چىقىپ ئۇرۇپ - سوقۇپ قالپاق كىيگۈزۈپ كۆرگۈلۈكنى كۆزىگە كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭ سۈت تارتىدىغان ماشىنىمىزنى «سىرچىلىق گۇرۇپپىسى»غا دەپ ئېلىپ ماڭدى. بىرەمسەن - يوق دەپ سوراپمۇ تۇرمايدۇ. ئىش تىكىش ماشىنامنى «تىككۈچىلىك گۇرۇپپىسى»غا دەپ ئېلىپ كەتتى. ئۆيدىكى گىلەم - كىگىزلەرنى ھەم بالىلار كارىۋاتلىرى ۋە ئورۇن - كۆرپە، ياستۇقلارنى يەسلى قۇرىمىز دەپ يىغىشتۇرۇپ ئېلىپ ماڭدى. ھەممىسىغۇ مەيلى ئىدى، ھەممىدىن يامان بولغىنى كىچىك باللارنى ئاتا - ئانىسىنىڭ بېرىش - بەرمەسلىكىگە قارىماستىن يەسلىگە يىغىۋالدى. كېچىدىمۇ قايتۇرمايدۇ. ئۇ بىچارىلەرگە بەكمۇ ئۇۋال بولدى. قاچان قارىساڭ ئاغزى يىپىلماي يىغلاپ ئولتۇرىدۇ. قورساقلىرى ئاچ، ھەممىدىن ماڭا ئېغىر كەلگىنى شۇ قىزىمنى ئېلىپ كەتكىنى بولدى. بىزنىمۇ باللىرىمىزنىڭ يېنىغا كىرگۈزمەيدۇ، ئۇنىڭغا ئاپىرىپ يېگۈزگۈدەك ئۆيدىمۇ بىر نەرسە يوق دەپ ئاپام چارىسىز ھالدا كۆزلىرىدىن ياشلىرى تۆكۈلۈپ كەتتى.

بۇ نېمىدېگەن ئېغىر كۈن دېگىنە، قۇللاردىنمۇ بەتەر كۈنگە قالدۇق دېدى.

دادام كەتكەن مال - مۈلۈكلىرىم ئۈچۈن ئىچىم ئاغرىمايدۇ، ئائىلەم بىلەن باللىرىم ئامان قالسا ئىكەن دەپ ئەنسىرەيمەن، دېدى.

مەن بۇ يەردىكى ئەھۋالغا قارىسام شەھەردىكى ئۆيلەرنىڭ كەتكىنىدىمۇ ئېغىر مۇھىت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يۈرىكىم مۇجۇلدى.

بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا ھېچقانداق بىر چارە يوق ئىدى. خەلق يۇۋاش ھەم ئەسىرلەر بويى بېسىم ئاستىدا يۈرەكلىرى مۇجۇلۇپ نادان قالدى. بۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈرەلمەيدۇ.

مەن ئۆزۈمنى چارىسىز ھېس قىلدىم.

ئەتىگەن ئويغانسام تالادا ئۇششاق بالىلارنىڭ چۇقىراشقان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ تالاغا چىقتىم. قارىسام كوممونا ئاشخانىسىنىڭ ئالدىدا يۈزدەك بالىلار چېلەك، كورىلارنى تۇتۇپ ئۆچرەتتە تۇرۇپتۇ، ئۇلار ئاشخانىدىكىلەرگە:

تېز بولمامسىلەر! قورسىقىمىز ئېچىپ كەتتى، دەپ ۋارقىرايتتى. ئاشخانىدىن بىر ئەر كىشى چىقىپ «تاماق پىشمىدى كېتىڭلار!» دەپ توۋلاپ بالىلارنى قوغلىغان ئىدى.

بالىلارنىڭ بىرسى يۈگۈرۈپ بېرىپ ئاشخانىنىڭ تاماق پىشقاندا چالىدىغان قوڭغۇراقنى سوقتى (چالدى) ئاشخانىدىكى ئادەملەر بالىلارنى ۋارقىراپ قوغلايتتى. بۇلارغا قاراپ كۆڭلۈم تېخىمۇ يامان بولدى.

يېرىم سائەتتىن كېيىن ئىنىم سادىق بىلەن ئەخمەت يېرىم كورا ئوماچنى كۆتۈرۈپ كەلدى. «چاققان ئوت» بىلەن قوناق ئۇندىن پىشۇرۇلغان ئۇماچ ئىدى. ئادەم بېشىغا بىر چىنىدىن ئاران يەتتى. دادام بىلەن ئاپام ئۆزىنىڭ چىنىسىدىكى ئۇماچتىن ئىككى ئوغۇلغا بۆلۈپ بەردى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئاچلىقتىن كۆزلىرى پارقىراپ تۇراتتى. مەن بۇلارنى كۆرۈپ كىكىرتىكىم بوغۇلۇپ ئۇماچ ئۆتمەي قالدى. ئىنىم سادىق:

- ھەدە سىلەرمۇ شۇنداق ئۇماچ يەمسىلەر؟ سىلەرنىڭ تاماقلىرىڭ

ياخشــىدۇر ھە؟ بۇ تاماقلارنىمۇ بىزگە جــق بەرمەيدۇ، بىز تويمايمىز ئاچ قورســاق يۈرىمىز دېدى. كۆڭلۈم بەكمۇ ئەســكى بولدى. ئۆزۈمنى ئاران توختىتىپ ھەئە ئۇكام بىزمۇ ئۇماچ ئىچىمىز ھەممە ئادەم ئۇماچ ئىچىدۇ. ھازىر ئاچلىق يەنى تاماق يېتىشمەســلىك دەۋر بولدى. بۇمۇ ئۆتۈپ كېتەر ئۇكام قانداق قىلىمىز باشقا ئامالىمىز يوق دېدىم.

ئارىدىن بىرقانچە ئاي ئۆتتى. يەســلىدىكى ســىڭلىمنىڭ ۋاپات بولغــان خەۋىرىنى ئاڭلىدىم. يۈرىكىم شــۇنداق قاتتىــق ئاغرىدىكى ئۆزۈمنى يوقاتقاندەك بولدۇم. ئــۇ بىزنىڭ بالىلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چىرايلىقى ئىدى. ئۇنىڭ بالىلار تۇرمىسىدە ئاچ قورساق يىغلاپ تۇرغان قىياپىتى كۆز ئالدىمغا كەلسە ئۆزۈمنى تۇتالمايتتىم.

ھازىرمۇ شۇ سىڭلىمنى ئەسلىســەم كۆزۈمگە ياش كېلىدۇ. ئۇزاق ۋاقىت ئۆزۈمنى يوقاتقاندەك بولۇپ، قاتتىق غەزىپىم ئاشتى. قانخورلار قاتىللار دەپ تووۋلىغۇم كېلەتتى.

شۇ بىر يەســلىدىكى بالىلارنىڭ ئىچىدە پەقەت بالىلارنى باققان ئاياللارنىڭ تۆت بالىسىدىن باشــقا ھەممە بالىلار ئاچتىن ئۆلدى. ئۇ باققۇچى ئاياللار ئۆز بالىلىرىنى تويغۇزۇپ ئاچلىقتىن ســاقلاپ قالغان بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى كېيىن «كۆك يۆتەل» كېسىلى كېلىپ شۇ تۆت بالىنىڭ ئىككىسى كۆك يۆتەل بىلەن ۋاپات بولۇپ، قالغان ئىككى بالا كۆك يۆتەلدىن كېيىن پالــەچ ھالدا قېلىپ كېيىن ئۇلارمۇ ئۆلۈپ كېتىپتۇ دەپ ئاڭلىدىم.

دادام بىلــەن ئاپامنىــڭ بار خۇشــاللىقى بالىلىــرى ئىدى. ئۇلار بالىلىرىنى ياخشــى كۆرەتتــى. «بالىلىرىمىز بىزنىــڭ دۆلىتىمىز ھەم بايلىقىمىز» دەپ پۈتۈن دىققىتىنى بالىلارغا بېرىپ شۇلار بىلەن خۇشال

ياشايتتى. دادام سوپراغا كېلىپ ئولتۇرمىغىچە باللارمۇ ئۇستەل يېنىغا كەلمەي دادامنى كۈتۈپ، دادام ئاشــقا قــول ئۇزاتقاندىن كېيىن ئاپام باللارغا ئاش بۆلۈپ تەخســىلىرىگە ئاش سېلىپ بېرەتتى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن، ســوپرىنى يىغىشــتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەممە باللار دەپتەر - كىتابلىرىنى ئېلىپ چىقىپ دەرس تەييارلايتتى. دادام ئۇلارنىڭ دەرسلىرىگە ياردەملىشىپ، بىلمىگەن يەرلىرىنى ئۆگىتەتتى. ئاپام كىچىك باللارغا ئىگە بولۇپ ئوينىتىپ ھەم ئۇخلىتاتتى. دەرستىن كېيىن باللار دادام بىلەن ئاپامنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ھېكايە ئېيتىپ بېرىشــنى ئۆتۈنگەندىن كېيىــن، دادام بىلەن ئاپــام ئۇلارغا «ئاللاھ» توغرىسىدا ھەمدە دۇنيانىڭ ۋە ئادەملەرنىڭ يارىلىشى ھەققىدە ئاددى تىل بىلەن ئاڭلارلىق قىلىپ چۈشەندۈرەتتى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆمۈر تارىخى يەنى ھېكايىلىرىنى ســۆزلەپ بېرەتتى. باللار بەكمۇ قىزىقىپ نۇرغۇن قىزىق ســوئاللارنى بېرىپ دادام بىلەن ئاپامنى ھودۇقتۇراتتى. ئۇلار باللارنىڭ ھەربىر ســوئاللىرىغا ئايرىــم - ئايرىم جاۋاب بېرىپ بالــلار قانائەتلەنگەندىن كېيىــن، قۇرئان ئايەتلىرىدىن قىســقا بىر سۈرىنى ئۆگىتىپ ياتقۇزاتتى.

بــەزى كۈنلىرى شــائىرلارنىڭ شــېئىرلىرىدىن ئوقــۇپ بېرەتتى. دادام گارمۇن - ماندالىن، بالالايكا ھەم ئىســكۇرۇپكىلارنى چېلىشنى بىلەتتى. باللارغا مۇزىكا چېلىپ باللارنىڭ ئۆزى بىلگەن ناخشىلىرىنى ئېيتقۇزۇپ ئۇلارنى خۇشال قىلاتتى. باللار ئۈچۈن كۆڭۈللۈك بىر كۈن بولۇپ، ئۇلار ھېسسىياتلىنىپ كېتەتتى. بەزىدە باللار ئۆزلىرى كانسېرت تەييــارلاپ بىــر كۆڭۈللۈك كېچە ئۆتكــۈزۈپ بېرەتتى. ئــەڭ قىزىقى ھەممە ھازىرلىغان كانسېرتلارنىڭ ئىچىدە كىچىكلەرنىڭ ھازىرلىغان ئويۇنلىرى كۈلكىلىك ئىدى.

دادام بىلەن ئاپام چوڭ ئاكىسىغا ياردەم قىلىش مەقسىتىدە بىر - ئىككى يىل تاغدا قىشلاپ قايتارمىز دېگەن ئوي بىلەن نەنسەنگە چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئەڭ ئېغىر نەرسە نەنسەندە 20 يىل تۇرۇپ قالدى. ئەمما، دادام ئۆمرىنى بوشقا ئۆتكۈزمىدى. بۇ يىگىرمە يىل ئىچىدە نۇرغۇن ياخشى ئىشلار قىلىپ قالدۇردى. بۇغالتىرلىق كۇرسىنى ئېچىپ ئۇ يەردىكى ياشلارغا بۇغالتىرلىق ئۆگىتىپ چىقتى. ئوقۇپ چىققانلار ھەربىر دادۇي – شاۋدۇيلەردە بۇغالتىر بولۇپ ئىشلىدى. بىز تۇرغان يەردە سۇ يوق بولغانلىقتىن كىشلەر يىراقلاردىن سۇ توشۇپ ئىشلىتىپ خەلق كۆپ قىينىلاتتى. بەنجەگو ساينىڭ بېشىدا بۇلاق سۈيى بولۇپ، ئۇ يېرىم يولغا كەلگەندە يەر ئاستىغا سىڭىپ خەلق بار يەرگە ئېقىپ كېلەلمەيتتى. مانا شۇ سۇنى دادام بىلەن ھەدىسىنىڭ ئوغلى ۋاخت ئابىزى ئىككىسى نەچچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا تاغ باغرىدىن ئېرىق كولاپ، بەزى ئورۇنلارغا ياغاچتىن ناۋا ياساپ ئۇ سۇنى خەلق زىچ جايلاشقان يەرگە ئېلىپ كەلدى. خەلق سۇ قىينچىلىقىدىن قۇتۇلۇپ دادامىلارغا كۆپ رەھمەتلەر ئېيتتى.

گۇڭشىلاشقاندىن كېيىن دادام بىز تۇرغان شەرق شىمال دادۇيدە باش بۇغالتىر بولۇپ ئىشلەپ كەلدى. دادام بورتالا ھەم غۇلجا تەرەپلەرگە بېرىپ بىر چوڭ يۇك ماشىنىسى ھەم پارانچى (توك تارقاتقۇچى ماشىنا)لارنى ئېلىپ كېلىپ يۇتۇن گۇڭشىنى توك بىلەن تەمىنلەپ خەلق قاراڭغۇ چىراقتىن قۇتۇلۇپ ئېلېكتىر يورۇقىدا راھەتلەندى. توك تارقىتىش ماشىنىسىدىن پايدىلىنىپ خەلق ئۆزى تېرىغان بۇغدايدىن ئۇن چىقىرىپ كۆپچىلىك شۇ ئۇندىن پايدىلىنىپ ئىشلەتتى ھەم گۇڭشىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىدا قاتناش قىينچىلىقى يېشىلدى.

بىزدىن يەتتە كىلومېتىر يۇقىرىدىكى گەنگو (قورغاق ساي) قازاق قېرىنداشلار ئۇ ساينى «سۇلۇق ساي» دەپ ئاتايتتى. ھەقىقەتەن ئۇ ساينىڭ ئوتتۇرىسىدىن تاش تاغ (كۆك تاغ) ئاستىدىن چىقىدىغان يوغان بىر ئېرىق سۇ ئاقاتتى. بۇ سۇمۇ ساينىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە يەر ئاستىغا سىڭىپ يوق بولاتتى. دادام شۇ سۇدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن سېمونت ئېرىق ياساشنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەم شۇ سۇدىن ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى بىلەن توپ تېرەككە بارىدىغان سېمونت ئېرىق ياساش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. ھەم ئۇنىڭ ئۈچۈن سېمونت زاۋۇتىغا بېرىپ سېمونتلار ئېلىپ كېلىپ بىر يازدا ئۆزى باش بولۇپ پۈتۈن گۇڭشى خەلقىنى سەپەرۋەرلىككە كېلىپ سېمونت ئېرىقنى ياساپ چىقتى. بۇنىڭغا كۆپچىلىك ئىنتايىن خۇشال بولدى. سۇ قىيىنچىلىقى يېشىلدى.

نەنسەننىڭ توپىسى قارا توپا بولغانلىقى ئۈچۈن ياڭيۇ تېرىپ ھوسۇلدىن گۇڭشىغا كىرىم قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزى باش بولۇپ، ياڭيۇ تېرىمچىلىقىنى ئېلىپ بېرىپ ياڭيۇ مەھسۇلاتىدىن كۆپلىگەن كىرىمگە ئىگە بولدى. ئاندىن چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن شاڭخەيدىن نەسىللىك «ئالا تاۋ» دېگەن سۈتلۈك كالىلارنى ئېلىپ كەلدى. دادام بىر مىنۇتنى بوشقا ئۆتكۈزمەيتتى. نېمە نەرسە خەلققە پايدىلىق بولسا شۇ نەرسىنى ئىشلەيتتى. ئەڭ قىسقىسى، «قۇرۇلۇش ئەترىتى»نىڭ سالىدىغان بىنالارنىڭ قۇرۇلۇش سىخېمىلىرىنىمۇ دادام سىزىپ بېرەتتى.

نەنسەنگە دادام 35 يېشىدا، ئاپام 31 يېشىدا كەلگەن ئىدى. بۇ يىگىرمە يىل ئىچىدە نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ گۇڭشىنىڭ تەرەققىياتىنى كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئىلگىرىلەشكە

تۆھپــە قوشــقان بولســىمۇ، ئــەڭ ئاخىــر مەدەنىيــەت ئىنقىلابىدا «ئەكســىلئىنقىلابچى»، «گومىنــداڭ قالدۇقــى» «سوتســىيالىزىمنى بۇرمىلىغۇچــى»، «چەتكە باغلانغان ئۇنســۇر» قاتارلىــق قالپاقلارنى كىيگۈزۈپ كۈرەش قىلىپ ســازايى قىلىش جەريانىدا سالامەتلىكىنى يوقىتىپ دەم سىقىش ئازابى تارتىپ ياشىدى.

60 – يىلــى كانىكولدا ئۆيگە بارغىنىمــدا ئۇلارنىڭ تېخىمۇ ئېغىر ئەھۋالىنى كۆرگەندىن كېيىن، كۆپ ئويلاندىم. ئاخىر سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشــكە كىرگەن ئۆينى ســۈرۈنۈپ كۆرەي، بەلكى بىرەر ئۆينى ئالسام ئاز بولســىمۇ ياردەم بولار دەپ شەھەرلىك پارتكومغا بېرىشنى ئويلاندىــم. ئۇنىــڭ ئۈچۈن توپ – توغرا بېرىپ ئىشــكنى ئۇرســام بەلگىلىك ئاچمايدۇ. شۇڭلاشــقا ئىشــكنىڭ ئېچىش يولىنى تېپىش ئۈچۈن يورۇق پەنــەر كېرەك دەپ ئويلاپ بىزنىــڭ ئىككىنچى قىزلار ئوتتۇرا مەكتەپتىكى رىزۋان ئاپپاينىڭ يولدىشى مەمتىمىن يۈسۈپ ئاكا شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىســى يەنى باشلىقى ئىدى. مەن رىزۋان ئاپپاينى پەنەر قىلسام بۇ ئىشىكنىڭ يولىنى تاپالايمەن دەپ ئۈمىدلىنىپ 61 – يىلى شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسى مەمتىمىن يۈسۈپ ئاكىنىڭ ئالدىغا باردىم. مېنى دەرۋازىدىن توســۇپ كىرگۈزمىدى. مەن ئۇلارغا مــەن مەمتىمىن ئاكىنىڭ ئايالى رىزۋان ئاپپاينىڭ ئوقۇغۇچىســىمەن. مېنىڭ زۆرۈر ئىشىم بار دەپ بىرقانچە كۈن قاتىراپ يۈرۈپ ئاخىر ئالدىغا كىرىشكە رۇخســەت قىلدى. مەن ئۇنىڭغا مىدىتسىنا ئىنىستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىســى ئىكەنلىكىمنــى ۋە ئۆزۈمنىــڭ ئوقۇش ئۈســتىدىكى ئىقتىســادى قىيىنچىلىقىم ھەم ئائىلەمنىــڭ قانچىلىك قىيىنچىلىقتا ياشــاۋاتقانلىقىنى ۋە ھويلىمىزدىن بىر ئېغىز ئۆينى بەرمەستىن بارلىق ئۆيلىرىمىزنى سوتسىيالىســتىك ئۆزگەرتىشــكە كىرگۈزۈۋەتكەنلىكىنى،

بىزنىڭ ھازىر ئائىلە تۇرمۇشىمىز ئىنتايىن قىيىنچىلىقتا دەپ پۈتۈن ئەھۋالنى سۆزلىدىم. مەمتىمىن شۇجى تارتمىسىدىن بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ «ئۆي باشقۇرۇش» ئىدارىسىغا «سالىخ ۋەلىنىڭ پۈتۈن ھويلىسى قايتۇرۇپ بېرىلسۇن» دەپ قەغەز قىلىپ بەردى. خۇشاللىقىمدىن مىڭ مەرتىۋە رەھمەتلەر ئېيتىپ چىقىپ ئاندىن ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ «ئۆي باشقۇرۇش» ئىدارىسىغا باردىم. لېكىن ئۇ يەردە مېنى ئۇنداق ياخشى قارشى ئېلىش بولمىدى. سىزگە ئۇنداق ئۆينى قايتۇرىدىغان بولساق پۈتۈن ئادەم ئۆيىمىزنى ئالىمىز دەپ بىزنىڭ بېشىمىزنى ئاغرىتىدۇ. بۇ مۇمكىن ئەمەس. مەمتىمىن شۇجى ئۆزىنىڭ ئۆيىنى سىلەرگە بەرسۇن، دەپ ۋارقىراپ - جارقىراپ قوغلىدى. مەن پارتىيىنىڭ سىياستى كىم ئۈچۈن ئىشلەيدۇ؟ خەلق ئۈچۈن ئىشلىمەمدۇ؟ دەپ سورىدىم.

سىزگە كىم پارتىي سىياستى خەلق ئۈچۈن ئىشلىمەيدۇ، دەپ ئېيتتى. خەلق ئۈچۈن ئىشلەيدۇ. ئەلۋەتتە ئورۇنلۇق بولۇشى كېرەك. بۇ پارتىيىنىڭ سىياستىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ دېدى. نېمىشقا ئورۇنلۇق بولمىسۇن، مەنمۇ شۇ خەلقنىڭ بىرسى. مەنمۇ قىيىنچىلىقىم ئۈچۈن پارتىيىدىن ياردەم سوراپ كەلدىم. پارتىيىنىڭ سىياستى قېتىپ قالغان نەرسە ئەمەس، بىزدەك قىيىنچىلىقى بار ئادەملەرگە ياردەم قىلىپ خەلق ئۈچۈن ئىشلەش كېرەك دېدىم.

بىزنىڭ قىيىنچىلىقىمىز بار شۇ پارتىيە سىياستى بىلەن قىيىنچىلىقىمىزنى ھەل قىلىپ بېرىڭ دېدىم.

مانا شۇنداق قارشىلىقلار ئىچىدە ھېچ توختىماستىن ئۇقۇش ئارىلىقىدىن ۋاقىت چىقىرىپ شەھەرلىك پارتكوم بىلەن ئۆي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئارىلىقىدا بىر يىلدىن ئارتۇق يۈرۈپ ھويلىمىزدىن 62 - يىلى ئۈچ ئېغىز ئۆينى قايتۇرۇۋالدىم. بۇ بىز

ئۈچۈن خېلــى ياردىمى بولدى. ئايغا 30 يۈەن ئىجارىســى بىزگە بىر ئاز بولســىمۇ قوشــۇمچە بولدى. 59 - يىلى پۈتۈن خەلقنى نوپۇسقا ئېلىش سىياسىتى بىلەن كىم قەيەردە بولسا ئۇنىڭ نوپۇسى شۇ يەرگە باغلىنىپ خالىغاندا كۆچۈپ بىرىپ شــەھەرلەرگە ئورۇنلىشالمايتتى. بۇ ھەممىدىن ئېغىر ۋە قىيــن بىر ئىش بولدى. بىز ئۈچ ئېغىز ئۆينى ئالغان بىلەن شــەھەرگە كۆچۈپ بىرىپ ئولتۇرالمىدۇق. ئادەم بالىسى ھايات يولىدىن بىر قەدەم خاتا دەسسەپ قويسا، ئەسلىگە كېلەلمەي، ئۇنىــڭ پۈتۈن ئۆمرى ئــۇزۇن يىللار ئېغىرچىلىققا دۇچ كېلىدىكەن. شــۇنىڭ بىلەن ئاتــا - ئانام 20 يىل نەنســەندە قالدى. مەن 57 - يىلى ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملىغاندىن كېيىن مىدىتسىنا ئىنىستىتۇتىغا ئوقۇشــقا كىردىم. ئالىي مەكتەپ ھاياتىمىزدا مىللى بىســمىغا قارشى ئوقۇش تاشــلاش ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بېرىلدى. ھەم مۇســتەقىللىق ئۈچۈن تەشــكىلات قۇرۇپ چىققاندىن كېيىن بۇ ئىشلار ئاشكارىلىنىپ شــۇ تۈپەيلىدىن ئىككى قىز ئىككى ئوغۇلنى قولغا ئالدى. ئوغۇللارنى يەنى ئابلىز ســەۋرىدىن 19 يىل ئەخمەت توختى 13 يىل كېســىلىپ تارىم جىنايەتچىلەر لاگىرىغا ســۈرگۈن قىلىندى. بىز قىزلارنى قاراڭغۇ تۈرمىدىــن كېيىن مېنى ئۈچ يىل ســاجىدەنى ئىككى يىل كېســىپ شىگوبى (غەربىي چۆللۈك) ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگىرىغا سۈرگۈن قىلدى. ئۈچ يىلدىن كېيىن رىجىم بىلەن خەلق تۈرمىســىگە يوللاپ مېنى نەنسەنگە، ساجىدەنى چۆچەك شەھەر ئەتراپىدىكى گۇڭشىلارغا ئەۋەتتى. بۇ يەردىكى ئېغىر ئەمگەك، ئېغىر تۇرمۇشلار بىلەن مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ شــىددەتلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشــى ۋە 18 يىللىــق رىجىم ھاياتلار يېزىلدى. يەنــى 57 - يىلدىن 81 - يىلغا قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى بارلىق كەچۈرمىشــلەرنىڭ ھەممىسى «كۆز يېشــىدا نەملەنگەن زېمىن» ناملىق كىتابىنا تولۇق يېزىلىپ چىقتى. بۇ

كىتاب 2006 – يىلى نەشىردىن چىقتى. شۇڭلاشقا بۇ كىتابتا پەقەت 57 – يىلىغا قەدەر بولغان ھاياتلار يېزىلدى.

## دوستلار بىلەن سۆھبەت

1990 – يىلى مەن ئىچىمگە سىغمىغاندەك سېغىنىشلار بىلەن ۋەتەنگە قايتتىم. ۋەتەن تۇپرىقىدا چوڭقۇر – چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، گۈزەل كۆڭۈللۈك ۋاقىت ئۆتكۈزدۈم. ماڭا قايتىش ۋاقتى يەتتى. كېتىشكە ئىككى كۈن قالغاندا دوستۇم مېنى ئۆيىگە چاقىردى. سەن كەتكۈچە بىر مۇڭدىشىپ، سۆزلىشىپ ئولتۇرايلى. ئەمدى بىز بىر – بىرىمىزنى كۆرەلەمدۇق يوق، دەپ كۆزىگە ياش ئالدى.

مەنمۇ نېمە ئىشىم بولسىمۇ قالدۇرۇپ بارىمەن دەپ ۋەدە بەردىم.

دېگەن ۋاقتىغا ئۈلگۈرۈپ دوستۇمنىڭ ئۆيىگە باردىم. مەن كىرسەم چاي ئۈستەللىرى ھازىرلىنىپ مېھمانلارمۇ كېلىپ ئولتۇرغان ئىكەن. دوستۇم مېنى ئۆيدىكى مېھمانلار بىلەن تونۇشتۇردى.

بۇلار مېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرىم ھەم قوشنىلىرىم ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ باتۇر، قەھرىمان جەڭچىلىرى بولىدۇ، دەپ:

گەۋدىلىك ئېگىز بويلۇق، قاراقاش، قويۇق كىرپىكلىك، چىرايلىق قارا كۆزلۈك، ھەربىيلەرگە خاس تۈرگۈن ھەم كەسكىنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرغان ياشانغان بولسىمۇ قىياپىتى ئۆزگەرمىگەن ئادەمنى ئۆمەر ئاكام دەپ تونۇشتۇردى.

ئېگىز بويلۇق، قەددى - قامىتى قاملاشقان قوي كۆزلۈك، قوڭۇر چاچلىق، كەم سۆزلۈك ئېغىر تەبىئەتلىك، قېرىغان بولسىمۇ ئۆزگىرىپ

كــۈچ – قۇۋۋىتى كەتمىگــەن چىرايلىق ئادەمنى بۇ شــامىل ئاكام بۇ سىلەرنىڭ مىللەتتىن دەپ تونۇشتۇردى.

مەن سىز تاتارمۇ دەپ سورىدىم.

- ھەئــە تاتارمەن. ســىز بىلەن تونۇشــقىنىم ئۈچــۈن ئىنتايىن خۇشــالمەن دەپ مەن بىلەن كۆرۈشتى. ئاندىن دوستۇم مېنى ئۇلارغا بۇ مېنىڭ ئەڭ يېقىن دوســتۇم سىلەرگە كۆپ گېپىنى قىلىپ بەرگەن دوســتۇم ســۈيۈنگۈل بولىدۇ دەپ تونۇشــتۇردى. بىز سالاملىشــىپ، كۆرۈشۈپ، تونۇشۇپ كەتتۇق، ئۇزۇن پاراڭلاشتۇق.

ئۇلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىكى جەڭلەر ۋە دۈشــمەنگە قارشى ئۇرۇش جەريانىدا قان تۆكۈپ جان بەرگەن ئەزىز قۇربانلار توغرىسىدا ســۆزلەپ بىر – بىرىمىز بىلەن كونا تونۇش دوســتلاردەك ئىشەنچى بىلەن قىلىنغان سۆھبەت ئۇزۇنغا سوزۇلدى.

شــامىل، بىزنىڭ جەڭدىكى سەپداشــلىرىمىز، دوســتلىرىمىزنىڭ ئۇرۇش مەيدانىدا ئەزىز ۋەتەن ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىدىن كېچىپ قۇربان بولغانلارنى كۆرگەندە، قېرىنداشــلىرىمىزنىڭ ئۆلۈمگە قايغۇ دۈشمەنگە بولغان نەپرىتىمىز بىلەن جەڭ قىلدۇق. قوراللىرىمىز يېتەرسىز بولسىمۇ كۆڭلىمىزدىكى غەزەپلىرىمىز بىلەن دۈشمەنگە تەڭ كېلىپ ئۇلارنى يەڭدۇق ھەم ئۇلارنى ۋەتەندىن قوغلاپ چىقىرالىدۇق، دېدى.

سۆز ئاخىرىغا كەلگەندە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلالماي بىر خىتاي «خەلق پارتىيىسى» (گومىنداڭ) دىن خىتاي «كوممۇنىستلار پارتىيىسى» (گوڭچەنداڭ)نىڭ قولىغا ئۆتكىنىنى سۆزلەپ ئۆمەر ئېچىنىپ كۆڭۈلسىــز بولدى. مەن ئۇلاردىن راســت، نېمە ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت

ئىنقىلابى غەلىبە قىلالمىدى؟ نېمە ئۈچۈن شۇنداق ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويدى؟ گومىنداڭچىلار (ختاي خەلق پارتىيىسى) ھەم ئۇلارغا مايىل بولغان كىشىلەردىن تارتىپ ھەممىسى چىقىپ كېتىپ، ۋەتەن تازىلانغان بىر پەيتتە مىللى ئارمىيە نېمە سەۋەبتىن ماناس دەرياسى بويىدا پۈتۈن قورال ھەم بارلىق ئارمىيىنى يىغىۋېلىپ ئىككى يىل ھەرىكەتسىز يېتىۋالدى؟ پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقى شۇنداق چوڭ ئۈمىد - ئارزۇلار بىلەن مىللىي ئارمىيىنى كۈتۈۋاتقان بىر پەيتتە نېمە ئۈچۈن قوزغالمىدى؟ دەپ ئىچىمدىكى يېشەلمىگەن سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويدۇم.

مەن بۇ سوئالنى بىرقانچە مەرتىۋە دادامدىن سوراپ توغرا جاۋاب كۈتكەندە دادام:

- سەن تېخى كىچىك، بۇنداق ئىشلارغا بېشىڭنى تىقما، بۇ سەن ئويلىغاندەك ۋە ساڭا ئاڭلىتىپ، چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغاندەك كىچىك ئىش ئەمەس. سەن چوڭ بولغاندا ئاڭلارسەن، ھازىر تىنچ يۈر، دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى، دېدىم.

ئۆمەر كۈلۈپ قويۇپ، بۇ ھەقىقەتەن كىشىلەر ئۈچۈن يېشىلمىگەن سوئال بولدى، دېدى. بىلەمسىز مەن بىلەن شامىل ئىككىمىز شۇ چاغدا ماناس كۆۋرۈكىنىڭ بېشىدا ئىدۇق. ھەممىمىزنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرغان مانا شۇ تۇتقۇنلۇق يىللار بولدى. بىز ھەر كۈنى قوزغىلىپ بېرىپ شەرقىي تۈركىستاننى ئازاد قىلىپ، مۇستەقىل، ئەركىن ۋەتەننى قۇرۇپ چىقىش ئارزۇسىدا بۇيرۇق كۈتەتتۇق. لېكىن ئارزۇ قىلغان مىنۇتلار كەلمىدى دەپ شۇنداق كۆڭۈلسىز بىر قىياپەتتە چوڭقۇر تىندى.

ئاكام ئەخمەتجان قاسىمنىڭ ئىشخانىسىدا ئۇلار بىلەن بىللە

ئىشــلەيتتى. بىر كۈنى ئــاكام ئالدىراش شــىئەنگە ماڭماقچى بولۇپ هازىرلاندى.

مەن ئاكامدىن خالى جايدا:

- بىز نېمە ئۈچۈن ۋەتەننى ئازاد قىلىش جېڭىگە ماڭماي ۋاقتنى بوشــقا بۇ يەردە ئۆتكۈزۋاتىمىز؟! ئىشــلار نېمە بولــۇپ كەتتى؟ دەپ سورىدىم.

ئــاكام دەيمۇ – دېمەيمۇ دېگەنــدەك ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قېلىپ ئاندىن:

- هــەي ئۇكام بــۇ ئىش ئەمــدى قولدىــن كەتتــى، تۈگىدى. يۇقىرىدىكىلەرنىڭ سۆزىگە قارىغاندا بىز «كوممۇنىست پارتىيىسى»نىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كىرىشــنى كۈتۈپ قالايمىقان ئەھۋاللارنىڭ يۈز بەرمەسلىكى ئۈچۈن دىققەت قىلىپ باشقۇرۇپ تۇرىمىز ئىكەن دېدى. ئاغزىڭدىن چىقارما مانا بىز غۇلجىنىڭ بىنەم بۇغدىيىدىن يۈز ماشــىنا ئاشــلىقنى خىتاي كوممۇنىســت ئارمىيىســگە ياردەم ئۈچۈن ئېلىپ بارىدىغان بولدۇق دېدى.

بۇ سۆز ماڭا بەكمۇ ئېغىر كەلدى. خۇددى بىرسى بېشىمغا كالتەك بىلــەن كەلتۈرۈپ بىرنى ئۇرغاندەك بولدى. پۈتۈن ئۈمىد – ئارزۇلىرىم تۆكۈلۈپ چۈشــۈپ شــۇنداق ئەســكى بولدۇمكى نېمــە دېيەرىمنى بىلمەي:

- نېمىشــقا ئەمــدى بۇنداق بولىدۇ؟ بىز ۋەتەننــى كىمدىن ئازاد قىلدۇق؟ دېدىم. ئۆزۈمنى تۇتالماستىن ئاكامنى ئەيىپلىگەندەك:

- نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشــنى قىلدىڭلار؟ بىزنىڭ قىلغان جەڭلىرىمىز

نەگە كەتتى. ياش جىنىنى قۇربان قىلىپ قارا تۇپراق ئاستىغا كەتكەن دوســتلىرىمىزنىڭ قىنى بوشقا تۆكۈلدىمۇ؟ ئاز قۇربانلار بەردۇقمۇ؟ بىز ۋەتەننى ئازاد قىلىش ئەمەس كوممۇنىســت پارتىيىســىنىڭ ۋەتەننى بىســۋىلىش ئۈچۈن جەڭ قىلىپ قۇربانــلار بەردۇقمۇ؟ نىمە ئۈچۈن بىزلەرنى ئالداپ ۋەتەننى ئازاد قىلىمىز دېدىڭلار، ســىلەردە ۋىجدان بارمۇ!؟ دەپ بىرىنچى مەرتىۋە ئاكامغا قارشى قاتتىق سۆز قىلغىنىم شۇ ئىدى. ئۆزۈمنى تۇتالمىدىم. گىلىــم تىقىلدى، كۆزۈمگە ياش كەلدى. تۆكۈلــۈپ – تۆكۈلۈپ يىغلاپ كەتتىم. بىزنىــڭ ۋەتەننى ئازاد قىلىش جىڭىمىز پەقەت كوممۇنىستلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى بىسىۋىلىشى ئۈچۈن ياردەم قىلىش بولدىمۇ؟ دېدىم.

ئــاكام مېنىــڭ ئەھۋالىمنى كــۆرۈپ ئۆزىنىڭمۇ بــۇ كوممۇنىزىم ھىلــى – مىكرى بىلەن قۇرغان قاپقانغا چۈشــۈپ كەتكىنىدىن دىلى ئازابلىنىۋاتقىنىنى يوشۇرالمىدى.

ئۇكام بۇ كوممۇنىســتلارنىڭ شەرقىي تۈركىســتان خەلقىنى ئاياغ – ئاســتى قىلىپ دەسسەپ ئۆز مەقستى ئۈچۈن ئىشلىتىپ مەجبۇرى ھالدا كوممۇنىزىم سىياســىتىنى بىزگە تاڭغانلىقىنــى كۆرۈپ تۇرۇپ يۈرىكىم ئازابلانمامدۇ؟! ســاڭا قانداق ئېغىر كەلسە ماڭا ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر بولدى. بۇنداق بولۇشنى كىم خالايدۇ. ھەممىمىز ۋەتەننى خىتاي باســمىچىلىرىدىن ئازاد قىلىمىز دېگەن ئۈمىد بىلەن جەڭگە كىرگەن ئىدۇق. ئەمما يۈنىلىش باشقا بولۇپ چىقتى. ئامالىمىز قانچە بىز بۇنى ســەزمەي قالدۇق دەپ ئاكام خۇددى خاتالىق ئۆتكۈزگەن ئادەمدەك چۈشكۈن ھالەتتە روھسىز ئىدى.

بۇ مېنىڭ ئۆمرۈمدىكى ئەڭ ئېغىر كۆڭۈلســىز كۈنلىرىمنىڭ بىرسى ئىدى. مــەن ئۆزۈمنى ۋەتەن – خەلقىم ئالدىدا جىنايەتچىدەك ھىس

قىلىپ، روھىم چۈشـــۈپ، كۆڭلۈم بەك ئەسكى بولدى. بىز ئۆز قولىمىز بىلەن خىتاي كوممۇنىستلىرىغا تۇتۇپ بەرگەندەك بولدۇم دېدى.

ئاكام ئىچىنغان ھالدا:

- ئۇكام بۇ ئىشـــلار ئەمـــدى قولدىن كەتتى، بىـــز پەقەت خىتاي كوممۇنىســـتلىرىنى كۈتۈۋالىمىز ئىكەن، بۇ يۇقىرىنىڭ كۆرسەتمىســـى دېدى.

ئاكام بىلەن ئۇيغۇر ســـايرانى ئەپەندىنى مەسئۇل قىلىپ سايلاپ چىقىـــپ ئـــۇلار غۇلجىدىن يۈز ماشـــىنا بىرىنـــەم ئاشـــلىقنى خىتاي كوممۇنىستىك ئارمىيىسىگە سوۋغات قىلىپ تاپشۇرۇپ كەلدى.

بۇنـــى كۆرگەن بەزى غۇلجا بايلىـــرى ئەھۋالنى ئۇقۇپ ئۇلارمۇ بار بايلىقلىرىدىـــن «ئالتـــۇن – كۈمۈچ»كە ئوخشـــاش قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى ئېلىپ خىتاي كوممۇنىستىك ئارمىيىسىگە سوۋغات قىلىپ ئاپىرىپ بەردى. ئۇلارغا جۇزۇڭلى ئۆز قولى بىلەن «رەھمەت» ئېيتىپ يازغان خەتلىرىنى مۇشـــۇ كۈنگىچە ســـاقلاپ ھەرقانـــداق ئۆگىنىش دولقۇنلىرىدىن شۇ خەتنى كۆۋرۈك قىلىپ ئۆتۈپ كەلدى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان بارلىق جەڭچىلەرمۇ كۆڭۈلسىز بولدى ھەم كۆز ياش تۆكتى، دەپ سۆزلەۋېتىپ ئۆمەرنىڭمۇ كۆزىگە ياش كەلدى. مەن سۆزلەۋېتىپ شۇ كۈنلەرگە بېرىپ جەڭچى دوستلىرىمنىڭ يېنىدا بولغاندەك بولدۇم دېدى.

شامىل ئۆمەرنىڭ ســـۆزىگە قوشۇلۇپ ئۆمەر دېگەندەك بىزلەر بىر ئۆمۈر ساقايماس يۈرەك يارىسى بىلەن ياشاپ كەلدۇق دېدى.

مەن بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەيرانلىقتا ئۆزۈمنى يوقاتقاندەك

بولۇپ ئۇلارغا قارىدىم:

- راست دەۋاتامسىزلەر؟! بۇ قانداق بولغىنى؟ باشلىقلار كىم بولدى ئەمدى؟ ئۇلار كىم ئۈچۈن ئىشلەۋاتىدۇ. ۋەتەننى قۇتقۇزۇشمۇ ياكى ۋەتەننى سېتىشمۇ؟ دەپ سورىدىم. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ياش، ئۈمىدسىز قاراشلىرىمنى كۆڭۈلسىز قىلدى.

كەم سۆزلۈك شامىل بىز شۇنداق 45 يىل چۈشكۈن، ھاياتنىڭ ھۇزۇرىنى كۆرمەي ھايدىلىپ – سۈرۈنۈپ ياشاپ كېلىمىز دەپ ئۈمۈ كۆڭۈلسىز بولدى ھەم ئېھتىيات بىلەن تۆۋەن ئاۋازدا سوزۇپ – سوزۇپ سۆزلەپ:

غۇلجىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى باشلانغان ۋاقىتدا شەھەردە بىرقانچە ئادەم پەيدا بولدى. بۇلار ئەينەكچى بولۇپ كوچىلارنى ئارىلاپ رازۋېتكا قىلاتتى. كىملەر قايسى ھويلىدا ئولتۇرىدۇ دەپ ئەتراپنى پايلاپ يۈرسە كېرەك. كىشىلەر بۇلارنى «ئىشپيون» دەپ قورقاتتى. ئۇلار ئەينەكنىمۇ سالالمايدىغان يالغاندىن ئەينەكچى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ ئەتراپنى چارلاپ يۈرەتتى. كۆپ ئۆتمەستىن غۇلجىدا ئۈچ ۋىلايەتنىڭ رەئىسى بولۇپ مەيدانغا چىقتى. بۇنىڭ ھەممىسى سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ پىلانلاپ ئېلىپ بارغان ئىشى ئىكەن دېدى.

ئۆمەر ئاكام شىكئەندىن بەكمۇ كۆڭۈلسىز، ئاغرىق ئادەمدەك چۈشكۈن ھالدا كەلگىنىنى كۆرۈپ ئەنسىرەپ قالدىم.

- ئاكا نېمە بولدى، ئاغرىپ قالدىڭمۇ؟ ئەھۋالىڭ ياخشى كۆرۈنمەيدىغۇ؟ دەپ سورىدىم.

- ياق ئۇكام ئاغرىمىدىم، ئىچىمياندى، روھى چۈشكۈنلۈك بىلەن ئۆزۈمنى تۇرغۇزالمىدىم، قىينالدىم. بۇ خىتاي باسمىچىلىرىنى

يوقىتىپ، ۋەتەننى ئازاد، مۇستەقىل بىر دۆلەت قۇرۇش مەقسىتىدە كۆرەش قىلىپ قۇربانلار بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئازادلىق دېگەن ئۇلۇغ مەقسەت بىلەن خەلقنى ئىنقىلابقا باشلاپ خىتاي كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كىرىشىگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن بىزلەرنى ئىشلەتكەن ئىش ئىكەن. بىز گومىنداڭچىلار (خىتاي خەلق پارتىيىسى)نى يوقىتىپ بولۇشىمىزغا ئارمىيىنى ھەم بارلىق قوراللار بىلەن ماناس دەرياسى بويىدا، خىتاي كوممۇنىستىك ئارمىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كىرگىچە تۇتۇپ تۇرغان ئىكەن. بۇنىڭ بارلىقى خىتاي ۋە سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى خىتايغا تۇتۇپ بېرىش پىلانى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ھىلى - مىكىر ئىكەن. سوۋېت ھۆكۈمىتى خىتاي كوممۇنىست ئارمىيىلىرىنى شەرقىي تۈركىستانغا كىرىش ئۈچۈن ياردەم قىلىپ تۆت يۈز ئايروپىلان خىتاي ئارمىيىسىنى تانكا ھەم قوراللىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستان تۇپرىقىغا توشۇپ بەردى. ئەمدى بىزلەرگە بىرمۇ خۇشال بولغۇدەك ياخشى كۈنلەر قالمىدى. خەلقىمىز بۇرۇنقىدىنمۇ ئېغىر كۈنلەرگە قالدىغان ئوخشايدۇ.

كوممۇنىزىمنىڭ غالجىر ئىتلىرى ئاچ بۆرىدەك ماكانىمىزغا ئېتىلىپ، ئۇلارنىڭ قۇتىسىز قەدىمى ۋەتەن تۇپرىقىغا باستى. بۇنىڭغا قارشى بىزنىڭ كۈچىمىز يەتمەيدۇ. بىزگە ياردەم قىلغۇدەك بىرمۇ تايانچىمىز يوق. ھېچقانداق قارشىلىق كۆرستەلمەيمىز، ئەڭ ئېچىنارلىقىمىز شۇ بولدى. بىز تۈگىدۇق دەپ ئاكام يىغلىدى. ئاكامنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرمىگەن ئىدىم، ئىچىم ئىزىلدى.

قارا بۇلۇت ئاستىدا يوق بولدۇق. ئامالسىزلىقتەك يامان نەرسە يوق. شۇنىڭ بىلەن بىر كۈننىڭ ئىچىدە شەرقىي تۈركىستانغا خىتاي كوممۇنىست ئارمىيىسى ھېچ خىيىم - خەتەرسىز، چىقىم - جەڭسىز

كىرىپ ئىشــغال قىلىنىۋالدى. كۆپ ئۆتمەســتىن مىللــى ئارمىيىمىزنى يوقىتىــپ ئورنىغا خىتاي ئارمىيىســى كېلىــپ ئىگەللىدى. خەلقىمىز ئارمىيەســىز قۇل ۋە ئەسىر ھالىغا چۈشــۈپ قالدى دېدى. ھەممىمىز بەك كۆڭۈلسىز بولۇپ ئولتۇرۇپ قالدۇق.

مــەن ســورىدىم، بىزنىڭ باشــلىقلىرىمىز نېمە ئۈچــۈن ئۆزىنىڭ ئارمىيىسىنى يوقىتىشــقا يول قويىدى؟ ئارمىيەسىز مەملىكەت بولۇرمۇ؟ ئارمىيىســىزلىك قورالســىزلىقتۇر. بۇ بىر مەملىكەتنىڭ، مەملىكەتلىك رولنى يوقاتقانلىقتۇر. بۇ تەسلىمچىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. نېمە ئۈچۈن مىللى ئارمىيىمىزنى يوقىتىپ خىتاي ئارمىيىسىنى قوبۇل قىلدى دېدىم. شامىل:

- باشــلىقلىرىمىز بىر تۈركۈم نادانلار ھەم ســاتقۇنلاردۇر. ئۇلارغا گاۋجى گەمبۇ (ئالىي دەرىجىلىك كادىرلار) ئۇنۋانىنى بېرىپ ھەم ئالىي دەرىجىلىــك تەمىنات بىلەن ئۇلارنىڭ تويماس ئاچكۆزىنى يۇمدۇردى. ئالىي سۈپەتلىك تۇرمۇشــلار بېرىپ ئۇلارنى راھەتلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھــۇزۇر ئىچىدە كۆزىنى يۇمۇپ خىتاي كوممۇنىســتلىرى بىلەن بىللە ياشىســاق ياخشى ئوخشايدۇ دەپ كوممۇنىستىك خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھەممە تەلەپلىرىنى رەت قىلماستىن «ئالىي دەرىجىلىك كادىــرلار» غا بېرىلگــەن ھوقۇق تامغىســىنى بېســىپ بېرىپ پۈتۈن ئىشكلەرنى ئېچىپ بېرىپ كېلەچەك ۋەتىنىنىڭ ئىستىقبالى ۋە خەلق تۇرمۇشــى دېگەن نەرسىنى، ئۆز خەلقىنى ئويلىنىپمۇ كۆرمەستىن ھەر نەرســىگە يول قويــدى. ۋەتىنىنىڭ كۈچلۈك بىــر ئەربابى بولالمىدى. كېلەچەكتىكى ۋە ھازىرقى پۈتۈن يوقىتىشقا ۋە خەلقىنىڭ ئېغىر زۇلۇمغا ئۇچراپ ئاياغ – ئاستى بولۇشىغا ئۇلار سەۋەبچى. شۇنىڭ بىلەن ۋەتەن باشسىز – ئىگىسىز قېلىپ خەلقىمىز قۇللۇق ھالەتكە چۈشۈپ قالدى

دەپ شـــامىل ئىچى يىپنىپ كۆيگەندەك بولۇپ، ئىپچىننىشلىق، روھسىز ھالدا سۆزلىدى.

مەن خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ كۆرســەتكەن شۇ خىزمەتلىرىگە مۇكاپـــات ئۈچۈن ئۇلارنى (ئالىي دەرىجىلىـــك كادىرلارنى) مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا تۈرمىلەردە يوق قىلدى دېدىم.

مەن ئۇلارغا دادامدىن ئاڭلىغان خىتاي كوممۇنىست ئارمىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كىرگەن كۈننى ئەسلەپ سۆزلەپ بەردىم.

ھاۋا سوغۇق ئىدى. قىشنىڭ ئۆزىگە خاس گۈزەللىكى بىلەن شەھەر چىرايلىق كۆرۈنەتتى. پۈتۈن ئەتراپ ئاپئاق قار، ئاسمان ئوچۇق كۆپكۆك، ھاۋا ۋە ھەممە يەر پاكىزە كۆرۈنەتتى. ئۈرۈمچى شەھەر – كوچىلىرىنى توشــقۇزۇپ مىللى ئارمىيىنىڭ كىلىشىنى قارشى ئىلىش ئۈچۈن پۈتۈن ئادەم ھاياجان ئىچىدە تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى. ھەربىر ئادەمنىڭ يۈزىدە چەكسىز خۇشاللىق ۋە خۇش چاقچاق كۈلكىلىرى بىلەن شەھەر جانلىنىپ قىشنىڭ سوغۇقلىقىمۇ كىشىلەرنى توڭلاتمايتتى. خەلق ئارزۇ قىلغان ئازادلىق مىنۇتىنى تەشنالىق بىلەن كۈتەتتى.

قوشنىمىز ئەمەت ئاكا ئۈچ ئايدىن بېرى بورداپ بېقىۋاتقان قوينى مىللى ئارمىيىنىڭ كېلىشى شـــەرەپىگە ئازادلىق كۈنى ئۈچۈن سويۇپ «توي ياســـايمەن» دەپ ئېلان قىلدى. يەنە بىر ئـــادەم يېقىندا بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن ئايالىم تۇغىدۇ. بالام ئوغۇل بولســـا ئىســـمىنى «ئازاد» قويىمەن. شۇ چاغدا ھەممىڭلارنى «ئات تويى» غا چاقىرىمەن، كەلمەي قالماڭلار، دېدى. ھەممە ئادەم كۈلۈپ يارايسەن ھۇسەن ئاكا دەپ چاقچاق قىلىشـــتى ھەم ياخشى تىلەكلەر قىلدى. بەزى كىشلەر «چاشـــقۇ چاچىمەن» دەپ بىر سومكا كەمپۈت ۋە شېكەرلەرنى تۇتۇپ

تۇراتتى. ھەر كىم ئۆزىنىڭ ئاتىغانلىرىنى ۋە خۇشاللىقىنى سۆزلىشەتتى. شەھەر كوچىلىرىمۇ خۇشال كۆڭۈللۈك كۆرۈنەتتى.

خەلق مىللى ئارمىيىنى سانجى تەرەپكە قاراپ كۇتۇپ تۇرغاندا سەندۇڭبى تەرەپتىن گۈرۈلدەپ زەمبىرەك ئۇچىنى شەھەرگە قارىتىپ كېلىۋاتقان تانكىلارنى كۆرگەن خەلق ھېچنەرسىنى ئويلانماستىن تەشنالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان «مىللىي ئارمىيىمىز» دېگەن ئوي بىلەن پۈتۈن خەلق «ياشىسۇن مىللى ئارمىيە!»، «ياشىسۇن بىزگە كەلگەن ئازادلىق ۋە ئەركىنلىك!» دەپ توۋلاپ، ئىسقىرتىپ چاۋاك چېلىشقا باشلايدۇ. ئادەملەر خۇشاللىقىدىن ئازادلىققا چىققىنى ئۈچۈن، ۋەتەننىڭ مۇستەقىل بولغىنى ئۈچۈن، بىر - بىرىنى قۇچاقلاپ تەبرىكلەشتى. بەزى ئادەملەر خۇشاللىقىدىن كۆز يېشى قىلدى. ئەمما، بۇ خۇشاللىق ئۇزاققا بارمىدى. تانكىلار يېقىن كەلگەندە خەلق بۇلارنىڭ «مىللى ئارمىيە» ئەمەس، ئاغزىغا ماسكا تاقىغان «خىتاي ئارمىيىسى» ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەممە ئادەم قېتىپ قالدى. كىشىلەر غۇلغۇلا كۆتۈرۈپ «قېنى بىزنىڭ مىللى ئارمىيە»مىز، يەنە بۇ «خىتاي ئارمىيىسىغۇ» بىز بۇلاردىن قۇتۇلمىدۇقمۇ؟!» بۇ نېمە ئىش دەپ بەزى ئادەملەر يىغلاشقا باشلىدى.

بۇلار بىزنىڭ «مىللى ئارمىيە»مىزنى يوقاتتىمۇ؟ دەپ ئەنسىرەشتى. بىزلەر ئازادلىقنىڭ يۈزىنى كۆرەلمەيمىزمۇ؟! دەپ يىغلاشتى.

كۈننىڭ يۈزىنى بۇلۇت قاپلاپ ئېلىپ قاراڭغۇ قىلغاندەك شەھەر يۈزىدىكى خۇشاللىق تۈگەپ ماتەمگە ئايلانغاندەك كۆڭۈلسىز بولدى. كۆپ ئۆتمەستىن خەلق تارقاپ كوچا بوش قالدى. ئارقا - ئارقىدىن ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان تانكىلار كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنى دەسسەپ ئۆتكەندەك خەلق ئۈچۈن بۇلار ئېغىر قايغۇ بولۇپ ھەسرەتلەندى.

دۈشمەن باستۇرۇپ كىرگەن شەھەردەك خەلق خەۋپ ۋە زۇلۇم ئاستىدا قالدى. گۈزەل شەھىرىمىز قايغۇدىن كۆز ياش تۆكۈپ يىغلاۋاتقاندەك كۆڭۈلسىز بولۇپ كەتتى.

خەلقنىڭ كۆزىدە ياش ۋە غەزەپ بىلەن چارىســىز ھالدا «قانداق قىلىمىز؟!» دېگەندەك بىر - بىرىگە باقاتتى.

كوچىلاردا ئــادەم قالمىدى. تانكىلار ئۈزلۈكســىز ئۆتۈپ تۇردى. ئۈمىدســىزلىك ۋەتەننى چۆكۈردى. خەلقىمىز ئەســىر بولۇپ قالدى، دەپ دادام كۆزىگە ياش ئېلىپ ســۆزلەپ بەرگىنى يادىمدا. مەن ھېچ ئۇنۇتمىدىم. دادامنىڭ سۆزى مېنىڭمۇ يۈرىكىمنى ئەزدى. شۇ كۈندىن باشــلاپ «ۋەتەننى ئازاد قىلىــش» دېگەن ئارزۇ مېنىــڭ يۈرىكىمدە ساقلىنىپ كەلدى ۋە ماڭا كۈچ بەردى دېدىم.

قازاق قېرىنداشلارنىڭ بىر گېپى بار:

جاۋگدى ئۇز باشىڭدان كوشلى ساناۋ
ئازاپىدان ئارتمايدى ئۆمۇروڭدى

(دۈشــمىنىڭنى كۈچلــۈك بىلىــش ئازاپتىــن ئۆمرۈڭنــى قۇتۇلدۇرالمايدۇ)

مەن بۇ سۆزنى بەك ياخشى كۆرىمەن.

چىڭگىزخانمۇ بىرىنچى مەرتىۋە قىلغان جەڭدە يېڭىلىپ قاچقاندا، ئۇ ھاجەتخانىــدا بىر چۈمۈلىنىڭ ياغاچ بېشــىغا چىقىش ئۈچۈن 70 مەرتــىۋە يىقىلىپ چۈشــۈپ يۈرۈپ ئەڭ ئاخىر دەرەخنىڭ ئۈســتىگە چىققانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىــن، چىڭگىزخان ئۆزىگە مەن جەڭدە بىرىنچى مەرتىۋە يېڭىلىپ قاچتىم. مۇشــۇ چۈمۈلىچىلىك بولالمىدىم دەپ قايتىپ بېرىپ ئەســكەر توپلاپ جەڭ قىلىپ، دۇنيانى تىترىتىپ

غەلىبە قىلغان ئىكەن. ئۇمىدسىزلىك مەغلۇبىيەتكە باشلايدۇ.

بىز تۈركىي مىللەتلەر ئاجىز مىللەت ئەمەس. بىز پۈتۈن دۇنيادىكى تۈركىي مىللەتلەر بىرلىشىپ خەلقىمىزنى نادانلىقتىن ۋە ئارىمىزدىكى نادان ساتقۇن خائىنلاردىن قۇتۇلدۇرۇپ، قول تۇتۇشساق بىزنى ھېچقانداق بىر كۈچ يېڭەلمەيتتى. پەقەت ئارىمىزدىكى ساتقۇن - خائىنلار، ئۇلار نادانلار، ئۆز مىللىتىنىڭ قېنىنى ئىچىپ گۆشىنى يېگۈچىلەر، ئۇلار ئۆز مىللەتدىشىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىپ ئۇلارنى ساتقان پۇل بىلەن كىچىككىنە راھەتكە ئېرىشىپ ئۆزىنى مەڭگۈ جەھەننەم ئوتىغا ئاتقۇچىلاردۇر. «قازاننىڭ ئۈستىمۇ، ئاستىمۇ قارا» دېگەندەك ئىككى دۇنياسىمۇ قارا ئادەملەر.

نادانلىق ھەممىدىن يامان، ئېسىگىزلەردە بارمۇ، مەسجىدلەرنى بۇزۇپ قۇرئانلارنى كۆيدۈرگۈچىلەر ئۆز خەلقىمىز بولدى. بىر خەنزۇ خەلقى بۇ ئىشلارغا قېتىلمىدى. پەقەت ئۆز خەلقىمىزنىڭ ئىچىدىكى بىر تۈركۈم نادانلار ئوتتۇرىغا سەكرەپ چۇشۇپ كۆيدۈردى. مەسجىد ئاللاھنىڭ ئۆيى ئىبادەتخانىمىز، قۇرئان ئاللاھنىڭ كىتابى دەپ بىرمۇ ئادەم ھىمايە قىلالمىدى. ھەممە ئادەم بىردەك قارشىلىق قىلسا ئۇلارنى ئۆلتۈرەرمىدى؟ ئەكسىچە بىزنىڭ مەھەللىدىكى سەغىيت موللا دېگەن دىنى خادىم:

- «پادىشاھنىڭ ئەمرى ئاللاھنىڭ ئەمرى» دەپ ئاللاھنىڭ كىتابى بولغان قۇرئانلارنى ئۆز قولى بىلەن ئوتقا ياقتى. بۇ قانداق سۆز. ئاللاھ ئۆزىنىڭ كىتابىنى خەنزۇ پادىشاھقا ئوتقا كۆيدۈرۈشكە ئەمرى قىلارمۇ؟ بۇ قانداق نادانلىق، بىرەر ئادەم بۇنداق ھەرىكەتكە قارشىلىق قىلالمىدى. مېنىڭ ئىچىم قاينىدى. بۇ سەغىت موللا ئۆزى دىنى ئەرباب ھەم مەھەللە جۇرىنى ئىدى. 58 - يىلى ئىستىل تۈزىتىش ۋاقتىدا

خەلقنى شـــۇنداق نادان جۇرۇنلەرنىڭ (مەھەللە باشـــلىقى) ئىنكاسى قىلىپ كۆرســـىتىش بىلەن قارا قۇيۇق تەكشۈرمىســـىدىن ھېچقانداق دەلىل - پاكىـــت بىلەن يېزىلغان ماتېرىياللـــىرى يوق خەلقنى قولغا ئالغاندا، ســـەغىت موللانىڭ ئۆگزىســـىگە كەپتەر ئويناپ چىققان 14 ياشـــلىق قوشنىســـىنىڭ ئوغلى ۋاختىنى (ئىســـمى ئېنىق يادىمدا يوق پەقەت ۋاخـــىت دەپ ئەســـلىگىنىم ئۈچۈن شـــۇنداق يازدىم) تۇتۇپ باللار تۈرمىســـىگە ئاپىرىپ بېرىپ ئـــۇ بالىنىڭ پۈتۈن ئۆمرى تۈرمىدە تۇتقۇنلۇقتا ئۆتتى. مەن شىگوبىغا بارغاندا ئۇ بالا شىگوبىدا بىز بىلەن بىر مەيداندا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشتە بولدى. ئۇ ۋاقىتتا ئۇ شۇنداق چىرايلىق يىگىت بولۇپ ئۆســـكەن ئىكەن. ئۇنىڭ باللىق ھەم ياشلىق ھاياتلىرى تۇتقۇندا بولدى. ئۇ بەختسىز 65 - يىلى قەشقەر مارالبېشى قارا قىلىچىنغا سۈرگۈن قىلىنغان مەھپۇسلار قاتارىدا كەتتى، دېدىم.

ئۆمەر راســـت دەيســـىز نادانلىق ھەممىدىن يامان نەرســـە، شـــۇ سەۋەبتىن خەلقىمىز باش كۆتۈرۈپ تۇرالمىدى دېدى.

دوستۇم رەنانىڭ يادىغا بىر نەرسە چۈشكەندەك ئالدىراش:

– ھـــە، مەدەنىيـــەت ئىنقىلابـــىدا «ۋەتەننى قۇتقـــۇزۇش رادىئو ئىستانسىسى» دەپ بىر رادىئو دولقۇنىنى ئاڭلاتتى. ئۇنىڭدا «ۋەتەننى قۇتۇلدۇرايلى، مۇستەقىل ۋە ئازاد قىلىش ئۈچۈن جەڭ قىلايلى، بىزگە كېلىپ قوشـــۇلۇڭلار» دېگەن مەزمۇندا شـــۇنداق تەسىرلىك، شۇنداق ھېســـسىيات بىلەن ســـۆزلىدىكى ئادەمنىڭ بەدەنلـــىرى جۇغۇلداپ كۆزلىرىمدىـــن ياشـــلىرىم ئېقىپ، رادىئو ئىچىگـــە كىرىپ كەتكەندەك بولاتتىم. ھەر ئاڭلىغىنىمدا تەسىرلىنىپ ھاياجان ئىچىدە كۆز ياشلىرىم بىلەن بىر قېتىممۇ ۋاقتىنى قاچۇرماي ئاڭلايتتىم. ئۆزۈمدە ئۈمىد، كۈچ، غەيرەت بىلەن غۇرۇرلىنىپ ئۇلار نەدە ئىكەن بېرىپ قوشۇلســـام دەپ

ئويلايتتىم. ئەمما كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇ دولقۇننى يوقىتىپ قويدۇم. سىلەرمۇ ئاڭلىدىڭلارمۇ دەپ بىزگە قارىدى.

– مېنىڭمۇ «ۋەتەننى قۇتقۇزۇش» رادىئو دولقۇنلىرىنىڭ خەۋەرلىرىنى ئاڭلىغانلىقىم يادىمغا كەلدى.

توغرا مەنمۇ ئاڭلىغان ئىدىم. ئۇنى بىرىنچى مەرتىۋە 18 – ماي كۈنى «قانلىق ۋەقە بولغان كۈرەش مەيدانىدا ئادەملەرنى ۋەھشىلەرچە ئۇرۇپ 40 تەك ئادەم تاياقتىن قان ئىچىدە قالدى ۋە كۈرەش مەيدانىدا شۇ زۇلۇم قىيناشلار بىلەن جان بەرگەن دەھشەتلىك بىر كۈندە ئۆيگە كېلىپ، بەدىنىمدىكى يارىلارغا چاپلىشىپ كەتكەن كىيىملىرىمنى ئالماشتۇرۇپ، ئاچچىق ئاغرىقلار بىلەن ياتالماي ئولتۇرغان ئىدىم. كىچىك سىڭلىم رادىئونى ئاچتى. سىڭلىم ئايشە:

- ئۆچۈر نېمىگە رادىئو قويىسەن دەپ تۇرۇشىغا «ۋەتەننى قۇتقۇزۇش رادىئو ئىستانسىسى» دەپ چىقىپ كەلدى.

مەن ئۆچۈرمە تۇرسۇن ئاڭلايلى دېدىم.

رادىئو ۋەتەن ئىشقىدا يانغان يۈرەكتىن ھاياجان بىلەن سۆزلەنگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

ۋەتەنداشلار – قېرىنداشلار، تۇرۇڭلار، بىز ۋەتەننى قۇتۇلدۇرايلى. ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى، بىرلىشەيلى! بىزگە كېلىپ قوشۇلۇڭلار دېگەن مەزمۇندا شۇنداق تەسىرلىك سۆزلىدىكى ھاياجاندىن كۆزۈمگە ياش كەلدى. مەن بىزنىڭ دوستلىرىمىز ۋەتەنداشلىرىمىز ھەرىكەتتە ئىكەن دەپ شۇنداق خۇشال بولدۇم. بۇ رادىئو ماڭا ئۈمىد بەردى، كۈچ بەردى. ئاغرىقتىن ياتالماي ئولتۇرغان ئادەم ھەممە ئاغرىق ۋە خاپىلىقلارنى ئۇنتۇپ روھلاندىم. ھەر كۈنى يوشۇرۇن ھالدا

رادىئونى ئاڭلاشقا باشــلىدىم. كېيىن مەن بۇ رادىئو ئىستانسىسىدىن گۇمانلاندىــم. بىــر يوشــۇرۇن تەشــكىلاتلارنىڭ بۇنــداق كىچىك رادىئــو دولقۇنى تارقاتقــۇدەك كۈچى بولارمۇ؟ نېمــە ئۈچۈن خىتاي كوممۇنىســتلىرى بۇ رادىئو دولقۇنىنى ئۈزۈپ كەسمەيدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بۇ دولقۇننى تارقىتىشقا يول قويىدى؟ ھەم ئۇلار بىز تىيانشان تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدە كېلىپ بىزگە قوشۇلۇڭلار دەپ ئاڭلاتتى. شۇ تىيانشان تاغ ئېتەكلىرىگە خىتاي كوممۇنىســتلىرى بېرىپ ئۇلارنى تۇتۇۋالامدۇ؟ بۇ مېنىڭچە بولغاندا خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ توردىن چۈشۈپ قالغانلار بولسا مۇشــۇ يول بىلەن تۇتۇش دەپ ئويلاپ چىقارغان نەرسە بولسا كېرەك. ئۇلار ھەر ۋاقىت «ئاســماندا تور، يــەردە قاپقان ھېچ يەرگە قاچالمايسىلەر» دەيتتى. بۇ چوقۇم ئۇلارنىڭ خەلقلەرنى تۇتۇش ئۈچۈن قۇرۇلغان قاپقىنى بولســا كېرەك دەپ ئۇ رادىئونى ئاڭلىماس بولدۇم. ئەمما مەن بۇ رادىئو بالاسىغا دۇچ كەلدىم.

70 – يىلى ماي ئېيىدا بىزنىڭ گۇڭشــىغا خىزمەت گۇرۇپپىســى بولۇپ كەلگەن ياڭ زۇرۇڭ بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ:

- ســەن بىلەن سۆزلىشــىدىغان ئىش بار دەپ مېنــى ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا ئېلىپ باردى.

ئىشــخانىدا تولۇق ھەربىــي ئۇنىۋانى تاقىغــان ھەربىي كىيىمدە كۆرۈنۈشى سۈرلۈك بىر ياش ھەربىي ئولتۇراتتى. ياڭ ماڭا بۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم (پارتىيە كومىتېتى)دىن سەندىن سوراق قىلىش ئۈچۈن كەلدى دەپ تونۇشــتۇردى. ئۇلار مېنى سوراق قىلغۇدەك نېمە ئىشتۇر كۆڭلۈمدىن «شەرقىي تۈركىســتان تەشكىلاتى» گە قاتناشقان ئىشلار ئۈستىدە سوراق قىلغىلى كەلدىمىكىن دەپ ئويلىدىم ۋە قەتئىي قائىل بولماسلىق كېرەك دەپ ئۆزۈمگە سۆز بەردىم.

ئۇ ئادەم ئۆلتۈر دېدى.

مەن كۆرسەتكەن ئورۇنغا بېرىپ ئۆلتۈردۇم. ئۇ خەنزۇ ھەربىي مەندىن سوراق قىلىشقا باشلىدى.

سەن «ۋەتەننى قۇتقۇزۇش رادىئو ئىستانسىسى» بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭنى ئېيت دېدى.

مەن بۇ سوئالغا ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدىم ۋە ئۇلاردىن كەچۈرسىز مەن سوئالىڭىزنى چۈشىنەلمىدىم دېدىم.

ئۇ خەنزۇ چۈشەنمىگۈدەك نەرى بار «ۋەتەننى قۇتقۇزۇش رادىئو ئىستانسىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭنى سۆزلە» دەۋاتىمەن دېدى.

مەن ئۇنداق رادىئو ئىستانسىسى بارلىقىنىمۇ ئاڭلاپ كۆرمىدىم دېدىم ۋە خەۋىرىممۇ يوق، ئالاقەممۇ يوق دېدىم.

سەن بىزنى ئالداپ كېتىمەن دەۋاتامسەن، ئۇ ھېچ مۇمكىن ئەمەس، ئۇنىڭدىن راستىڭنى ئېيت دەپ ۋارقىردى.

ئەگەر سېنىڭ ئالاقاڭ بولمىسا سېنى ئۇلار ئىزدەپ كېلەرمىدى. قىزىل سايدا ھەم 4 – ئەترەتتە ئىشلەۋاتقىنىڭلاردا سېنى ئاتلىق ئادەملەر ئىزدەپ كېلەرمىدى، بۇمۇ يالغانمۇ دەپ توۋلىدى.

كۆز ئالدىمدىن قىزىل سايدا كەلگەن ئاتلىق ئادەملەر ھەم 4 – ئەترەتتىكى ئىككى ئاتلىق ئادەملەر چاقماقتەك «لاپ» قىلىپ ئۆتتى. بىراق مەن ئۇلار بىلەن سۆزلەشمىدىم. لېكىن ئۇلارنىڭ مېنى 18 – مايدا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ مېنى كۆرگىلى كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

ياق مەن ھېچقانداق ئادەملەرنى كۆرمىدىم، بۇ يالغان. نەنسەندە

پۈتــۈن ئادەم ئات مىنىپ يۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ قايســى كىم؟ نېمە قىلىپ يۈرگىنىنى بىلمەيمەن دېدىم. ئۇ ھەربىي ئورنىدىن ســەكرەپ تۇرۇپ، سەن ئەگەر مۇشۇنداق جاھىللىق قىلىۋەرسەڭ بىز سېنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلايمىز دەپ يېنىدىكى تاپانچىنى ئېلىپ ئۈستەل ئۈستىگە تاراققىدە قىلىپ قويىدى.

مەنمۇ ئورنۇمدىن تۇردۇم.

بەك ياخشــى بولار ئىدى. مەنمۇ مۇشــۇ جەھەننەم تۈرمۇشىدىن تويدۇم، قولغا ئالساڭلار مەن خۇشال بولاتتىم، قىلغان مۇشۇ ياردىمىڭ ئۈچۈن رەھمەت ئېيتقان بولاتتىم دېدىم.

ياڭ ماڭا بولدى، ئولتۇر ئۆزۈڭنى بېســىپ راســتىڭنى ئېيتســاڭ بولدى ئەمەسمۇ دېدى.

ياش ھەربىي ئولتۇر ئورنۇڭدا مەســىلەڭنى ياخشــىلاپ تاپشــۇر دېدى.

مــەن ئورنۇمغــا بېرىپ ئولتــۇردۇم. ئــۇلار مېنى تۈرمــە بىلەن قورقۇتالمىغاندىن كېيىن ئاستا يۇمشىدى.

مەســىلەڭنى تولۇق تاپشۇرســاڭ ســاڭا ھېــچ ئېغىرچىلىق يوق جاھىللىق قىلما دېدى.

مەن نېمىنى تاپشۇرىمەن دېدىم.

ئۇ ئادەم ئاڭلىمىغان بولســاڭ دېگەندەك، ســوزۇپ - ســوزۇپ «ۋەتەننى قۇتقۇزۇش رادىئو ئىستانىســى» بىلــەن بولغان ئالاقە – مۇناسىۋىتىڭنى تاپشۇر دېدى.

مەن كۈلدۈم. «رادىئو ئىستانىســى بىلەن مېنىڭ قانداق ئالاقەم

بولســۇن، مەن بىر رادىئــو دولقۇنلىرىنى تارقاتمىســام، مېنىڭ رادىئو ئىستانســىم بولمىســا، مەن ئۇلار بىلەن قانداق ئالاقە قىلارمەن، مەن ئۇنــداق چوڭ ئادەم ئەمەس، ئۇ ئىشــلار بىلــەن خەۋىرىم يوق. مەن ئۇلاردىن مۇشــۇ مەخپى رادىئو ئىستانسىســى ئەمەلىيەتتە شىنجاڭدا بارمۇ؟» دەپ سورىدىم.

ئۇ ئادەم مېنىڭ سوئالىمغا ھەيران بولغاندەك ئولتۇرۇپ قېلىپ، بۇ سوئالنى ماڭا قويدى.

مــەن ئۇلارغــا مېنىڭچــە بولغاندا بــۇ يالغان، بۇنــداق دولقۇن تارقىتالايدىغان كۈچلۈك چوڭ مەخپى ئىستانسىنى شىنجاڭدا قۇرۇپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس، ئاز ئىقتىســاد كەتمەيدۇ. بۇنداق يوشۇرۇن مەخپى تەشــكىلاتلارنىڭ ئۇ قەدەر ئىقتىســادى بولماس، بۇ يەككىلىك ئىش ئەمەس، ســىلەر شۇنداق چوڭ دۇنيا بويىچە ئەڭ كۈچلۈك دەپ كەلگەن كوممۇنىست پارتىيىسى تۇرغاندا بۇنداق رادىئو ئىستانسىسىنى دولقــۇن تارقىتىپ قويغىچە نېمە ئۈچۈن تۇتۇۋالالمايســىلەر، ئۇلارنى تۇتۇپ يوقاتماي، يوق نەرســە ئۈچۈن مەندىن ســوراق سوراپ ئاۋارە بولۇپ يۈرىسىلەر دېدىم.

ئۇ ئادەم ئۇنداق بولســا ســەن ئــۇ «ۋەتەننى قۇتقــۇزۇش رادىئو ئىستانسىسىنى» قانداق دەپ تونۇيسەن؟ دېدى.

مەن خاتىرجەم ئولتۇرۇپ مېنىڭچە بولســا بۇ رادىئو ئىستانسىسى شىنجاڭ چېگراسىنىڭ سىرتىدا، شىنجاڭغا قارىتىپ تارقاتقان دولقۇن بولۇشى مۇمكىن، يەنە بىر ئېھتىمال كوممۇنىستلار پارتىيىسى، خەلقنى قايمۇقتۇرۇپ تۇتۇش ئۈچۈن تارقاتقــان دولقۇن دەپ ئويلايمەن ھەم مەخپى تەشكىلاتنىڭ رادىئو دولقۇنى دېگىنىگە ئىشەنمەيمەن دېدىم.

ئۇ ئىككىسى بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ قويدى. سەن راستىن ئىشەنمەمسەن؟ دەپ سورىدى. مەن ئىشەنمەيمەن دېدىم.

ئۇنداق بولسا ئەتىدىن باشلاپ ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپ مەسىلە تاپشۇرۇش ئېلىپ بېرىلىدۇ. سەن ياخشىراق ئويلىنىپ مەسىلەڭنى تولۇق تاپشۇر. ئۆگىنىش گۇڭشى بويىچە مەسىلىسى بار ئادەملەرنى ئېلىپ كېلىپ گۇڭشىنىڭ يېنىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئىچىدە بىر ئاي ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇ يەردە يېتىپ ئۆگىنىش قىلىسىلەر دېدى.

ئارىلىقتىن كۆپ ئۆتمەستىن بىزنىڭ توتونخودىكى كۆمۈرخاڭلىرىدا ئىشلەيدىغان بىرقانچە تونۇش ياش باللار بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇلار بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ خاڭدا بولغان خەۋەرلەرنى سۆزلەپ كېلىپ ماڭا يوشۇرۇن ئاستا ئاۋاز بىلەن:

- سىز ئاڭلىدىڭىزمىكىن، يېقىندا «ۋەتىنىنى قۇتقۇزۇش رادىئو ئىستانسىسى» دېگەن رادىئو خەۋەرلىرى چىقتى. بىز ھەممىمىز يوشۇرۇنچە ئاڭلايتتۇق. بۇ رادىئو خەۋەرلىرى بىزنى ئىنتايىن قاتتىق تەسىرلەندۈردى. ھاياجان بىلەن شۇ يولداشلارغا قوشۇلۇش ئارزۇسى بىلەن ياشىدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىز ھەممىمىز ئۇلارغا بېرىپ قوشۇلۇش قارارىغا كېلىپ ھازىرلاندۇق. لېكىن ئارىمىزدا ياشقا چوڭراق ئاكىمىز:

- ياق ھەممىمىز بارمايلى، چۈنكى بىز ئۇلارنى تولۇق بىلمەيمىز. بۇ راستمۇ؟ - يالغانمۇ؟ ئېنىق ئەمەس، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ تاكتىكىلىرى جىق، ئۇلار ئويۇن ئوينىتىپ يۈرەمدۇ بىلمەيمىز، تولۇق ئىشەنچلىك نەرسە ئەمەس. ئۇلار «ئاسماندا تور يەردە قاپقان» دېگەندەك خەلقنى قايمۇقتۇرۇپ تۇتىدىغان بىر ئىش بولۇپ يۈرمىسۇن،

دىققەت قىلىشــىمىز كېرەك. شــۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىن سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن ئىككى ئادەم بارســۇن، ئەگەر راستىن شــۇنداق ئىشەنچلىك بولســا بىزگە خەۋەر قىلىڭلار، ئۇۋاقىتدا ھەممىمىــز بارايلى، بىلمەي تۇرۇپ ئۆزىمىزنى ئوتقا ئاتمايلى دېدى.

ھەممىمىز ماقۇل بولۇپ، ئارىمىزدىــن ئىككى ئادەم ئۆزلىرى «بىز بارىمىــز» دەپ رازى بولۇپ چىقتى. ئۇلار ئىككىســى ئىككى تونۇر نان ياقتۇرۇپ ئېلىپ بىزلەر بىلەن خوشلىشــىپ رادىئو دېگەن تىيانشــان تاغ ئېتەكلىرىگە ئۇلارنى ئىزدەپ كەتكەن ئىدى. شــۇ يەرگە بارغاندا ئۇلار ھاي! – بىز كەلدۇق، نەدەسىلەر! دەپ توۋلىغان ئىكەن، ئىككى قېتىم ۋارقىراش بىلەن بۇلارنى ساقلاپ تۇرغاندەك خىتاي ساقچىلىرى يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۇلارنى تۇتۇپ تۈرمىگە تاشلاپتۇ. تۈرمىدىن چىققان كىشــىلەر كېلىپ ئائىلىدىكىلەرگە بولغان ئەھۋالنىڭ ھەممىســىنى ئاڭلىتىپتۇ. تۈرمىدە شۇ رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئاڭلىتىشىغا ئىشىنىپ بىزنىڭ يولداشــلىرىمىزغا ئوخشــاش ئەھۋالغا ئۇچراپ ياتقانلار كۆپ ئىكەن. بىز بۇ خەۋەرنــى ئاڭلاپ ھەممىمىزنىڭ ھەيرانلىقىدا ئاغزىمىز ئېچىلىپ قالدى. بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ نەپەس ئېلىشــىمۇ ئىمكانىيە قالمىــدى دەپ كۆڭۈلســىز بولدۇق. شــۇنىڭدىن كېيىــن، ئۇ رادىئو دولقۇنىنــى ھەرگىز ئاڭلىماس بولدۇق دېدى. ئۇلار بىزنىڭ خاڭدىكى ئىشــچىلار نېمە ئۈچۈن خەلقىمىز قوزغالمايدۇ؟ ھەممە ئادەم بىردەك قوللىرىمىزنى تۇتۇپ جەڭگە ئاتلانســاق بولمامدۇ، بۇنداق قۇل بولۇپ ياشــىغىچە، ۋەتەننى دەپ جەڭ مەيدانىدا ئۆلســەك شــۇ ئەلا ئىدى دەيدۇ، دېدى.

ئۇ ياشــلار ھازىر جەڭگە كىرىدىغانــدەك، ئوتتەك يېنىپ تۇرغان، ئەركىنلىككە تەشنا يىگىتلەر ئىدى، دېدىم.

بىز بۇ توغۇرلۇق ئۇزۇن پاراڭلاشتۇق.

ئۆمەر ماڭا قاراپ:

- مەن سىزنى تاغامنىڭ كېلىنى خەدىچەگە ئوخشاتتىم. ھەقىقەتەن سىز بەكمۇ ئوخشايسىز. ئۇمۇ تاتار قىزى، ئۇ غەيرەتلىك، كۆچلۈك، تەربىيەلىك ئايال. ئۇنىڭ يولدىشى، تاغامنىڭ ئوغلى ئەخمەت ئىدى. بۇلار بەكمۇ چىرايلىق ياشايتتى. ئۇلارنىڭ بىردىنبىرى گۈزەل باللىرى بار ئىدى.

ئەخمەتنى نېمە سەۋەپتىن ئېكەنلىكىنى بىلمەيمىز. «ئىستىل تۈزىتىش» ھەرىكەتلىرىدە قارا - قويۇق قولغا ئېلىش دولقۇنىدا ئەخمەتنى قولغا ئېلىپ كەتتى. ئۇنى ئۈچ يىل كېيىسپ غۇلجىنىڭ «ئۈچ كەپتەر» دېگەن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىنىڭ كۆمۈر خاڭدا ئىشلەپ ئۈچ يىلنى ئۆتكۈزدى.

خەدىچە ئېرىنىڭ ۋاقتى توشقاندا يولدىشى قايتىپ كېلىدۇ، دەپ ئۆيلەرنى ئاقلاپ، تازىلىقلار قىلىپ ھويلىلارنى گۈل - چېچەكلەر بىلەن گۈزەل قىلىۋەتتى. يۈگۈرۈپ يۈرۈپ تەييارلىقلار قىلدى. ئۆيگە يولدىشىنىڭ قايتىپ كېلىدىغان كۈنىگە توغرىلاپ مېھمانلارنىمۇ چاقىرىپ قويدى. ئەخمەتنىڭ ۋاقتى توشقان كۈندە خەدىچە بىر ھارۋا كىرا قىلىپ ئەخمەتنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن «ئۈچ كەپتەر»گە كەتكەن ئىدى. ئۇلار ئۇ يەرگە چۈش ۋاقتى بىلەن يېتىپ بېرىپ، بىر تاغنى ئاشسا «ئۈچ كەپتەر» كۆمۈركانىغا يېتىپ باراتتى. خەدىچە شۇنداق خۇشال ھاياجان ئىچىدە ئالدىراپ كېلەتتى.

قانداقتۇر ئۇ تاغدىن ئاتلىق قازاق قېرىنداشلارنىڭ «ئويباي ئاتتانىڭلا - ئاتتان ئادەم ئۆلدى» دەپ شۇنداق يامان دەھشەت

تووۋلىغان ئاۋازى ئاڭلانــدى. نۇرغۇنلىغان ئاتلىق ئادەملەر «ئاتتان – ئاتتــان» دەپ تووۋلاپ شــۇ جىنايەتچىلەرنى ئىشــلەتكەن كۆمۈرخاڭ تەرەپكــە قــاراپ چاپتــۇرۇپ كېتىۋاتقىنىنــى كــۆرۈپ خەدىچەنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ چۈشــۈپ «نىمە بولغاندۇ، يا ئالالاھ ئۆزۈڭ ســاقلا» دەپ ئەنســرەپ كۆڭۈلسىز بولدۇ. ھارۋىكەشمۇ ئاتنى چاپتۇرۇپ تاغ ئۆســتىڭە يېتىپ چىقسا پۈتۈن ساينىڭ ئىچىدە قاتار تىزىپ ياتقۇزۇپ قويغــان ئۆلۈكلەرنى كۆرۈپ خەدىچە «بۇ قانــداق ئىش، بۇلارغا نىمە بولغانــدۇر يائالــلاھ» دەپ تووۋلاپ كەتتى. ھارۋىكەشــمۇ «يا رەببىم – يــا رەببىم مــەن ئۆمرۈمدە بۇنداق جــق ئۆلۈكلەرنى كۆرمىگەنتىم بۇلارغا نىمە بولغاندۇ» دەپ ئاتنــى چاپتۇرۇپ ئۆلۈكلەر ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى. «نىمە بولدى- نىمە بولدى» دەپ كىشىلەردىن سوراپ، ئۆزلىرىنى تۇتالماستىن يىغلاپ كەتتى.

تاغ – تاغلاردىن قازاق قېرىنداشلار ئاتلىق «ئويباي ئادەم ئۆلدى» دەپ ۋارقىرىشــىپ كېلەتتى. تــەرەپ – تەرەپتىن پىيــادە يۈگۈرۈپ يىغلاپ كېلىۋاتقان ئايالالار ۋە ســاينىڭ ئوتتۇرىســىدا يۈزلەپ ياتقان ئۆلۈكلەر بىلەن ئاجايىپ دەھشــەت شۇنداق كۆڭۈلسىز بىر كۆرۈنۈش ھەممــە ئادەمنىڭ يۈرىكىنــى ئېزىپ يىغلىتاتتى. قازاق قېرىنداشــلار ئۆلگەنلەرنىڭ ئۈستىگە ئاق كىيگىزلەر يېپىپ قويغان ئىكەن. ئارىدىن ئوتتۇرا ياشــلىق بىر ئادەم بۇلارغا ئەتىگەن ســەھەر ۋاقتىدا خۇددى بومبــا پارتلىغاندەك قاتتىق ئــاۋاز چىقىش بىلەن يەر تەۋرەپ كەتتى. بىــز ئۆيدىــن يۈگۈرۈپ چىقتۇق. خــاڭ تەرەپتىن ئېگىــز كۆتۈرۈلۈپ چىققان چاڭنى كۆرۈپ بىز خاڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدۇق. خاڭ ئالدىدا بىرمۇ ئادەم يوق، خاڭ چۈشــۈپ ئادەملەر خاڭ ئاستىدا قاپتۇ. نۆۋەت ئالمىشــىپ چىقىپ ئۇخلاۋاتقان جىنايەتچىلەر ھەممىســى يۈگۈرۈپ

چىقىپ خاڭ ئاغزىدا ئۆلگەنلەرنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن كىرىشتى، بىزلەرمۇ بىللە ياردەملىشىپ چىقىرىۋالدۇق. لېكىن ئەڭ ئاستىدا قالغانلارنى چىقىرىۋېلىش مۇمكىن بولمىدى. نۇرغۇن ئادەملەر ئۆلدى، دەپ يىغلاپ كەتتى. ھەتتا بۇگۈن ۋاقتى توشۇپ «ئۆيدىكىلەر كەلسە كېتىمىز» دەپ ئولتۇرغان بىرقانچە ئادەم بار ئىدى. ئۇلارمۇ ساق قالمىدى. نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق دەھشەت ئۆلۈم بولدى، دېدى. ساق قالغان جىنايەتچىلەر يولداشلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت ئۈچۈن ھەممىسى ئىزىلىپ ھۆكۈرەپ يىغلاپ ئولتۇراتتى. ئەخمەت بىلەن ئالتە ئادەمنىڭ ۋاقتى توشۇپ ئۆيدىكىلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ خاڭ ئاغزىدا ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بېسىلىپ ئۆلۈپتۇ. شۇ ئالتە ئادەمنىڭ ئائىلىدىكىلىرىمۇ يېتىپ كېلىپ تېخىمۇ دەھشەت يىغا - زارە بولۇپ كەتتى.

خەدىچە تىزىلىپ ياتقان ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن ئېرى ئەخمەتنى تېپىپ قايغۇ، يىغا - زارە بىلەن جەسەتنى غولجىغا ئېلىپ كېلىپ دەپنە قىلدى. كېلىنىمىز خەدىچە ئەخمەتنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، ياخشى بولالمىدى. خاڭدىكى شۇ دەھشەت كۆرۈنۈش خەدىچەنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەي كېچىلىرى ئۇخلالمايتتى، كۆز ياشلىرى قۇرىماستىن يۈرۈپ بىر يىلدىن كېيىن خەدىچە تۇيۇقسىزدىن ۋاپات بولۇپ كەتتى. تۆت بالا يېتىم قالدى. بۇ بالىلارنى تاغام تەربىيەلەپ ئوقۇتۇپ ئۆيلەندۈردى. ھەممىسى ياخشى ئادەملەر بولۇپ چوڭ بولدى.

مەن كېلىنىمىز خەدىچەنى ياخشى كۆرەتتىم ۋە ھۆرمەت قىلاتتىم. ئۇ تەربىيەلىك، ئەخلاقلىق، گۈزەل تەبىئەتلىك بىر قىز ئىدى. سىز شۇ كېلىنىمىزگە ئاجايىپ ئوخشايسىز. سىزنىڭ سۆز قىلىشلىرىڭىز تەبىئىتىڭىز شۇنداق ئوخشايدۇ. مەن خۇددى كېلىنىمىزنى يەنى

خەدىچەنى كۆرگەندەك بولدۇم، دېدى.

مەن ياخشى كۆرگەن كىلىنىڭىزگە ئوخشاتقانلىقىڭىز ئۈچۈن كۆپ رەھمەت دېدىم.

شـــامىل ئويچان كۆزىنى بىر يەرگە تىكىپ تۇرۇپ ئاندىن ئۆمەرگە قاراپ:

- سەن بۇ سۆزلەرنى سۆزلىگەندە شۇ يامان كۈڭۈلسىز كۈنلەر كۆز ئالدىمدىن تىزىلىپ ئۆتتى.

60 – يىلىدىكـــى ئاچارچىلىق ۋاقتىدا بىـــر كۈنى ئاپام ئورنىدىن تۇرۇپلا:

- شامىل ســـەن بۈگۈن كوچا باي ناھىيىسىگە قاراپ يولغا چىق. بېرىپ سىڭلىڭنى ئېلىپ كەلمىسەڭ ئۇ ئۆلىدۇ. مەن چۈشۈمدە كۆردۈم. ئۇ يەردە بىر ئىش بولۇۋاتىدۇ. كىچىكىســـەڭ بىـــز ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالىمىز دەپ يالۋۇردى. ئۆزى ھەم ئالدىراپ ماڭا يول ھازىرلىقى ئۈچۈن بىر نەرســـىلەر پىشـــۇرۇپ تەييارلاندى. بۇ ئەھۋالدا مـــەن بارمايمەن دېيىش مۇمكىنمۇ؟ مەن بېرىپ بېلەت ئېلىپ كەلدىم. بۇ سىڭلىم غەيشە شىنجاڭ داشـــۆنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۇنى كوچا باي ناھىيىسىنىڭ ئوتتـــۇرا مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچى قىلىپ تەيىنلـــەپ ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇ ئۆزىمۇ ئۇ يەرنى ياخشـــى كۆرۈپ خۇشـــال ئىشلەپ يۈرەتتى. مەن باي ناھىيىسىگە مىڭ تەسلىكتە يېتىپ باردىم. سىڭلىم ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىچىـــدە كىچىك بىر ئېغىز ئۆيدە ئۈرۈمچىدىن كەلگەن بىر قىز بىلەن بىللە تۇرىدىكەن. ســـىڭلىم مېنى كۆرۈشـــى بىلەن ئىنتايىن خۇشـــال بولۇپ، مېنى قۇچاقلاپ كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن:

- ســـەن بىزنىـــڭ ئەھۋالىمىزنـــى قانداق بىلىـــپ كەلدىڭ دەپ

سورىدى.

مەن ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىدىم.

ئاپام مېنى ئولتۇرتماي «مەن قىزىمنى چۈشۈمدە كۆردۈم، ئەھۋالى ياخشى ئەمەس، سەن بېرىپ ئېلىپ كەل» دەپ تۇرۇۋېلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئاپامنىڭ چۈشى بويىچە سىېنى ئالغىلى كەلدىم دېدىم ۋە سىڭلىمدىن:

- نېمە ئەھۋال بولدى دەپ سورىدىم .

سەن ئاڭلىماپسەندە باي ناھىيىسىدە ئاچارچىلىق باشلاندى. يۇقىرىدىن ئېغىر ئالۋان سېلىق سېلىپ پۈتۈن ئاشلىقنى ھەتتا خەلقلەر يەيدىغان ئاشلىقنىمۇ ھەم يەرگە تېرىيدىغان ئۇرۇق ئاشلىقنى قويماستىن يىغىشتۇرۇپ ئېلىپ كەتتى. بۇ يەردىكى خەلق ئۈچۈن ھېچقانداق ئاشلىق قالمىدى. ئاچارچىلىق باشلاندى. خەلق ئاچ قالدى. تۈنۈگۈندىن باشلاپ ئادەملەر ئاچتىن ئۆلۈۋاتىدۇ. خەلق بۇ ھەقتە باي ناھىيىسىنىڭ ناھىيە باشلىقىنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ بارسا ئۇ ئەبلەخ قېچىپ كېتىپتۇ. ھېچ يەردىن تاپالمىدى. خەلق ئىنتايىن نارازى ھەم غەزەپلىك ئىدى. چۈنكى ئۇ خەلقنى ۋە بولىدىغان ئاچارچىلىق ئاپىتىنىمۇ ئويلىماستىن ئاشلىق تاپشۇردى. ھۆكۈمەتكە تاپشۇرىدىغان ئاشلىق كىلو سانىنى توشقۇزالماستىن خەلققە دېگەن ساڭدىكى ئاشلىقلاردىن تارتىپ بېرىپ ئەمدى خەلق ئاچلىقتىن ئۆلۈۋاتىدۇ، دېدى.

بىز ئوقۇتقۇچىلارمۇ خەلقلەر بىلەن نۇرغۇن ئورۇنلارغا باردۇق. ئۆلارنىڭ قورسىقى توق «ئامالىمىز يوق» دەپ مۇرىسىنى چىقىرىپ ئولتۇرىدۇ. ھېچ ئامال بولمايۋاتىدۇ. قانداق قىلىشىمىزنى بىلمەيۋاتىمىز.

بۇ يەردىكى ئادەملەرگە ئۇۋال بولدى. كاشكى بىزنىڭ قولىمىزدىن بىر ئىش كەلسە ئىدى، دەپ سىڭلىم غەيشە سىنىڭ قولۇڭدىن بىر ئىش كېلەرمۇ دېگەندەك ماڭا قارىدى. مەنمۇ بۇ ھەقتە ئامالسىز ئىدىم.

مەن سىڭلىمغا بۇ ئىشتا سېنىڭ ۋە مېنىڭ ھېچقانداق ئامالىمىز يوق. بىز كېتەيلى، ئۈرۈمچى ۋە غۇلجىلارغا بېرىپ باشلىقلار بىلەن سۆزلىشىپ كۆرەيلى، كېچىكمەيلى بۇ ئىشلىق سەبىر قىلىدىغان نەرسە ئەمەس. قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى بولار. سەن قايتمىساڭ ئاپام مېنى ئۆيگە كىرگۈزمەيدۇ، دەپ سىڭلىمنى ئېلىپ قايتتىم.

بىز ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىگە ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسىغا ئوخشاش ئورۇنلارغا باردۇق.

ئۇلار تەكشۈرۈپ تېزلىك بىلەن بىر ئامال قىلارمىز دەپ قايتۇردى. سىڭلىم بايىدىكى خەلقنىڭ ئەھۋاللىرىنى يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەردى. لېكىن خىتاي ھۆكۈمىتى «ئالىي دەرىجىلىك كادىرلار تەمىناتى» بىلەن باشلىقلارنىڭ كىكىرتىكىگە تىققاندىن كېيىن ئۇلارنى خەلق تۇرمۇشىنى ئويلاپ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايدىغان ھالدا قارغۇ قىلىپ قويدى. ھەممىدىن ئېچىنارلىقى باي ناھىيىسىدە نۇرغۇن ئادەم ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى، دېدى.

شاملىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ تۈرمىدىكى شاۋپاڭنىڭ سۆزى يادىمغا كەلدى.

بىر كۈنى شاۋ پاڭ بىلەن ئىككىمىزنى بىر يەرگە ئىشقا بۆلدى. شاۋ پاڭ 19 – 20 يىشلاردىكى چىرايلىق قىز ئىدى. ئۇ ئادەتتىكى خەنزۇلارغا ئوخشىمايتتى. يۈزىنىڭ تېرىسى سىلىق ئاپئاق، يوغان قارا كۆزلۈك، بۇرنى قاڭشالىق ئىنچىكە، قارا قاشلىق ئۇماققىنا بوي – تۇرقى

قاملاشقان بىر قىز ئىدى. چىرايلىق خاراكتېرى بىلەن باشقىلارنىڭ ئارىسىدا ئالاھىدە كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

مەن بۇ يەرگە قانداق قىلىپ كېلىپ قالغاندۇر دەپ ئۇنىڭغا قاراپ قالغان ئىدىم.

شاۋ پاڭ نېمە بولدى؟ سەن ماڭا باشقىچە قاراپ قالدىڭغۇ؟ دەپ سورىدى.

مەن شاۋ پاڭ سەن چىرايلىق بىر قىز . سەن ھەم شۇنداق ياخشى سەن، نېمشقا بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭ، دەپ قاراپ تۇرىمەن. شاۋپاڭ، ماۋجۇشى سىلەرنىڭ، كوممۇنىست پارتىيە سىلەرنىڭ، كۆچلۈك ئارمىيىلەر بار، ھاكىمىيەت سىلەرنىڭ، قانۇن - سىياسەتلەر سىلەرنىڭ، ھۆكۈمەت سىلەرنىڭ شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمە سەۋەبتىن سىلەر بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭلار دەپ سورىدىم .

ئۇ مېنىڭ بۇ سوئالىمغا ھەيران بولغاندەك ماڭا قاراپ قالدى ۋە مېنىڭ يۈرىكىمدىكى ئاچچىقنى سەزگەندەك بولۇپ، ئۆزىنى بېسىۋېلىپ سۆزلىدى.

مەن سىچۈەنلىكمەن. بىزنىڭ ئۇ يەرلەر يېشىللىق، باغۇ - بوستانلىق، ھاۋاسى ياخشى قۇشلارنىڭ چىرايلىق ئاۋازلىرى تەبىئەتنى بەكمۇ گۈزەل قىلىپ كۆرسەتتى. شۇڭلاشقا بىز ئۆزىمىزنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمىز. بىز بىر ئاتا - ئانىدىن 13 بالا ئىدۇق. ئاكىلىرىم - ھەدىلىرىم بارلىقى ئۆيلۈك بولۇپ، ئۇلارنىڭمۇ بالىلىرى بولدى. مېنىڭ كەينىمدە بىر كىچىك ئىنىم بار ئىدى. مومىلىرىم - بوۋىلىرىم ۋە دادامالار يەتتە بالا ئاپامالار تۆت بالا بولۇپ، ئۇنىڭ بالىلىرى بىلەن بىزلەر يۈزدىن ئوشۇق ئادەم بىر جامائەت بولۇپ ياشايتتۇق. ئۇزۇن يىللىق بىللە ياشاپ كەلگەن

قولۇم – قوشنا ھەم قۇدىلىرىمىز بىلەن بىر ئائىلىدىكىدەك ئىناق ھايات كەچۈرەتتۇق. مېنىڭ دوستلىرىم ھەم ياخشى كۆرگەن يىگىتىممۇ بار ئىدى. بىز باي بولمىساقمۇ يامان ئەمەس گۈزەل ھاياتىمىز بار ئىدى. ئاكىلىرىم – ھەدىلىرىم ئوقۇغان بىلىملىك ئادەملەر بولدى. مەنمۇ ئىنىستىتۇتتا ئوقۇشقا كىردىم. دادامنىڭ دەپ بەرگىنىگە قارىغاندا بىزلەر مانجۇ مىللىتىدىن ئىكەنمىز، لېكىن بىز ئۆزىمىزنى خەنزۇ دەپ يۈرەتتۇق. مانا شۇنداق گۈزەل ھاياتىمىزدا ئەنە شۇنداق ئاچارچىلىق ئاپتى كەلدى. بىزنىڭ چىرايلىق ئۆلكىمىزدە ئاچارچىلىق باشلاندى. ئادەملەر ئاچلىقتىن ئىت – مۈشۈك، پاقا – چاشقان، قۇرت – قوڭغۇز ۋە ئوت – چۆپلەرنىڭ يىلتىزىغىچە يېيىشكە مەجبۇر بولدى. پۈتۈن ئادەمنىڭ ئاچلىقتىن كۆزلىرى پارقىراپ يەيدىغان نەرسە ئىزدەيتتى. ئەڭ ئاخىرى ئۇ نەرسىلەرمۇ قالمىدى. ئادەملەر ئاچلىقتىن ئۆلۈشكە باشلىدى. كىشىلەر كۈچ – قۇۋۋەتنى يوقاتتى. ئۆلۈكلەرنى كۆمگىدەك ھالى قالمىدى. شۇنداق دەھشەت، شۇنداق ئېغىر كۆڭۈلسىز مۇھىت بولدىكى ئۆلۈكلەر كوچىلاردا يېتىپ قالدى.

بىلەمسەن، بىزنىڭ ئەللىكتىن ئوشۇق ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ، ئۇكام بىلەن مەن قالدىم. بىزنىڭ تۇغقانلاردىنمۇ ھېچكىم قالمىدى. بىر – بىرىمىزگە قاراپ ھالنى سورارلىق ھالىمىز بولمىدى. ئەڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئادەملەر سىچۇەننى يەنى يۇرتىمىزنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. قوشنىمىزدىكى بەي تاغام ئۇكام بىلەن مېنى ئېلىپ شىنجاڭغا بارايلى ئۇ يەرنى «دۇنيانىڭ جەننىتى» دەيدۇ، بۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئۆلۈم كۈتكىچە كېتەيلى دېدى.

بىز بەي تاغام بىلەن يولغا چىقتۇق. بەي تاغام شىنجاڭغا ماڭدىغان پويىزغا ئۇكام بىلەن مېنى ئىتتىرىپ ئاران چىقاردى.

ئۆزى چىققۇچە پويىز مىڭىپ كەتتى. بىز شـۇنداق قورقتۇقكى قانداق قىلىشىمىزنى بىلمەي قالدۇق. پويىز قىستا – قىستاڭكى ئۆرە تۇرۇپمۇ قىينىلاتتـۇق. قىينچىلىــق، سىقىلىش، ئادەم چىدىغۇســىز ئىدى. ئاچلىق، ماغدۇرسىزلىق بۇ تېخىمۇ ئېغىر بولدى. ئۇكام بىلەن ئىككىمىز ئىتتىرىلىپ يۈرۈپ پويىزنىڭ بىر چېتىگە كېلىپ قالدۇق. بىزگە بىر ئاز ياخشــى بولغاندەك بولدى. لېكىن ئۇكامنىڭ ھالى كېتىپ دەسسەپ تۇرالماي قالدى. مەن يىغلىدىم دەپ شاۋ پاڭنىڭ كۆزىدىن يامغۇردەك ياشــلار تۆكۈلدى. ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشسىمۇ مۇمكىن ئەمەستى. شــاۋپاڭغا قاراپ مىنىڭمۇ يۈرىكىم ئېزىلىــپ كۆزۈمگە ياش كەلدى. ھەقىقەتەن نېمىدېگەن ئېغىر دەپ ئىچىم ئاغرىدى. شــاۋپاڭ ئۆزىنى ئاران تۇختىتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى. «بىر پارچە نان بولسا ئۇكامنى ســاقلاپ قالالايتتىم دەپ كىمدە نان بار بىر پارچە بەرســەڭلار ئۇكام ئاچلىقتىــن ئۆلۈۋاتىدۇ، ياردەم قىلســاڭلار» دەپ توۋلىدىم. ئادەملەر ئۇكامغا ۋە ماڭا قاراپ بىزدىمۇ يوق بىزمۇ چارىســىز دېگەندەك قاراپ قويدى. بىر ســائەتكە قالماســتىن ئۇكام ئۆلدى. مــاڭا قانداق ئېغىر بولغانلىقىنى ھېس قىلالامســەن تېخىمۇ يالغۇز قالدىم. بىز شىنجاڭغا يېتىــپ كەلگۈچــە 20 – 30 ئادەمنى ھەر بېكەتتە كۆمۈپ تاشــلاپ كەلدۇق. ئۇكاممۇ يېرىم يولدا قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ھەســرەت يارلــىرى، قانــاپ كۆزلىرىدىكى ياشــلار توختىماي ئاران ســۆزلەپ بېرىۋاتاتتى.

ھېلىقى «دۇنيانىڭ جەننىتى» دېگەن شىنجاڭغا يېتىپ كەلدۇق. ئۈرۈمچى شــەھىرىگە كەلگەندە پويىزدىن چۈشــۈپ توختاپ تۇرغان ئاپتوبۇسقا ئاران يېتىپ كەلدىم. ئادەملەر يۆلەپ چىقاردى. شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە ئاپتوبوستىن چۈشۈپ قالدىم. بۇرنۇمغا شىرىن

مېزلىــك تاماقنىڭ پۇرىغى كەلدى. شــۇ پۇراق چىققــان يەرگە پۇتۇم ئالدىراپ مېڭىــى ئېلىپ باردى. ئۇ بىر ئاشــخانا ئىكەن. مەن ئىچكە كىرىپ دەسســەپ تۇرارلىق ھالىم يوق يىقىلىپ چۈشــتۈم. كىشــىلەر ھاي – ھوي دەپ ئەتراپىمغا ئولاشــتى. مەن ئاران ئاغزىمدىن سۆزۈم چۈشۈپ:

ماڭا ئالللاھ ھەققىدە يەيدىغان بىر نەرســە بەر، ئاچتىن ئۆلۈمەن دېدىم.

كىشىلەر بۇ ھارامزەدىنى كوچىغا چىقىرىپ تاشلاڭلار دېدى. ئارىدىن چوڭراق ئادەملەر «ياق ئۇنداق قىلماڭلار، بۇ ھارامزەدە ئەمەس، راستىن ئاچلىقتىن ئۆلىدىغاندەك تۇرىدۇ، چىرايىغا قارامامسىلەر» دەپ ئىچىنى ئاغرىتتى. ئارىدىن بىر ئاق ســاقاللىق شىنجاڭلىق بىر ئادەم ئاشپەزگە بىر كىشىلىك تاماق بويرۇتۇپ مېنى يۆلەپ ئۈستەلگە ئولتۇرغۇزدى. بىر چوڭ چىنە ســۇيقاش بىلەن ئىككى نان چىقىرىپ بەردى. ئۇ ئادەملەر ماڭا سەن بۇنىڭ ھەممىسىنى يېمە ناننى يېنىڭغا ئال ماۋۇ سۇيقاشنى ئىچ بولمىســا ئاچ قورساققا ھەممىسىنى يېســەڭ ئۆلۈسەن دېدى ۋە ئەتراپتىكى شۇنىڭغا ئوخشــاش ئادەملەر ئازدىن بولسىمۇ پۇل بەدى. مەن رەھمەت ئېيتىپ يىغلاپ كەتتىم.

سۇيقاش ماڭا بەكمۇ ئوبدان بولدى. مەن ئۆمرۈمدە بۇنداق تاتلىق ئاش يەپ كۆرمىگەن ئىدىم. ئىچىدە گۆش بار، ھەم ياغلىق شــۇنداق لەززەتلىــك تاماق ئىكەن. بۇ ئاش قان تومۇرۇمغا يۈگۈرۈپ بەدىنىمگە جان كىرگەندەك بولدۇم. ئاشپەز مېنىڭ ئالدىراپ ئىچىرقاپ يەۋاتقىنىمغا قاراپ يەنە بىر چىنە سۇيقاش ئېلىپ چىقىپ ئالدىرىماي ئاستا يە دەپ كىرىپ كەتتى. ھەقىقەتەن بۇ ئادەملەر نېمىدېگەن ياخشــى ئادەملەر دەپ ئىچىمدە شۇنداق يۈرىكىمدىن رەھمەتلەر ئېيتتىم.

ئاشخانىنى ياپىمىز دەپ مېنى ئاشخانىدىن چىقاردى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن نەگە بارىمەن؟ قەيەردە ياتىمەن؟ قەيەردە تۇرىمەن؟ نېمە قىلىمەن؟ دېگەن پىكىر بېشىمغا كەلدى. نوپۇس يوق، پۇل يوق، تۇرار ماكان جان يوق، ئىشلەيدىغان ئىش يوق، بۇ بىر چوڭ قىيىنچىلىق ئىدى. بۇ كېچە كوچىنىڭ بىر دالدا يېرىگە بېرىپ ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزدۇم. نەچچە كۈن هايات يولىنى تېپىش ئۈچۈن ئىزدەندىم. بىراق هېچقانداق ئامال بولمىدى. قانداق قىلىمەن؟ ياشاش ئۈچۈن ياخشى توغرا يول بولمىسا يامان يولغا ماڭماي ئامالىڭ قانچە؟ ئوغرىلىق قىلىشقا باشلىدىم. كىشىلەرنىڭ يانچۇقىدىن پۇللارنى ئوغۇرلاشقا كىرىشتىم. باشتا بەكمۇ ئېغىر كەلدى. يامان يول بىلەن ئۆزۈمنى بۇلغاۋاتىمەن دەپ روهىم چۈشتى. بۇ ئىشلار ئوڭاي ئەمەس بەكمۇ قورقتۇم. كېيىن - كېيىن بۇنىڭغىمۇ ئۆگەندىم. ئاسان پۇل تېپىش يولى ئىكەن. بەزىدە ئۆزۈمنىڭ مۇشۇ قىلىۋاتقان ئىشىمدىن يىرگىنىپ نەپرەتلىنىمەن، ئەمما ئامال يوق. مەن يامان قىز ئەمەستىم، ئىنىستىتۇت ئوقۇغۇچىسى ئىدىم، ئەڭ ئاخىردا ئۆزۈمدىن نەپرەتلەنگەن يامان كۆرگەن نىجىس ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. ياشاش ئۈچۈن شۇنداق قىلىشقا توغرا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئوغرىلىق قىلىۋاتقان ئۈستىدە قولغا چۈشتۈم. مېنى ئۈچ يىل كەستى. هازىر مېنىڭ كىرىدىغان ئۆيۈم بار، سامان بولسىمۇ ياتار ئورنۇم بار، ئۇماچ بولسىمۇ ئۈچ ۋاقىت يەيدىغان تامىقىم بار. هەم بوش ئەمەسمەن، ئىشلەيدىغان ئىشىم بار. مەن هازىر ئۆزۈمنى راهەت هېس قىلىمەن.

سەن دېدىڭ «سىلەرنىڭ ماۋجۇشىلار بار، كوممۇنىست پارتىيىلىرىڭ بار، هۆكۈمەت سىلەرنىڭ، هاكىمىيەت سىلەرنىڭ، هوقۇق سىلەرنىڭ كۈچلۈك ئارمىيىلىرىڭ بار بۇ يەرگە سىلەر نېمىشقا

كەلدىڭلار» دېدىڭ.

سەن قارا سىچۇەندە مىليونلاپ خەلق ئاچلىقتىن ئۆلگەندە بىزنىڭ ماۋجۇشىمىز نەدە قالدى؟ بۇ خەلقنى ئاچلىقتىن ئۆلۈۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ كۆردىمۇ؟ بولمىسا باشقا مەملىكەتلەردىن ئاشلىقنى سېتىۋېلىپ كىرسىمۇ بولاتتى. ئۇ خەلقنى ئويلىسا شۇنچە خەلق بىر چىشلەم نانغا زار بولۇپ ئاچلىقتىن ئۆلەرمىدى. بىر مېنىڭ ئائىلەمدىن 50 دەك ئادەم ئۆلدى. هازىر مېنىڭ هېچكىمىم يوق، هېچكىمسىز يالغۇز قالدىم. ئائىلىسىدە بىرمۇ ئادەم قالمىغان ئائىلىلەر ئازمۇ.

هاكىمىيەت، هۆكۈمەت بىزنىڭ بولسا، بىز ياشاش ئىمكانىيىتى تاپالماي كوچىمۇ - كوچا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ جىنايەت قىلىپ قولغا ئېلىنارمىدۇق؟ كوممۇنىست پارتىيىمىز ئۇ ماۋجۇشى ئۆچۈن ئىشلەيدۇ. هەم ئۇنى قوغدايدۇ. ئۇلار ئاچمۇ قالمايدۇ. قىينىچىلىقمۇ كۆرمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار خەلق بىلەن چاتىقى يوق. كۆچلۈك ئارمىيىلىرىڭ بار دېدىڭ، بىزنىڭ «كۆچلۈك» ئارمىيىمىز هېچبولمىغاندا ئاچلىقتىن ئۆلگەنلەرنى كوچا - كوچىلاردا خار بولۇپ ياتقۇزۇپ قويماستىن كېلىپ كۆمسە بولماسمىدى. خەلق هىمايىسىز، ئىگىسىز قالدى.

مەن ئاتا - ئانام، قېرىنداشلىرىمنىڭ ئاچلىقتىن تەلمۈرۈپ ئۆلگەن هالىتىنى ئويلىسام ئىچىم يانىدۇ. هەربىر پارچە ناننى ئاغزىمغا سالغاندا ئۇلارنىڭ ئاچلىقتىن بىر پارچە نانغا زار بولۇپ ئۆلگىنى كۆز ئالدىمغا كېلىپ كېكىرتىكىم بوغۇلىدۇ، دەپ كۆزلىرىدىن ياش يامغۇردەك تۆكۈلدى. هۆكۈرەپ يىغلاپ كەتتى. مەن ئۇنى قۇچاقلىۋالدىم. هەقىقەتەن ئۇ تارتقان دەرتنى مەن تارتقاندەك روهىم چۈشتى. شاۋ پاڭ: بىلەمسەن، مەن يۇرتۇمنى جېنىمدىن ئەزىز كۆرىمەن. لېكىن مەن هازىر بارالمايمەن، ۋەتىنىمنىڭ گۈزەللىكى خەلق بىلەن، مەن ئۇ يەرگە

بارسام ئاتا – ئانام قېرىنداشلىرىم، ئائىلەم يوق، ئۇرۇق – تۇغقان، قولۇم – قوشنا دوستلىرىم ساۋاقداشلىرىم يوق. مەن ياخشى كۆرۈپ ۋەدىلەشكەن يىگىتىم بار ئىدى. ھازىر ئۇمۇ يوق. مەن ھازىر بارسام ئۇ كۆڭۈلسىز ئۆتمۈشلەر مېنى ياشاتمايدۇ. بۇ يەردىمۇ مېنىڭ بىر كىمىم يوق. جەمئىيەتتە ئىش تېپىپ ياشىشىم مۇمكىن ئەمەس. ھازىر ماڭا مۇشۇ يەردىن باشقا ئورۇن قالمىدى. نەگە بارالايمەن. نېمە قىلىمەن ھېچنەرسە بىلمەيمەن دەپ كۆڭۈلسىز بولدى.

مەن: شاۋپاڭ، مېنىڭ سۆزۈمگە رەنجىمە، ھەقىقەتەن مەن بەزى نەرسىلەرنى بىلمەيدىكەنمەن، رەنجىمە دېدىم.

مەن شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن يېقىن بولدۇم ھەم ئۇنى ھۆرمەت قىلدىم.

ئەگەر خەلق تۇرمۇشى ياخشى بولۇپ، ئېغىر بېسىملار بولمىسا كىم يۇرتنى تاشلاپ چەتلەرگە كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بىزمۇ چەتلەرگە يىراقلارغا كېتىپ مۇساپىر بولۇپ سەرسانلىق تارتمىغان بولاتتۇق دېدىم. سۆھبەت ئۇزۇنغا سوزۇلدى. ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ كېچە سائەت 12 لەردە ئۆيگە قايتتىم. ئىككى كۈندىن كېيىن ئەل – يۇرتلار بىلەن خوشلىشىپ سەپەرگە ئاتلاندىم. بۇ مېنىڭ ۋەتەنگە ئەڭ ئاخىرقى مەرتىۋە قايتىشىم بولدى.

## تاتارىستانغا ساياھەت

مەن كىچىك چېغىمدا دادام بىلەن ئاپام ماڭا تاتارىستاننى ھەم تاتار خەلقىنىڭ ئېچىنىشلىق تارىخىنى ئاڭلىتاتتى.

450 يىلدىن بۇيان تاتار خەلقىنى ئىنسانى ھوقۇقتىن مەھرۇم

قىلىپ مەجبۇرى چوقۇندۇرۇش، ئۇرۇشلارغا ئەۋەتىپ ئۆلتۈرۈش ۋە سىبىرىيەگە سۈرگۈن قىلىشقا ئوخشاش ئېچىنىشلىق ھاياتلىرىنى شۇنداق تەسىرلىك قىلىپ سۆزلەپ بېرەتتى. مەن كىچىك چېغىمدا ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ يىغلاپ كېتەتتىم. تاتارىستاننىڭ گۈزەل پايتەختى قازان شەھىرىنى ماختاپ سۆزلىگەندە، تاتار خەلقى بىلەن چىرايلىق بولغان قازان شەھىرى كۆز ئالدىمغا كېلەتتى. ھاۋاسى، سۈيى، يايلاقلىرى، ئورمانلىرى بىلەن خۇددى جەننەتتەك ھېس قىلاتتىم. چوڭ بولغاندا بىرىپ كۆرۈپ كەلسەم دەپ ئويلاپ ئارزۇ قىلاتتىم.

بوۋىلىرىم ئۆلۈش ئالدىدا ئۆزىنىڭ يۇرتىنى سېغىنىپ بىر بېرىپ كۆرۈشنى ۋە ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى بۇلاق سۈيىنى ئىچىشنى ئارمان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بوۋىلىرىم كۆرەلمىدى. ئۆزى بىلەن سېغىنىشلىرىنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى قەبرىگە ئېلىپ كەتتى. ماڭا شۇ سۆزلەرنى سۆزلەپ بەرگەن دادامۇ قازاننى كۆرەلمىدى. 1997 - يىلى مەن، ئاپام، ئوغلۇم ئازات ۋە سىڭلىم غەيشە، يولدىشى زىيا ھەم كىچىك سىڭلىم مۇشەرەف، يولدىشى ۋە ئىككى قىزى بىلەن تاتارىستانغا باردۇق.

مەن بۈگۈن ئاللاھنىڭ نەسىبى بىلەن قازانغا كېلىپ يەتتىم. ئايروپىلاندىن چۈشۈپ تاتارىستان تۇپرىقىنى دەسسىگەندە خۇددى نامازلىقنىڭ (جەينامــاز) ئۈستىنى دەسسىگەندەك ئەيمەندىم. ئىچىمدىكى تولۇپ - تاشقان ھېسسىياتلىرىم بىلەن ئەتراپقا باقتىم. ھەرنەرسە ئادەتتىكىدەك بولسىمۇ، ئۇ كۆڭلۈمگە يېقىن ئىدى. كۆڭلۈمدىكى ھېسلىرىم بىلەن ماڭا گۈزەل كۆرۈنەتتى. ئۆزۈمنى خۇشال ھېس قىلاتتىم. ئۇلار بىزنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، بىزلەرنى قازان شەھىرىنى ساياھەت قىلدۇردى.

ئالدى بىلەن سۈيۇمبىكە مۇنارىسى ۋە ئۇنىڭ يېنىدا «قۇل شەرىپ

مەســجىدى»نىڭ ئورنىغا قازان باســتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ســالغان چىركاۋنى كۆرسەتتى. سۈيۇمبىكە مۇنارىسىنىڭ يېنىدىكى قەھرىمانلار موســا جەلىل ۋە قۇربانلار ئۈچۈن ياســالغان ھەيكەللىرىنى كۆردۇق ۋە ئابدۇللا توقاينىڭ مۇزىيلىرىغا ســاياھەت قىلدۇردى. شــۇ ۋاقىتىدا سۈيۇمبىكە مۇنارىسىنىڭ ئاستىنقى تەرەپكە «قۇل شەرىپ مەسجىدى»نى يېڭىدىن سېلىۋاتقان ئىكەن. قىسقىسى پۈتۈن شەھەرنىڭ ھەر تەرەپنى، قابان كۆلىنى، ئىدىل دەريالىرىنى كۆردۇق. «كامال تىياتىرخانىسى»دا كانسىرت ھەم تىياتىرلارنى كۆرسەتتى.

ھەممە نەرسە پۈتۈن ئەتراپ ۋە قازان شەھىرى ماڭا شۇنچە گۈزەل ھەم كۆڭۈلگــە يېقىن كۆرۈندى. لېكىن شــەھەردە تاتار تىلى بىلەن سۆزلەيدىغان ئادەم ئاز ئىدى. يوق دېيەرلىك دېسىمۇ بولاتتى. چۈنكى بۇرۇن تاتار تىلى بىلەن سۆزلەش چەكلەنگەن بولۇپ، تاتار تىلى بىلەن سۆزلەشــكەنلەر بولســا «سېســق تىلىڭلار بىلەن سۆزلەشمە» دەپ ۋارقىراپ ســۆزلەتمەيدىكەن. گوربا چوپتــن كېيىن تاتار تىلى بىلەن سۆزلەشــكە رۇخســەت قىلىنغان ئىكەن. چوڭلاردا تىل ســاقلانغان بولسىمۇ، ياشــلاردا يوق دېيەرلىك ئىدى. ھازىر مەسجىدلەردە ئەزان ئېيتىپ ناماز ئوقۇلۇشقا باشلىنىپتۇ. بىز بىر كۈنى «مەدىنە» مەسجىدكە باردۇق. ناماز دىگەر ۋاقتى ئىدى. نامازغا كىرىپ چىقساق، مەسجىدنىڭ ئالدىدا تىزىپ قويغــان ئورۇندۇقتا يىگىرمىدىن ئارتۇق ياشــقا چوڭ ئاياللار ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار بىز بىلەن كۆرۈشۈپ:

- نامازغا كىرگىزلەرمۇ؟ دەپ سورىدى.

ئاللاھ قوبۇل قىلســۇن ناماز ئوقۇپ چىقتۇق، دېدۇق. ئۇلار سىلەر ناماز ئوقۇشــنى بىلەمســىزلەر؟ دېدى. بىز ھەيران بولۇپ ھەئە، ناماز ئوقۇشنى بىلىمىز ھەم ئوقۇيمىز دېدۇق.

ئۇلار: نېمىدېگەن ياخشى، سىزلەر ناماز ئۆتەشنى بىلىدىكەنسىزلەر، بىزلەر ھېچنەرسە بىلمەيمىز سۈرە ئوقۇشنىمۇ بىلمەيمىز. بىزلەر ئىبادەت قىلىپ ئاللاھقا يېقىن بولغۇمىز كېلىدۇ. بىز مۇشۇ ياشقا كەلدۇق. ھېچقانداق ئىبادەت قىلالمىدۇق. بىزنىڭ دەۋرىمىزدە «دىن» چەكلەنگەن «دىنسىزلىق» ۋاقتى بولدى. كوممۇنىزىم بىزدىن تىلىمىزنى، دىنىمىزنى ۋە ئەۋلادلىرىمىزنى ئالدى.

مانا بىزنىڭ مەھەللىمىزدە يېڭىدىن مۇشۇ «مەدىنە» مەسجىدى سېلىندى. بىز ھەر ناماز ۋاقتىدا كېلىپ «ئەزان» ئاۋازىنى ئاڭلاپ، شۇ ۋاقتىدا مەسجىدنىڭ يېنىدا بولايلى دەپ كېلىمىز دېدى. بىزگە بەك قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇ بىچارىلەرگە ئېچىندۇق. ئۇنىڭغىچە مەسجىدنىڭ ئىمامى چىقتى. بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىمام:

ئاللاھقا شۈكۈر، بىز ھازىر «دىن» ئەركىنلىكىگە ئېرىشتۇق. بۇ مەسجىدنى ھۆكۈمەت ۋە خەلقنىڭ ياردىمى بىلەن سېلىپ چىقتۇق. يېقىندا ئەرلەرگە ھەم ئاياللارغا ئايرىم دىنى كۇرسلار ئۇيۇشتۇرۇپ ھەر قايسىڭىزلارغا دىنى دەرسلەر ئۆتىمىز. ئۇ ۋاقىتدا سىلەر ناماز ئوقۇشنى بىلىسىلەر. ئەگەر خالىساڭلار تاھارەت ئېلىپ مەسجىدكە كىرىپ ئىمامغا ئۇيۇپ، ناماز قىلساڭلار بولىدۇ، دېدى.

شۇندىق قىلساق بولامدۇ؟ دەپ ئاياللار خۇشال بولدى. بەزى ئاياللار بىز ناماز ئوقۇشنى بىلمەي مەسجىدكە كىرىشكە ئەيمىنىمىز دېدى.

ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى. بىچارە خەلقىمىزگە ئېچىندىم. بىز كېلىپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن تاتارىستاننىڭ پرېزىدېنتى مىن تىمىر

شەيمىيوف ئەپەندى بىزلەرنى ھۆكۈمەت ئۆيگە قوبۇل قىلدى.

شۇنداق چوڭ كۆلەمدىكى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ سېلىنغان ھۆكۈمەت بىنالىرى بار ھويلىغا ئىشىك تۈۋىدىكى ئامانلىقنى ساقلاش ساقچىلىرىدىن ئۆتۈپ پاكىزە ئازادە، يورۇق، چىرايلىق ئۆيلەر ئارقىلىق شەيمىيوف ئەپەندىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردۇق. ئىشخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يوغان يىغىن ئۈستىلى بار بولۇپ، ئەتراپقا نەقىشلەپ ئىشلەنگەن كىرسلو ئورۇندۇقلار تىزىلغان، تام تەرەپتە يوغان ئورۇندۇقلارغا ئوخشاش نەقىشلەپ ئىشلەنگەن سافا قويۇلغان ئىدى. بىزلەرنى سافاغا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. كۆپ كېچىكمەستىن رەئىس مىن تىمىر شەيمىيوف ئەپەندى كەلدى. بىزلەر بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. ئۇ بىزلەرگە يۈز يىل بۇرۇن بۇندىن چىقىپ كەتكەن ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئۈچىنچى نەسىللىرى بولۇپ، ئاتا - بوۋىلىرىڭىزنىڭ يېرىنى يەنى ۋەتىنىنى - خەلقنى ھەم تۇغقانلىرىڭىزنى ئىزدەپ كەلگىنىڭىزلەر بىزلەرنى ئىنتايىن تەسىرلەندۈردى. سىلەر ئۆز تىلىڭلارنى، دىنىڭلارنى قانداق ساقلاپ قالالىدىڭلار بۇ قىزىقارلىق نەرسە ئىدى. بىز تىلىمىزنى - دىنىمىزنى ئائىلىدە ساقلىدۇق، دېدۇق. شەيمىيوف توغرا دەپ ئاپامنىڭ قولىنى تۇتۇپ رەھمەتلەر ئېيتتى. ئۇ 15 مىنۇت كۆرۈشۈشنى ئۇقتۇرغان ئىدى. ئەمما بۇ ئۇچرىشىش بىر سائەتتىن ئارتۇق بولدى. چىرايلىق قارشى ئېلىپ چىرايلىق سۆھبەت بولدى.

شەيمىيوف ئەپەندى ھەر بىرىمىزگە دەستە گۈللەر ھەدىيە قىلدى. ئاپامغا گۈل بىلەن تاتار ئانىسى دېگەن قورچاقنى بەردى. رەئىس بىلەن رەسىملەرگە چۈشۈپ خۇشال قايتتۇق. شەيمىيوف بىزگە «قۇل شەرىپ» ناملىق تىياتىرغا ۋە ئات بەيگىسىگە بېلەت بەردى. بىز بېرىپ قاتناشتۇق. شۇنداق كۆڭۈللۈك ۋاقىتلار ئۆتتى. ئۇ يەرلەردە شەيمىيوف

ئەپەندى بىلەن ئۇچرىشىپ بىللە بولدۇق.

بىز خوتۇن – قىزلار جەمئىيەتلىرىـــدە يېتىم باللار ئۆيلىرىدە ۋە كۆپ باللىق ئائىلار بىلەن ئۇچرىششــلاردا بولــدۇق. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئەخمەت نەجىپ بوۋامنىڭ يېزىسىدىن يەنى كوكمارا رايونىدىن ئاپتوبۇس ئېلىپ كېلىپ بىز كوكمارا رايونىغا باردۇق. ئالدىمىزدىن رايون دەرۋازىســـىنىڭ ئالدىدا ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇتقۇچىلار رايون باشلىقلىرى بولــۇپ نۇرغۇن ئادەملەر چىقىپ قارشــى ئالدى. رايــون زالىغا چوڭ قىلىپ ھازىرلانغان زىياپەت ئۈســتەللىرىگە بىزلەرنى باشلاپ مېھمان قىلدى. رايون باشلىقى سۆز قىلدى.

ســـىزلەر بوۋىلىرىڭىزنىڭ تۇغۇلغان يېرىنـــى ۋە ۋەتەن تۇپرىقىنى، تۇغقانلارنى، مىللەتداشــلىرىڭىزنى ھۆرمەتلەپ ئىزدەپ كېلىشىڭىزلەر بىزنى بەكمۇ خۇشـــال قىلــدى ۋە ھاياجانلاندۇردى دەپ شــۇنىڭغا ئوخشاش چىرايلىق ســۆزلەر بىلەن بىزلەرنى قارشى ئالدى. زىياپەت ئۈســتىلى خۇددى دۆلەتلىــك مېھمانلارنىڭ سوپرىســـىدەك بولدى. تۇرلۇك تائاملار ئۈســتى – ئۈستىگە كەلتۈرۈلۈپ، شۇنداق ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلەن كۈتۈۋالدى.

كوكمارا رايونىدا بىرىنچى مەرتــۋە ئېچىلغان تاتار مەكتەپلىرىگە باردۇق ۋە يېڭىدىـــن تاتار تىل مەكتىپىنىڭ ئېچىلىش مۇراســمىنى ئۆتكــۈزۈپ لېنتىنى ئاپامغا كەســتۈردى. ئۇلار «تاتـــار تىلىدا دەرس ئۆتىدىكەن، تاتار مەكتەپلىرى يېپىلغىنىغا قانچە ئۇزۇن يىللار بولغان ئىدى. مانا بىز بۇ مەكتەپنى قۇرۇپ چىقتۇق، بۈگۈن بۇ مەكتەپ ئۈچۈن پۈتۈن خەلق خۇشال، مەكتىپىمىز ھەر جەھەتتە ياخشى كېتىپ بارىدۇ» دېدى. ھەقىقەتەن مەكتەپ شــۇنچە گۈزەل، باللار ئۆز تىلىدا دەرس ئاڭلاپ ھەم ســۆزلەيدۇ، ھەممە ئادەم ئۆز مەكتىپىنى ۋە ئۆز تىلىنى

سىغىنغان ئىكەن. ئاندىن بىزنى ئەخمەت نەجىپ بوۋامنىڭ تۇغۇلغان يېرى ئارپا يــاز ئاۋۇلغا ئېلىپ باردى. ئارپا ياز ئاۋۇلغا بىرىشــتىكى يېرىم يول ئۈســتىدە بىر ســىنىپ ئوغۇل – قىزلار مىللى كىيىملىرىنى كىيىــپ قوللىرىدا پۇشــۇرۇلغان چەك چەك (تۈش) يەنــە بىر تاۋاقتا بىر چىنىدە بــال، بىر چىنىدە ماي ئېلىــپ چىقىپتۇ. گارمۇن چېلىپ بىزلەرگە ئاتىغان ناخشــىلارنى (جىر) ئېيتىپ ئالدىمىزغا قارشى ئېلىپ چىقتى. ھەممىمىز خۇشــال بولدۇق. ئاپام خۇشاللىقىدىن كۆز يېشىنى تۇتالمىدى. ماشىنىدىن چۈشــۈپ بال، ماي، تۈشلاردىن ئېغىز تىگىپ ئۇلارغا رەھمەتلەر ئېيتتۇق. ئاپام ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلاردىن ئۇلارغا ھەدىيە قىلىپ بېرىپ ئاۋۇلغا قاراپ ماڭدۇق. ئارپا يازدىمۇ شــۇنىڭغا ئوخشاش كۈتۈپ قارشى ئېلىنىشلار بولدى.

ئەخمەت نەجىپ بوۋام 1900 – يىلى ئاۋۇلغا كەلگەندە ســالغان مەسجىدكە ئۈكســى ئەخمەت نەقىپنى ئىمام قىلىپ قويۇپ كەتكەن ئىكەن. كامۇنىستلار پارتىيىسى كەلگەندىن كېيىن ئەخمەت نەقىپنى ئائىلىســى بىلەن سىبىرگە سۈرگۈن قىلغان ئىكەن. ئۇ يەردىكى ئېغىر ســۈرگۈن ھاياتلارنى ياشاپ، قىش كۈنى ئىش ئۈستىدە ۋاپات بولىدۇ. ئۇنىڭ ســەئىمە دېگەن 12 ياشــلىق قىزى دادىســىنىڭ جەسىتىنى چانىغا سېلىپ سۆرەپ مۇســۇلمانلار، تاتارلار بار يەرگە ئېلىپ بېرىپ ئۇ يەردىكى ئادەملەر جىنازىسىنى ئوقۇپ دەپنە قىلغان ئىكەن. ئۇلار ئۆز يۇرتىغا قايتالماپتۇ.

ئەخمەت نەقىپنى سۈرگۈن قىلغاندىن كېيىن، ئۇ مەسجىدنى ئوت قويۇپ ياندۇرغاندا مەسجىدنىڭ مۇنارىسى كۆيمەي يىقىلىپ چۈشۈپ خەلقل ئۇنى كۆتۈرۈپ قەبرىستاننىڭ دەرۋازىسىغا قويۇپتۇ. بىزگە ئۇنى كۆرسەتتى.

1993 – يىلى ئاپام دادىسىنىڭ يېزىسىغا ئارپاياز ئاۋۇلىغا بارغاندا خەلــق ئەخمەت نەجىپ ســالغان مەســجىدنىڭ ئورنىغا مەســجىد ســالىمىز دەپ يىغىش قىلىپ يۈرگەن ئىكــەن. ئاپامۇ ئۇلارغا ئۆزى ئاتىغان ياردىمىنى بەرگەن ئىكەن. ئۇ مەسجىد سېلىنىپ چىقىپتۇ. بىز مەسجىدكە كىردۇق ھەم ئېلىپ كەلگەن گىلەملىرىمىزنى سالدۇق.

بۇرۇن مۇشــۇ يەرنىڭ كالخوز رەئىســى بولغان ئادەم مەسجىدكە ئىمام ئىكەن. بۇرۇن دىنغە قارشى كوممۇنىزىم سياسىتى بىلەن خەلقنى باشقۇرۇپ كەلگەن كالخوز رەئىســى بۈگۈن كوممۇنىزىم يوقالغاندا ئۇ ئۆزىگە مەســجىدتىن ئــورۇن تېپىپ ئىمام بولۇۋاپتــۇ. ئادەم ھەيران قالارلىق كوممۇنىزىم يوقالســىمۇ، لېكىن ئۇنىــڭ ئادەملىرى يوقالماي يەنــە خەلق بېشــىدا ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ئىمام بىزنى ئــۆز ئۆيىگە مېھمان قىلىپ ئېلىپ كىردى ھەم ئۇســتەل ئۈستىگە تۈرلۈك تائاملارنى تىزىپ بىزلەرنى شــۇنداق ياخشى قارشى ئېلىپ كۈتۈۋالدى. ئاپام سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ ئۇ ئىمامدىن ئۆزىنىڭ تاغىلىرى يەنى دادىسىنىڭ ئۇكىلىرىنى ۋە يالغــۇز سىڭلىســى مەرفۇغەنىڭ ئەۋلادلىرىنى ســورىدى. بولســا ئۇلار بىلەن كۆرۈشــۈش ئارزۇســىنى ئېيتتى. ئىمام ئويلىنىپ تۇرۇپ، ئۇلاردىن ھازىر بىر كىم يوق. ئۇرۇشقا ۋە سىبىرگە كېتىپ قايتالمىدى، دېــدى. ئاپام بەكمۇ كۆڭۈلســىز بولدى. ھېچبولمىســا بىرەر تۇغقىنى بىلەن كۆرۈشــەرمەن دېگەن ئۈمىد بىلەن كەلگەن ئىدى. ھەممىدىن ئېچىنارلىقى ئەخمەت نەجىپ بوۋامنىڭ ئەخمەت نەقىپ، غەبدرەئوف، غەبدرەقىپ مەرفۇغە دېگەن قېرىنداشلىرىدىن بىرمۇ ئەۋلاد قالماپتۇ. پەقەت ئەخمەت نەقىپنىڭ سەيىمە دېگەن قىزى توي قىلىپ تاشكەنتكە كەلگەن دەپ ئاڭلىدىم. ئەۋلادلاردىن بىرمۇ نەســلىنىڭ قالماسلىقى بىزلەرنى كۆڭۈلسىز قىلدى.

بىز بوۋامنىڭ دادىسى ئەخمەت سافانىڭ قەبرىسىگە بېرىپ قۇرئان ئوقۇپ قايتتۇق. بوۋاملارنىڭ ئۆيلىرى يوغان ھەم چىرايلىق سېلىنغانلىقى ئۈچۈن ساقلىنىپ قاپتۇ. ھازىر ماگازىن قىلىپ قويغان ئىكەن.

ئارپا يازدىكى خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ قېرىنداشلىرىنى كۆرگەندە قىزغىن قارشى ئېلىپ، يىغلاپ ئۈزۈلۈپ قالدى.

بىز كوكمارا رايونىغا كەلگەندە ئۇلار دۆلەتنىڭ زىياپەت سوپرىسىنى ھازىرلاپ، يەنە كۈتۈۋالدى. ئۈستەل ئۈستىدە غاز گۆشى ھەم غاز شورپىسىغا پىشۇرۇلغان چۆپلەر، گوبەدىيە، چىبى (چۆجە) بەلىش ۋە تۈرلۈك تائاملار ھەم ئىچىملىكلەر بىلەن ئۈستەل ئۈستى لىق توشقان، ھەتتا چىنە قويارلىق يەرمۇ يوق ئىدى. رايون باشلىقلىرى، ھۆكۈمەت ئادەملىرى، ئوقۇتقۇچىلار بولۇپ، شۇنداق چىرايلىق، كۆڭۈللۈك سۆھبەت بولدى. ئۇلار بىزنى بىر تۇغقان قېرىنداشلاردەك يېقىن كۆڭۈل بىلەن كۈتۈۋالدى.

ئاپامغا بىر ساماۋەر، بىر قۇرئان شەرىپ ھەم قازان لۆڭگىسىنى بەردى. ئوغۇللارغا قازان تەقياسى (دوپپا)، قىزلارغا ھەرقايسىسىغا ئايرىم ئۆزىگە لايىق ھەدىيىلەر بەردى. كۆڭلىمىزدە ئىسسىق بولۇپ ئولتۇرۇپ قالغاندەك گۈزەل ۋاقىت گۈزەل سۆھبەتلەردە بولۇپ قايتتۇق. سائەت 12 لەردە قازانغا كېلىپ يەتتۇق.

## بەلە بەيگە ساياھەت

ئىككى كۈندىن كېيىن زىيانىڭ نەۋرە ئاكىسى ئەلى ئەپەندى ئىككى ماشىنا بىلەن كېلىپ بىزلەرنى بەلەبەي شەھرىگە ئېلىپ كەتتى. ئۈچ

ســائەتتەك يول ماڭغاندىن كېيىن، بىر كىچىــك كۆۋرۈكتىن ئۆتتۇق. زىيانىڭ ئاكىسى ئەلى بۇ كۆۋرۈك تاتارىستان بىلەن باشقوردىستانىنىڭ ئارىســدىكى چېگرا بولىدۇ. ھازىر بىز باشقوردىســتان چېگراســىغا ئۆتتــۇق دېدى. كوممۇنىزىم روســيىدە پارتــلاپ چىققاندىن كېيىن، كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولدى. شــۇ ۋاقىتدا لېنىن تاتارىستاننى پارچىلاپ باشقوردىســتاننى مەيدانغا چىقاردى. تاتارىســتاننىڭ بارلىق شەھەر ۋە يېزىلىرىنىڭ ھەممىســى باشقوردىســتانغا بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەردىكى تاتارلارنى نوپۇســقا (پاســپورتقا) باشقورت دەپ تىزىملاپ چىقتــى. ئەمما ئۇ ئادەملــەر ئۆزلىرىنى بىز تاتــارلار دەپ يۈرگۈزىدۇ، لېكىن پاســپورتتا باشقورت دېدى. بىلەمسىلەر ئائىلىلەردە تۇرلۇكچە، بەزى ئائىلىدە ئاتا – ئانىسى باشقورت دەپ يېزىلغان، ئەمما بالىلىرى تاتار، بەزىلەرد ئاتا – ئانىسى تاتار بالىلىرى باشقورت. چۈنكى خىزمەت مۇناســۋىتى بىلەن شۇنداق يېزىشقا توغرا كەلدى. باشقورت بولمىغان تاتارلارغا ياخشى ئىش يوق، دەپ كۈلدى.

ئەگــەر ئايالى ياكى ئېرى روس مىللىتىدىن بولســا ئۇلار يۇقىرى خىزمەتلەردە بولىدۇ. ئەھۋال شۇنداق دېدى.

بىز قاراڭغۇ چۈشكەندە يېتىپ كەلدۇق. ئاجايىپ بۇ يەردە سائەت 11 دە كۈن پاتمايتتى.

ئۇلار بىزلەرنى شــۇنداق چــوڭ ھۆرمەت بىلەن قارشــى ئالدى. پارمونچىدىــن چىققاندىن كېيىن، چوڭ ھازىرلىقلار بىلەن كۈتۈۋالغان مېھمــان ئۈســتىلدە كېچە ســائەت ئۈچكە قەدەر بولــۇپ، قىزغىن سۆھبەت بىلەن مېھمان بولدۇق. ھەتتا زىق كاۋاپ، قېرىن قىمىزلار (ئات سۈتىدىن ئېچىتىپ ياســالغان) بىلەن مېھمان قىلدى. بىز بەلەبەيدە ئىككــى كۈن بولــدۇق. ئىككىنچى كۈنى ئەلى بىزنــى يايلاققا ئېلىپ

چىقىپ، پۈتۈن تۇغقانلار توپلىشىپ مېھماندارچىلىق، ئويۇن - كۈلكە ۋە ياشلار ئىسپورت ۋە ئۇسسۇل، تاڭسىلار ئويناپ بەكمۇ كۆڭۈللۈك ۋاقىت ئۆتكۈزدۇق.

## ئىسترلى تاماقتىكى سۈننەت توي

3 - كۈنى ئۇ يەردىن چىقىپ «ئىسترلى تاماق» دېگەن يەردە «سۈننەت تويى»غا بىزلەرنى چاقىرغان ئىدى. شۇ «سۈننەت توي»غا باردۇق. ئىسترلى تاماق يېڭىدىن قۇرۇلغان چوڭ گۈزەل شەھەر ئىكەن. بىز بىر باشلانغۇچ مەكتەپكە كەلدۇق. ھويلىنىڭ ئىچى ۋە كوچا توشقان ئادەم ئىدى. سۈننەت توي ئاياغلىشىپ سۈننەت قىلىش باشلانغان ئىكەن. تۈركىيىدىن توران يازغان باشلىق بىر ئاپتوبۇس ئادەم كېلىپتۇ. ئۇلار باللارغا تۈركىيىدىن يۈزدىن ئوشۇق سۈننەت توي چاپىنىنى ئېلىپ كېلىپتۇ. (تۈركىيىدە سۈننەت توي قىلىنىدىغان باللارغا مەخسۇس ئالاھىدە چىرايلىق قىلىپ تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ سۈننەت تويىنى رەسمى چوڭ توي بولغاندەك ئۆتكۈزەتتى.)

باللارغا ئۇ سۈننەت توي چاپىنىنى كىيگۈزۈپ ماشىنىلاردا كوچا ئايلاندۇرۇپ، چوڭ توي بولغان ئوخشايدۇ. ئاتا - ئانىلار، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار، مېھمانلار، دۆلەت ۋەكىللىرى ۋە مۇخبىرلار، تېلېۋىزور ئىستانسىسىنىڭ ئادەملىرى بولۇپ، نۇرغۇن ئادەملەر يىغىلىپتۇ. تاماق توشۇغۇچىلار، مېھمان كۈتكۈچىلەر شۇنداق ئالدىراش ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرۈپ يۈرەتتى.

مەكتەپنىڭ سىنىپلىرىنى بوشىتىپ كارۋاتلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ تەييارلاپ، باللارنى شۇ سىنىپلاردا سۈننەت قىلىۋاتاتتى. بەزى

باللارنىڭ ســۈننەت ئۈستىدە چىقراپ يىغلىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئەمما پۈتۈن ئادەم خۇشــال كەيپىياتتا شــۇنداق كۆڭۈللۈك كۆرۈنەتتى.

مەن ســۈننەت تويىنى كۆرگەندە نەنسەندىكى باللارنى سۈننەت قىلدۇرغىنى يادىمغا كەلدى.

مەدەنىيــەت ئىنقىلابىــدا ئۆلگەنلەرگە جىنازا ئوقــۇش، تويلاردا نىكاھ قىلىش چەكلىنىپ دىنغا قارشى دولقۇن كۆتۈرۈلگەندە سۈننەت قىلىشــقىمۇ يول قويۇلمىغان ئىدى. مەدەنىيــەت ئىنقىلابىدىكى ئۇن يىلدا باللار سۈننەتسىز قالدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا «زىيالىيلارغا» قارشــى ھەرىكەتتە پۈتۈن ئوقۇغان بىلىملىك ئادەملەرنى «سېســىق زىيالىي» دەپ تۆۋەنگە چۈشــۈرۈپ ئورنىغا پورولتارىيات سىنىپىدىن دەپ ئوقۇمىغان ھارۋىكەش، تۆمۈرچــى ئادەملەرنى مەكتەپ مۇدىرى ھەم دادۈي گۇڭشىلارنىڭ باشلىقى قىلىپ چىققاندا، بىزنىڭ گۇڭشىدىن زىيا شۇجىنى ئاپتونوم رايونغا ئۆستۈرۈپ ئېلىپ كەتكەن ئىدى.

ئۇن يىلدىن كېيىن زىيا شــۇجى باللىرىنى ســۈننەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن شــەھەردىن بىر ئادەمنى ئېلىپ چىقىپ، باللىرىنى ســۈننەت قىلدۇرغان ئىدى. بۇ ســۈننەتچىنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلاپ نەنسەندىكى پۈتۈن ئادەم باللىرىنى ســۈننەت قىلدۇرۇشقا باشلىدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئالتە - يەتتە ياشلاردىكى، بەلكى ئۇنىڭدىن چوڭ بولغان بالــلار بۇ ئۇن يىلدا ئۇن يەتتە ئۇن ســەككىز ياشــقا كىرىپ يىگىت بولۇپ قالغانىدى. ئۇلارنىمۇ ســۈننەت قىلدۇرۇشــقا توغرا كەلگەندە، ئۇلار خىجالەت بولــۇپ، تاغدىن - تاغقا قاچقانــدا ئادەملەر ئاتلىق قوغلاپ يۈرۈپ تۇتۇپ سۈننەت قىلدۇردى.

پۈتۈن ئۆيلەردە قويلار سويۇلۇپ سۈننەت توي قازىنى ئېسىلدى. ھەممە ئادەم ئۆيمۇ – ئۆي يۈرۈپ سۈننەت توينى تەبرىكلەپ خۇددى بايرام كۈنىدەك خەلقلەرنىڭ كەيپىياتى خۇشال كۆرۈنەتتى. تاغدىن – تاغقا يۈرۈپ سۈننەت قىلىش بىر ئايغا داۋام قىلدى. بۈگۈن «ئىسترلى تاماقتىكى توي»نى كۆرگەندە نەنسەندىكى شۇ سۈننەت قىلىش دولقۇنى كۆز ئالدىمغا كەلدى. بىز ئۇ شەھەردىن چىقىپ قاراڭغۇ چۈشكەندە «ئوفا» شەھىرىگە كەلدۇق.

ئوفا شەھىرى يېڭى قۇرۇلغان چىرايلىق شەھەر بولۇپ، كوچىلىرى كەڭ ئۈچ – تۆت قەۋەتلىك ئېگىز بىنالار بىلەن شەھەر كۆتۈرۈلۈپ گۈزەل كۆرۈنەتتى. شەھەرنىڭ ساي تەرىپى «ئىدىل» دەرياسى بىلەن ئورمانلىق بولۇپ، شەھەر دەريانىڭ يېنىدىكى ئېگىز دۆڭلۈكنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان ئىكەن. شەھەرنىڭ ئىچىدە بىرقانچە ئورۇندا چوڭ – چوڭ ماگىزىنلار بار، ئىچىدىن ئىزدىگەن نەرسىنى تاپالايسەن. تۈرلۈك بېزەكلەر بىلەن ياسىغان دۇكانلىرى بىلەن شەھەر جانلىق، روھلۇق كۆرۈنەتتى.

لېنىن ھاكىمىيەتكە چىققاندىن كېيىن، تاتارىستاننىڭ نۇرغۇن يېرىنى بۆلۈۋېلىپ مىللەتلەرنى پارچىلاش ئۈچۈن باشقوردىستان قۇرۇپ باشقورتلارنى تىكلەپ مەيدانغا چىقاردى. بۇ شەھەرمۇ شۇ دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن ئوخشايدۇ. تاتار – باشقورت بۇ مىللەت يەر – يېرىگە ئاساسەن ئازغىنا پەرقلىرى بار باشقورتلار. تاتار تىلىدا سۆزلىشەتتى. پەقەت «س» ھەرپى ئورنىغا «خ» ھەرپىنى قويۇپ سۆزلەيدۇ.

بىز بىر كۈن «ئوفا» شەھىرىنى ئايلىنىپ ھەممە يەرلەرنى كۆرۈپ چىقتۇق. شەھەرنىڭ ھەر يەرلىرىدە خەلقنىڭ دەم ئېلىش گۈزەل باغچىلىرى (پارىك) بار. چىرايلىق بىر شەھەر ئىكەن. بىزنى ئايلاندۇرۇپ

يۈرگەن كىشىلەرنىڭ ھۆكۈمەت ئۆيىدىكىلەر بىلەن يېقىن تونۇشلۇقى بار بولۇپ، ئۇلار زىيانىڭ ئاكىسى ئەلى باشقۇردىستاننىڭ بەلەبەي شەھىرىدە ياشىغانلىقى ئۈچۈن زىيانى بىزنىڭ باشقۇردىستاننىڭ ئاۋستراليىدىكى قېرىندىشىمىز ئىكەن دەپ ھۆكۈمەت ئۆيگە بىزلەرنى قوبۇل قىلىپ كۆرۈشتۇق. ھۆكۈمەت ئۆيى شۇنداق چوڭ ھەم چىرايلىق سېلىنغان بىنانىڭ بىر تەرىپىدە «ئىدىل» دەرياسى ۋە دەريا بويىدىكى قېلىن ئورمانلىقنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى بىلەن دۆڭنىڭ ئۈستىدە سايغا قاراپ تۇرغان «سالاۋات يوللا يىغنىڭ» ئاتلىق ھەيكىلى كۆرۈنىسە بىنانىڭ ئىككىنچى تەرىپىدىن شەھەرنىڭ چىرايلىق كۆرۈنۈشى بىلەن جانلىق هايات كىشىلەرگە روھ بېرىپ تۇراتتى. بىزنى ئۇلار قىزغىن قارشى ئالدى. باشقۇردىستاننىڭ سىرتقى ئىشلار مىنىستىرى ئەمىر يولداشابىيىف ئەپەندى بىز بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇزۇن سۆھبەتتە بولدۇق. ئۇ ئادەم «بىز تاتار باشقۇرتلار ئاكا - ئۇكا مىللەتبىز، تاتارلار نەگە ماڭسا بىز ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭىمىز» دېدى.

زىيانى سەن ئاۋستراليىدە ياشىغۇچى بىزنىڭ مىللىتىمىز ئىكەنسەن، بىز سەن ئارقىلىق ئاۋستراليىدىكى مىللەتداشلىرىمىز بىلەن ئالاقىلىشىمىز. سەن بىزنىڭ ئاۋستراليىدىكى ۋەكىلىمىز بولىسەن، دەپ ئېيتتى. بىز بىر كۈندىن كېيىن ئاپتوبۇس بىلەن قازانغا قايتتۇق. قاراڭغۇ چۈشمەستىن قازانغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ بىزنىڭ كۆڭۈللۈك ساياھىتىمىز بولدى. قازان بىلەن ئۇفا ئارىلىقى ئاپتوبۇس بىلەن سەككىز سائەتلىك يول بولدى.

## ئوتتۇرا بالتايغا ساياھەت

ھۆكۈمەت ئۆيىدىن بىزگە بىر ئاپتوبۇس چىقىرىپ بەردى. بىز

ئىبراھىم بوۋامنىڭ تۇغۇلغان ئاۋۇلىغا (يېزا) كەتتۇق. خېلى ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ چۈش پېشىن ۋاقتىدا يېتىپ كەلدۇق. بىزلەرنى ئۇدۇل يېڭى سېلىنغان مەسجىدكە ئېلىپ باردى. مەسجىدنىڭ ئىشىكىدە يوغان قارا قۇلۇپ سېلىقلىق تۇراتتى. ئۇلار يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئىمام دەپ ئېگىز بويلۇق 50 – 60 ياشلاردىكى گەۋدىلىك ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان بىر ئادەمنى باشلاپ كەلدى. ئۇ قۇلۇپنى ئېچىپ بىزنى مەسجىدنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىردى. مەسجىد ئېگىز كۆتۈرۈپ ياغاچتىن يوغان قىلىپ سېلىنغان بولۇپ، كەڭ يورۇق، ئازادە چىرايلىق مەسجىد ئىدى. بىز ئېلىپ كەلگەن ئىككى گىلەمنى سالدۇق. مەسجىدنىڭ ئىچى شۇ قەدەر كۆڭۈللۈك ئىدى. بىز بىلەن بىللە كەلگەن ئىبراھىم بوۋامنىڭ چوڭ ئاكىسى مىنھاجىدىن چوڭ بوۋامنىڭ نەۋرىسى (شاكىر ھەزرەتنىڭ يەنى ياڭخاڭ مەسجىدىنىڭ ئىمامىنىڭ ئوغلى) ئىسلام ئابى ئىمامەتچىلىك قىلىپ ناماز قىلدۇق. بۇ مەسجىدكىمۇ بۇرۇن كالخوز رەئىسى بولغان ئادەم ئىمام ئىكەن. ئۇ كوممۇنىزىم دەۋرىدە دىنغا قارشى قىزىل كوممۇنىست بولۇپ كەلگەن ئادەم ھازىر مەسجىدكە ئىمام بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ دىنىدىن خەۋىرى يوق ھەم نامازنىمۇ ئوقۇشنى بىلمىسە كېرەك، ئاجايىپ ئىش. قارىسام مەسجىدكە قۇلۇپ سېلىقلىق ئۇزۇن ۋاقىت ناماز قىلىنمىغان ئوخشايدۇ. گۈزەل مەسجىدى بار، ئەمما جامائەتى يوق ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدىم. بىزلەرنى ئۇ يەردىن ئېلىپ چىقىپ كالخوزنىڭ تىراكتورسلار ئاشخانىسىغا ئېلىپ كىردى. ئىشچىلارغا ھازىرلىغان تاماقتىن بىر تەخسە ئاش بەردى.

مەن ئىبراھىم بوۋامنىڭ تۇرغان ئۆيلىرىنى ۋە بوۋامنىڭ ھەدىسى ۋە ئاكىلىرىنىڭ بالىلىرىنى ۋە ئەۋلادلىرىنى ۋە ئىشىك ئالدىدىكى بۇلاقلاردىن تارتىپ سورىدىم. ئۇلار شۇنداق قوپال مۇئامىلە بىلەن

«بىلمەيمەن» ، «يوق» دەپ جاۋاب بەردى.

بىز ھەيــران بولدۇق. بوۋامنىڭ ئاكىلــىرى – ھەدىلىرىدىن بىرمۇ ئەۋلادىنــىڭ بولماســلىقى بىزلەرنى ئېچىندۇردى. ئــۇلار نەگە كەتتى ئۆلدىمــۇ؟ ياكى باشــقا ياقلارغــا كەتتىمۇ يە بولمىســا بىزلەر بىلەن يولۇقۇشــقا يول قويمامــدۇ بىلمىــدۇق. ھەرھالــدا ھېچقانداق بىر تۇغقانىڭ بار – يوقلۇقىدىن خەۋەر ئالالمىدۇق. بوۋام ئۆلۈش ئالدىدا ســىغىنىپ ئېچىشنى ئارزۇ قىلغان بۇلاق سۇلىرىنى ئىچىشنى ئويلىغان ئىدىم. ئەمما ئۇلار يوق بولۇپ چىقتى. كۆڭۈلسىز بولدۇق. كوممۇنىزىم يىقىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەر كوممۇنىزىم روھى بىلەن ياشاۋېتىپتۇ دەپ ئويلىدىم. بىز قەبرىســتانغا بېرىپ چــوڭ بوۋىلىرىمىزنىڭ قەبرى بېشــىدا قۇرئــان ئوقۇپ خەتىم قىلــدۇق. ئىبراھــىم بوۋامنىڭ چوڭ ئاكىسى مىنھاجىدىننىڭ قەبرى تېشــىنى ئوقۇدۇق. بوۋامنىڭ ئاكىسى مىنھاجىدىننىڭ قەبرە تېشــىدا «مىنھاجىدىــن نەقش بەندە» دەپ يازغان ئىكــەن. ئۇلار ئــەرەپ خەتلىرىنى تونۇمىغاچقــا ئوقالمىغان ئوخشــايدۇ. ئاپام ئوقــۇپ بەرگەندىن كېيىن ئىســلام ئابى بىلەن ئۇ يەردىكى چوڭلار خۇشال بولۇشتى.

بۇ ئاۋۇلدا بىــرەر تەرەققىيات يوق. خەلقىمۇ يوق، جىمجىت بەكمۇ كۆڭۈلسىز يەر ئىكەن. بىز ئىككى سائەتتىن كېيىن قايتىپ كەتتۇق.

## بۇلغارغا ساياھەت

مەخسۇم ئەپەندى بىزلەرنى بۇلغارغا ئاپىرىپ كېلىمەن دەپ ئىككى جىپ ماشــىنا ئېلىپ كەلدى. بىز بۇلغارغا قاراپ كەتتۇق. ئارا خېلى يىراق ئىكەن. يېرىم كۈن مېڭىپ پېشىن ۋاقتىدا ماشىنا بىزنى شۇنداق

چوڭ ھەم بەكمۇ كەڭ ئۇلۇغ ئېقىۋاتقان دەريا بويىغا ئېلىپ كەلدى. دەريانىڭ ئۇ قېتىغا سـال بىلەن ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. ئۇ يەردىكى ساقلاپ تۇرغان ئادەملەر ماشـىنىلار بىلەن بىزمۇ ماشىنىنى ئېلىپ سـالغا چىقتۇق. سۇ بەكمۇ كەڭ ھەم چوڭقۇر ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئىدى. مەن سـۇغا قاراپ بۇ قەدەر چوڭ دەريانى كۆرمىگەن ئىدىم. قورققۇم كەلدى. چۈنكى مەن سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيمەن. سەن قانچە غەيرەتلىك ھەم باتۇر بولساڭمۇ ئۇنىڭغا قارشى تەدبىرىڭ ۋە ئامالىڭ بولمىسا ئۇنى يېڭىپ چىقىشىڭ تەس بولىدۇ. سال قوزغالدى. مېنى قورقۇنچ باسـتى. مىدىر قىلماي ئولتۇردۇم. سال ئۈستىدە بىز بىلەن كېلىۋاتقان بىر ئادەم مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ كۆرۈشۈپ مېنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىمنى ۋە ئەھۋالىمنى سوراپ ۋە ئۆزىنى بۇلغاردا ئېچىلغان رېستورانىدا ئىشـلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن بۇ سال بىلەن كۈنىگە سـۇدىن ئۆتۈپ ئىشـلەپ قايتىمەن. بىز ئۇزۇن يىللاردىن مۇشـۇ يەرلىكمىـز يەنى ئاتـا - بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ بۇ يەردە ياشـاپ كېلىۋاتىمىز. بىزلەر قەدىمى بۇلغارلىقلارنىڭ ئەۋلادلىرىمىز بىلەمسىز؟ بۇرۇن مۇشـۇ سـۇنىڭ ئورنىدا بۇلغار شـەھىرى بولغان ئۇ شەھەر شـۇنداق چوڭ چىرايلىق سېلىنغان، تەرەققىي تاپقان شەھەر ئىدى. بايلىقى مول خەلقى كۆپ، ئوقۇمۇشلۇق يازغۇچى، شائىر، ئالىملار ۋە دىنى ئەربابلار بولۇپ يېتىشـكەن كىشىلەر، قىسقىسى، ئەڭ ياخشى ئادەملەر مۇشۇ شەھەردە ياشاپ كەلگەن ئىكەن.

بىر كۈنى دۈشـمەنلەر ۋولگا سۈيى بىلەن قاما دەرياسىنى مۇشۇ شەھەرنىڭ ئۈسـتىگە بوروپ بىر كېچىدە تۇيۇقسىزدىن سۇ كېلىپ چوڭ گۈزەل بۇلغار شـەھىرى مۇشـۇنداق ئۇلۇغ سـۇنىڭ ئاستىدا

قالـــدى. مىليونلىغان ئادەم ۋە بىر شـــەھەر يوق بولدى. مانا شـــۇ زاماندىن تاتىپ ئۇ گۈزەل شـــەھەر ســـۇ ئاســـتىدا دەپ ئېچىنغان ھالدا سۇ ئاستىغا قارىدى. بىرمۇ ئادەم بۇ سۇ باسقۇنىدىن قۇتۇلۇپ قالالمـــدى. چىرايلـــق بوۋاقلار، تاتلىق ئۇماق باللـــلار، ياش قىز-يىگىتلەر، مېھرىبان ئانىلار، پالۋان ئەرلەر ۋە ياشـــانغان قېرى بوۋاي - مومايلار ھەممىســـى - ھەممىسى مۇشۇ ســـۇ ئاستىدا كۆمۈلۈپ يـــوق بولدى. بۇ تارىخ تاتار خەلقىنىڭ قەلبىدە يارا بولۇپ ئولتۇرۇپ قالدى، دەپ كۆزىگە ياش ئالدى. مـــەن ھەيران بولدۇم. مۇنداقمۇ ۋەھشـــىلىك بولامـــدۇ؟ نېمىدېگەن زالىملىق، خەلقتـــە نېمە گۇناھ دەپ كۆڭلۈم بەكمۇ ئەســـكى بولدى. مېنىـــڭ يېنىمدا ئولتۇرۇپ بۇ گەپنـــى ئاڭلىغان ئاپام ئېچىنغىنىدىن كۆز ياشـــلىرىنى تۇتالمىدى. ھەممىمىزنـــىڭ كۆڭلى يامان بولدى. بىزنىڭ يېنىمىزدا بىللە كېتىپ بارغان بىر ئادەم سۆزگە قوشۇلۇپ:

تاتار خەلقى بېشـــىدىن ئېغىـــر كۈنلەرنى ئۆتكـــۈزۈپ بىر باش كۆتۈرۈپ ياشالمىدى. بىلەمسىز شۇنداقتىمۇ خەلقىمىز شۇ ئېغىرلىقنى يېڭىپ يوقالماي كېلىۋاتىدۇ، دېدى. بىز سۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، سۇ ئاستىدىكى دەھشەتلىك تارىخنى ئاڭلاپ چوڭقۇر ھېسلار بىلەن بەكمۇ كۆڭۈلســـىز بولـــدۇق ۋە يېڭى بىر تارىخنى ئاڭلىدۇق. ســـال ئاســـتىلاپ مېڭىپ دەريا چېتىدە توختىدى. بىزلەر قىيا يول بىلەن دەريا يولىدىكى دۆڭلۈككە چىقتۇق. ئۇنىڭ ئۈستى كەتكەن تۈزلەڭلىك ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىدە ئۆتكەن زاماندىن قالغان بىرقانچە كونا بىنا پارچىلىرى ھەم تاشتىن ئۈچ قەۋەت بىنا ئېگىزلىكىدىكى تاش مۇنچا بار ئىكەن. ئۇ شـــۇنداق چىڭ ھەم قېلىن قىلىپ ياسالغانكى ئەگەر

يەر تەۋرەشــكە ئوخشاش تەبىئى ئاپەتلەر بولمىسا يەنە نەچچە يۈز يىللار بۇزۇلماي تۇرار دەپ ئويلىدىم. شۇ دەۋردىكى بىناكارلىقلارنىڭ تېخنىكــى ۋە تەرەققىياتىغا قاراپ ھەيران بولــدۇم. يەنە بىر چوڭ چىركاۋ (يەنى خىرىستىيان دىنىدىكىلەرنىڭ ئىبادەتخانىسى) بولۇپ، بىزلەرنى شــۇ چىركاۋغا ئېلىپ كىردى. بۇ چىركاۋنى تاتارىســتاننى تەسلىم قىلغاندىن كېيىن رۇس پادىشاھى سالدۇرغان ئىكەن.

دىنغــا يۈزلىنىپ قىلىپ كەلگەن ســاھابىلەرنىڭ ۋە بۇلغاردىكى چوڭ خەلق ســۆيگەن ئىناۋەتلىك كىشــىلەرنىڭ قەبرە تاشلىرىنى ئېلىپ كېلىپ چىركاۋغا پونتامىنت قىلىپ سېلىپ چىقىپتۇ. چىركاۋغا كىرىشــتىكى پەلەمپەيلەرنى شۇ ســاھابىلەرنىڭ قەبرە تاشلىرىنى تىزىپ پەلەمپەي ياســاپ، شــۇ قەبرە تاشلارنى دەسسەپ چىركاۋغا كىرىشــكە توغرا كېلەتتى. پەلەمپەيدىكى تاشــلارنى كىشــىلەرنىڭ كۆرۈشــى ئۈچۈن ئالماســتىن شــۇ پېتى قالدۇرغان ئىكەن. بىزلەر ئۇ تاشــتىكى ئاياقلار ئۈستىدىن دەسسەمەســتىن چەتتىن ئاتلاپ تەسلىكتە ئىچىگە كىردۇق.

ھازىــر بــۇ چىركاۋنــى موزېي قىلىــپ ئۇنىڭ ئىچىــدە بۇلغار دەۋرىدىكى تارىخى ماتېرىياللار ۋە تارىخى رەســىملەرنى ھەم شــۇ دەۋردىكى زىننەت بۇيۇملار، قاچا - قۇمۇشلارغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلــەن بۇلغار ۋاقتىدا ئىشــلەتكەن پۇللــرى دەپ مىس - تۆمۈر تەڭگىلەر ئۈســتىدە بۇلغارنىــڭ بەزى رەســىم ۋە بەلگىلىرى بار. ئاقچىلارنى تىزىپ قويۇپتۇ. يەنە ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يوللارغا قويۇپ چىققان قەبرە تاشلارنى ئېلىپ يۇيۇپ تازىلاپ مۇزېغا قويغان ئىكــەن. ئاپام تاشــلاردىكى خەتلەرنى ئوقــۇپ چىققاندىن كېيىن

بىچــارە خەلقىمىزنىڭ بىشــىغا كەلمىگەن كــۈن قالماپتۇغۇ، دەپ بەكمۇ ئىچىندى.

بىز يەنە سال بىلەن شــۇ بۇلغار شەھىرىنىڭ ئۈستىدە كېسىپ ئۆتۈپ، قاراڭغۇ چۈشــكەندە قايتىپ كەلدۇق. تاتارىستانغا بولغان ســاياھىتىم بەكمۇ ياخشــى بولدى. بىزنى چــوڭ ھۆرمەت بىلەن بەكمۇ ياخشــى قارشــى ئالدى. مەن نۇرغۇن نەرســىلەرنى كۆرۈپ ئاڭلىدىم. ھەممىدىن بۇلغار شــەھىرىنى ســۇ ئاســتىغا قالدۇرۇپ مىليونلىغان گۇناھســىز خەلقنى سۇ باســقىنىدا ئۆلتۈرۈلۈشى ماڭا قاتتىق تەســىر قىلدى. ئىچــىم ياندى. بەكمۇ كۆڭۈلســىز بولدۇم. نېمىدېگەن ۋەھشــىلىك! مەن دۇنيا يۈزىدە بۇنداق ۋەھشى، زالىم ھەرىكەتنىڭ بولغىنىنى ئاڭلاپ كۆرمىگەن ئىدىم. شۇنداقلا بۇنداق ئىش ھېچقانداق يەردە بولمىغاندۇر دەپ ئويلايمەن.

مــەن تاتــار خەلقىمىزنــىڭ دىنىدىن - تىلىدىــن چەكلىنىپ ھوقۇقسىز بەش يۈز يىل ياشاشلىرى ۋە سۈرگۈن قىلىپ يۇرتلىرىدىن قوغلاندى بولۇپ يوقىلىشــى ھەم تاتــار خەلقىنىڭ دۇنياغا ئەمدى كۆز ئېچىپ ئۆســكەن ياش يىگىتلەرنى ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىگە قويۇپ ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىشلىرىنى ئاڭلىغاندا ھەقىقەتەن كۆڭلۈم بەكمۇ يامان بولدى.

تاتارىستان خەلقى شەرقىي تۈركىستان خەلقىدىنمۇ ئېغىر كۈنلەردە ياشــىغىنىنى ھېس قىلدىم. بىزنىڭ خەلقلىرىمىز تاتارىســتاندىكى ھەم شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋە بارلىق تۈركىي مىللەتلىرىمىز نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئېغىر كۈنلەرگــە قالدى. ۋە نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭدىن

قۇتۇلالماي بەش يۈز يىللاپ قۇل ۋە ئەسىر بولۇپ باش كۆتۈرەلمەي مۇستەملىكە ھالدا زۇلۇم ئىچىدە ياشاپ كېلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدىم راستتىن نېمە ئۈچۈن؟

* * * * *

مەن ئىككى دوستنى تۇغقانچىلىقتا باغلىغان بىرىنچى نەۋرىسى بولۇپ دۇنياغا كەلدىم.

مېنىڭ دادام ئىبراھىم خەلىمەنىڭ كىچىك ئوغلى سالىخ ۋەلىيېف. ئاپام ئەخمەت نەجىپ – ساجىدەنىڭ 3 – قىزى فاتىمە. مېنىڭ دۇنياغا كېلىشىم ئۇلارنىڭ دوستلۇقىنى قېرىنداشلىق رىشتى بىلەن باغلاپ تېخىمۇ يېقىن قىلدى.

مەن ئادەتتىكى بالىلارغا ئوخشاش كىچىكىمدىن ھېكايە ئاڭلاشنى ياخشى كۆرەتتىم. ئاتا – ئانام ماڭا كىچىك بالىلار ھېكايىلىرىدىن «تۈلكە بىلەن بۆرە»، «توشقانلار»، «تاش پاقا»، «كېپىنەك قۇرت قوڭغۇز»، «چۈمۈلىلەر» توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى. بىر ئاز چوڭ بولغاندىن كېيىن «قۇرئان تەپسىرلىرىدىن ئوقۇپ، پەيغەمبەرلەر توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى ئاڭلىتاتتى. مەن موماملىڭ يېنىغا كەلگەندە ئۇنىمۇ ھېكايە سۆزلەپ بېرىشكە قىستايتتىم. شۇ ۋاقىتدا موماك ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن كۈنلەرنى سۆزلەپ بېرىپ يىغلاپ كېتەتتى. مەن بەكمۇ قىزىقىپ ئاڭلايتتىم. مەن باشلانغۇچنى تۈگىتىپ تولۇقسىز ئوتتۇرىغا چىققاندا موماك بىر كۈنى ماڭا:

- قىزىم مەن بېشىمدىن ئۆتكەن مۇشۇ كۈنلىرىمنى بىر يېزىپ

قالدۇرغۇم كېلىدۇ. ئوتتۇزغا يېقىن نەۋرىلىرىم ئىچىدە سەن مېنىڭ ھاياتىمنى يېزىپ چىقالايسەن دەپ ئويلىدىم. سەن چوقۇم قىلالايسەن دېدى.

مەن ھەيران بولۇپ يۈزىگە قارىدىم ۋە موما مەن يازغۇچى بولمىسام قانداق يېزىشىم مۇمكىن دېدىم.

مومام، يازغۇچى دېگەننىڭ يوغان ئىككى مۈڭگۈزى يوق، پەقەت سەۋرچانلىق بىلەن ھېسسىياتنى بىلدۈرۈپ يازساڭ بولىدۇ. يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ساڭا ئوخشاش ئادەم سەن يازالايسەن دېدى.

مەن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. مەن يازغۇچى بولالايدىغان ئوخشايمەن دەپ بەكمۇ ھاياجانلاندىم. چۈنكى مەن يازغۇچىلىقنى ياخشى كۆرەتتىم ۋە يازغۇچىلارنى چوڭ بىلىپ ھۆرمەت قىلاتتىم. مەن بالىلىق ئەقلىم بىلەن يازغۇچى بولالايدىغان ئوخشايمەن دەپ كېلەچىكىم ھەققىدە ئۈمىدلەندىم ۋە ئۆزۈمنى بىر بۈيۈك ھېس قىلدىم. مەن يازغۇچى ھەم شائىرلارنى ئالالاھتىن بېرىلگەن تالانت بولۇشى كېرەك، ئادەتتىكى ئادەملەر قىلالمايدۇ دەپ ئويلايتتىم. مەن ئويلىدىم مومام مەندە شۇنداق تالانت بولسا شۇنى سەزدىمىكىن دەپ كۆڭلۈمدە غۇرۇرلىنىش ھېس پەيدا بولدى.

ئەتىسى مەكتەپكە بالدۇر كەلدىم ۋە ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچۇمنى كۈتتۈم. مۇئەللىم كېلىشى بىلەن ئالدىغا باردىم. سالاملاشقاندىن كېيىن مۇئەللىم مەن سىزدىن بىر نەرسە سوراي دېدىم.

- مۇئەللىم ھە سۆزلە دېدى.

مەن مۇئەللىم، مەن يازغۇچى بولالامدىم؟ دەپ سورىدىم.

مۇئەللىم ھېچ ئويلانماستىن.

سىز ھېچ ۋاقىت يازغۇچى بولالمايسىز دېدى.

بۇ سۆز ماڭا شۇنداق ئېغىر كەلدى. بىر كۈنلۈك كۆڭلۈمدىكى ھېسسىياتلىرىم خۇشاللىقىم يوق بولۇپ، كۆڭۈلسىز بولدۇم. توختىماي ئۆزۈمنى تۇتۇپ بەلكى بۇ مۇئەللىممۇ بىر نەرسە بىلىپ دەۋاتقاندۇر. تۇزەتكۈدەك يېرى بولسا ئۆزگەرتكىلى بولار، مەنمۇ تىرىشارمەن دەپ ئويلاپ مۇئەللىمدىن:

- نېمىشقا مەن يازغۇچى بولالمايمەن؟! دەپ سورىدىم. مۇئەللىم مېنىڭ مىللىي غۇرۇرۇمنى كەمسىتىش بىلەن مېنى چۈشۈرۈپ، خىجالەت بولماستىن سىز تاتار، سىز يازغۇچى بولالمايسىز، دېدى.

مەن شۇنداق كۆڭۈلسىز بولدۇم. بۇرۇلۇپ سىنىپقا كەتتىم. كۆپ ئويلاندىم. نېمە ئۈچۈن تاتارلار يازغۇچى بولالمايدۇ. تاتارلاردىمۇ يازغۇچى ھەم داڭلىق شائىرلارمۇ كۆپ بولغان دەپ كۆڭلۈمدىكى ھەۋەسلىرىمنىڭ ھەممىسىنى يوقاتتىم.

شۇ ئەدەبىيات مۇئەللىمىمىز دەرس ئۈستىدە ئوقۇغۇچىلارغا «تاتارلار خائىن – ساتقۇن مىللەت، ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىدا تاتار مىللىتى گېرمانلارغا سېتىلىپ سوۋېت ھۆكۈمىتىگە خائىنلىق قىلدى»، دېدى. پۈتۈن ئوقۇغۇچىلار «دور» قىلىپ بۇرۇلۇپ ماڭا قارىدى. شۇ مىنۇتتا مېنىڭ كۆڭلۈمنىڭ قانچىلىك خارلىنىپ چۈشكۈنلۈككە ئۇچرىغىنىمنى ئېيتىپ ئاڭلىتالمايمەن.

ئـــۇ مۇئەللىم گېرمان ئۇرۇشـــىدىن كېيىن چىققـــان كىتابلارنى ئوقۇپ شۇنىڭ تەسىرى بىلەن سۆزلىسە كېرەك. لېكىن بىر مىللەتنى خائىن – ساتقۇن دېيىش مۇمكىنمۇ؟!

ھازىر پۇتۇن مۇســۇلمانلارنى تېرروريستلار دەپ قارىغاندەك ئۇ ۋاقىتىدىمۇ قىرىم تۇپرىقىنى بوشىتىش ئۈچۈن ئىشلەنگەن ئامال ھەم تۆھمەت ئىدى. گېرمان ئۇرۇشـــىدا ئەڭ ئېغىــر زۇلۇمغا ئۇچرىغان، يامان كۈندە قالغان خەلق قىرىم تاتارلىرى ئىدى.

گېرمان ئەسىرگە ئېلىپ كەتكەن ئىككى مىليون قىرىم تاتارلىرى بىلەن ســوۋېتتىكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ھەممىســى گېرمانىيىدە زۇلۇمغا ئۇچراپ ۋەيــران بولۇپ تۈگىدى. ئۇلار باتۇر ئادەملەر، مەن ئــۇلار بىلەن غۇرۇرلىنىمــەن. بىر مىللەتنى پۈتۈنلــەي قارىلاپ ۋە بىر مىللەتنى يوقالسۇن دەپ شــوئار توۋلاش ئۇ بىر ناچار نادانلىق ئىللەتتۇر.

مەن مومامغا «مەن چوڭ بولۇپ ئوقۇشۇمنى تۈگەتكەندىن كېيىن چوقۇم ســىزنىڭ ھاياتىڭىزنى كىتاب قىلىپ يېزىپ چىقىمەن» دەپ مومامنىڭ كۆڭلىنى ياســاپ دېگەن ئىدىم. بىرەر يازغۇچىغا ئېيتىپ يازدۇرارمەن دەپ ئويلىغان ئىدىم.

مەن مومامنىڭ ماڭا ئۈمىد باغلاپ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئەسلەپ قىسقا بولسىمۇ بۇ كىتابنى يازدىم.

مومامنىڭ تارىخىنى موماmدىن ئاڭلىغان بويىچە يازدىم. ھەربىر ۋەقە موماmنىڭ ھەم دادام – ئاپاملارنىڭ ھاياتىدىكى كەچۈرمىشلەر بولۇپ، بۇنىڭدىكى يىللار ۋە بارلىق ئىســمىلەر ئۆز ئەينى يېزىلدى.

بۇ كىتابنى يېزىپ بولغۇچە ئەزىز ئاپام دۇنيادىن ئۆتتى. شۇڭلاشـقا كۆپ نەرسـىلەرنى سورىۋالالمىدىم ھەم ئۆزۈمنىڭ بالىلىق ۋاقتىمنى ئەسلەپ ئۆتتۈم. 1990 – يىلىدىكى دوستلار بىلەن ئۇچرىشىشتىكى ھەممە نەرسە ئەنە شۇ دوستلارنىڭ كۆرگەن – ئاڭلىغانلىرى بويىچە سۆھبەت ئۈستىدىن ئېلىپ يېزىلدى. ئۇلارنىڭ ھاياتىغا ئېغىرچىلىق كەلمىسۇن دەپ ئويلاپ ئىسىملىرىنى ئۆزگەرتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىلەن ھېچقانداق ئالاقە قىلىپ خەۋەرلىشەلمىدىم.

مومامغا بەرگەن ۋەدەم بويىچە بۇ كىتابنى يازدىم. كەمچىلىك - خاتالىقلار بولسا ماڭا كۆرسـىتىپ بەرسىڭىزلەر، مەن خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالىمەن.